# تارىم

7


1988

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «قارامايلىقلار» فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسىدىن تاللانمىلار







# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

# TARIM

1

1988

38-يىل نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«قاناداق يېزىشنىڭ قائىدىسى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. ئىجادىيەت ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. بىر ئادەم باشقا بىر كىشىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتەلمەيدۇ. ھەرقانداق ئەدىب مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تېپىپ مېڭىشى لازىم.

ئېپىتون سىنگىر

كىتابخانىلار يازغۇچىلاردىن ئادەملەرنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنى ئۆزلىرىدىنمۇ چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە يازغۇچىلاردا رېنتگېن نۇرىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر جۈپ كۆزنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئىليا ئېرىنبورگ

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.



مەتتىمىن ھوشۇر



ھېكايە

1

كېچىدە يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى
دۆڭدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوتنى ھەم-
مە ئادەم كۆردى. دەسلەپتە شامال تو-
قەپ كۆيگەن بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى ئې-
لىشىپ كەلگەندەك قىلىشىدى. ئارقىدىنلا
ھەيۋەتلىك يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى
يورۇتىۋەتتى. قورقۇنچاق چوشكەن ئادەم-
لەر چۇۋۇلدىشىپ كوچىغا چىقىشتى. دەھشەت-
كە چۆشكەن ئاياللار چىرقىرىشىپ كېتىشتى.
— ھوي خوتۇنلار، نېمىگە ۋارقىرى-
شىسەن؟ ئاناڭ ئۆلۈۋاتقىنى يوق، ھېلى
توختىكىنىڭ ئۆيى كۆيۈۋاتىدۇ، توخ-
تىكىنىڭ! ...
... يوقىرىدىن ئاتلىق چېپىپ كەلگەن
بىرسى ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ، يولنىڭ
ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ توختىنىڭ ئۆيى
كۆيۈۋېتىپتۇ!
توختىنىڭ ئۆيى!؟
— ئەجەبمۇ ئۆيىتى دە...
— ۋاي بىچارە، قانچە جاپالار بىلەن
سېلىۋىدى ـ ھە!
— قانداق بولۇپ ئوت كەتكەندۇ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

2

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن، توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيىگە گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى باستۇرۇپ كەلگەنىدى، ئۇلار هويلىدا تۇرۇپ ۋارقىراشتى:

— توختەك! هاي توختەك! ...

توختى پېشايۋانغا چىقمىشىغىلا ئۇنى يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇرۇپ كېتىشتى. توختىنىڭ ئۇلارنىڭ هەر بىرىگە تېتىغۇچىلىكى بار ئىدى، لېكىن ئۇ قول ياندۇرمىدى. ئۇلارنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ ئاتقان مۇشتىغا ئۆرۈلۈپمۇ چۈشمىدى. ئۇلار ئادەمگە ئەمەس، ئازاب ۋە ئاغرىق هېس قىلمايدىغان تۈۋرۈككە مۇشت ئېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى - دە، نېمىشقىدۇ ئۆزلىرىمۇ توختاپ قېلىشتى. توختىنىڭ يېرىلغان قاپىقىدىن ئاققان قان مەڭزىنى بويلاپ كۆينىكىگە ئېقىۋاتاتتى.

— توۋى ... ئىت، يوقال بۇ يەردىن!

— ئۆزۈڭچە بىزنى ساڭا قىز بېرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟!

— نەدىن كەلگەن بولساڭ خوتۇنىڭمۇ شۇ يەردىن ئال!

— مۇشۇ سالغان سارايلىرىڭغا شۇنچە كۆرەڭلەپ كەتتىڭما؟ بۇ نېمەك ...

توختى ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. غۇۋا ئۇپۇققا تۇپلانغان بۇلۇتلار ئۈستىدە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى، ئاسماندا ئايمۇ پەيدا بولغانىدى. لېكىن توختىنىڭ كۆز ئالدىدىن باشقا بىر مەنزىرىلەر ئۆتەتتى.

ئەنە، جەنۇبنىڭ تاشلىق يوللىرى... ئۇ ئوغرىلىقچە چۈشۈۋالغان هېلىقى ماشىنا ... ئاقسۇ بازىرىدا ئاچ يۈرگەن كۈنلەر... ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن ئاتىدارچىلىق قىلغان مېهرىبان ئاشپەز ... ئۇ قانداق قىلىپ شۇنچە كەڭ جاهاننىڭ ئاشۇ بىر چېتىدىن مۇشۇ كىچىككىنە يېزىغا كېلىپ توختاپ قېلىۋېدىكىنە!؟... ئۇ هاياتلىق، ياخشى تۇرمۇش، خۇشاللىق ئىزدىگەنىدى ...

توختى ئېسىنى يىققاندا گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى هويلىدىن چىقىپ كېتىشكەنىدى. توختى ئىچ - ئىچىدىن بېسىپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى تەستە توختىتىۋالدى. خورلۇق ئۇنى ئازابلايتتى، يۈرىكىدە بىر ئوت يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ غەزەپمۇ، پۇشايمانمۇ، هەسرەتمۇ ياكى ۋىجداننىڭ قىساس ئېلىشقا ئۈندىشىمۇ؟ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

تېخى ئالدىنقى كۈنى كەچتىلا توختى گۈلشەن بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشكەنىدى.

— كېتىڭ، كېتىڭ! — دېگەنىدى قىز ئۇنىڭغا تىترەپ تۇرۇپ، — يىراقلارغا كېتىڭ ... ئاكىلىرىمنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ئۇلار سىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. هېچبولمىغاندا، بىرنەچچە ئاي كۆزدىن يىراقراق تۇرۇپ تۇرۇڭ...

— گۈلشەن، مەن سىزنى تاشلاپ هېچيەرگە كەتمەيمەن. يۈرۈڭ، كەتسەك هازىرلا بىللە كېتەيلى. نېمىدەپ ۋەدىلەشكەنتۇق؟... سىزنى ئۇلار باشقا بىرسىگە زورلاپ بېرىۋېتىدۇ...

— قورقىمەن. مەهەللىگە ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كەلمەمدىم؟ ئاكىلىرىمنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟...

ئۈنۈگۈندىن باشلاپ ئاكىلىرى گۈل-

شەلنىنى ئامبار ئۆيگە سولاپ قويۇشتى. ئىشىكتە داتلىشىپ كەتكەن، يېرىم سائەت ھەپىلەشمىگۈچە ئاچقىلى بولمايدىغان يوغان قارا قۇلۇپ پولاڭلاپ تۇراتتى.

توختى شولارنى ئويلاپ تىت - تىت بولدى. ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئالدى - كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى ... تۈنجى قېتىم ئۇنى سۆيۈپ شالپەردەك قىزىرىپ قېچىپ كەتكەن، يوشۇرۇن كۆز بېقىشلارنى ئاتا قىلغان، ئايدىڭ كېچىلەردىكى پىچىرلاشلاردا بىللە بولغان ۋاپادار قىز بۈگۈنكى مەيۈس، قورقۇنچاق گۈلشەنگە زادىلا ئوخشىمايتتى ... توختى ئاسماننىڭ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن، ئىنسان قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان جىمى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىدىن قورقمايتتى. پەقەت «گۈلشەن ئاجىزلىق قىلارمۇ؟ ۋەدىسىدىن يېنىۋالارمۇ؟ ...» دېگەن ئەندىشىلەرلا ئۇنى ئۈمىدسىزلىككە سالاتتى.

3

دۆڭلۈكتە كۆيۈۋاتقان بۇ ئوت تىللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ قاراڭغۇلۇقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالمايتتى. بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان يالقۇن ئۆز ئەتراپىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن بولۇپ، يىراق ئېگىزلىقلارمۇ ساغۇچ شولىغا كۆمۈلگەنىدى؛ ئاسماندىكى تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ خىرەلىشىپ ئۆچۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەرلەر دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. كىيىنىگدۇ بوشاپ كەتكەن كالىسى بىلەن بىرنەچچە ئىت يورۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. باللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، ئاياللارنىڭ چۇۋۇلداشلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى.

— بۇ ھەقىچان ھېلىقى ئوچ لوكچەكنىڭ قىلغان ئىشى.

ئوتتۇرا ياش بىر ئايال كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بۇ گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ياشانغان ئايال ھەيران بولۇپ سورىدى:

— قايسى ئوچىنى دەيسەن، سىڭلىم؟

— قايسى بولاتتى، ھېلىقى ئاۋۇت، ساۋۇت ... يەنە بىزنىڭ ئېتى نېمىدى، خۇدايىم! ... ھە، داۋۇت، شۇ خەقنىڭ ئىشى بولمامدۇ.

— تۇۋا، بىر ئادەمنى شۇنچىمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟!

— مۇساپىر بولسىمۇ ئادەم - دە، ئۇ!

— سىڭلىڭنى بەرمىسەڭ بەرمە، ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكىنىڭ نېمىنىسى؟!

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئەرخەقلەر، ئۆيىنىڭ كۆيۈپ ھېچنېمىسى قالماپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

— ھېلىقى ئوچىنىمۇ ساقچىلار ئىزدەپ يۈرگۈدەك...

شۇ چاغدا يولدا مەھەللە ئىمامىنىڭ ئېگىز، سۆلەتلىك گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئاياللار ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى.

— ھەي مەزلۇملار، — دېدى ئىمام ھاسىسىنى ئىككى قوللاپ ئالدىغا تىرەپ، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ، — ئۇقمىغاندىن كېيىن، ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلۈۋەرمەڭلار. ئۆينى توختىنىڭ ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتتى.

خوتۇنلار ئىمامنى ئورۇۋېلىشتى.

— نېمە دەيدىغاندىلا، ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئۆزى ئوت قويۇۋېتەمدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— قازايى تىلەيدىر... — دېدى ئىمام بىر توپ مېكيانلارنىڭ ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان خورازدەك گەۋدىسىنى رۇسلاپ، — توختى بايامىلا مېنىڭ قېشىمغا كىرىپتىكەن... ئۆزۈممۇ ئەمدىلا خۇپتەندىن يېنىپ تۇراتتىم، دەرۋازىنى بىرسى شاراقشىتقاندەك قىلىپ قالدى. «كىمكىن، چىقىپ بېقىڭلارچۇ» دەپ بالىلارنى چىقىرىۋېدىم، توختىنى باشلاپ كىرىشتى. قارىسام، چىرايى ئۆمىسەلا. «ھە، نېمە گەپ؟» — دېۋېدىم، بوسۇغىدا تۇرۇپلا سۆزلەپ كەتتى. گۈلشەننىڭ ھېلىقى بىغەرەز ئاكىلىرى ئۇنى قاتتىق رەنجىتكەن ئوخشايدۇ. ئۇرۇپ باش-كۆزىنى ئىششىتىۋېتىپتۇ. توختى مەندىن: «ئىمام دادا، بىرسىنگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشمۇ گۇناھمۇ؟» — دەپ سورىدى. مەن: «يوقسۇ ئوغلۇم، ئاشىقلىق ئۆتىنىمۇ خۇدا سالىدۇ» — دېدىم. ئۇ: «مېنىڭ مۇشۇ يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قېلىشىممۇ گۇناھمۇ؟» — دەپ سورىدى. مەن: «ياراتقان ئىگەم كىمنىڭ رىسقىنى نەگە چاچقان بولسا، شۇ يەردىن رىسقىنى تېپىپ يەيدۇ» — دەپ جاۋاب قىلدىم. توختى يىغلىۋەتتى. «خۇدا گۈلشەننىڭ ئوتىنى يۈرىكىمگە ساپتىكەن. مۇشۇ مەھەللىنى ئەگىپ كېتەلمىدىم. تىرىشتىم-تىرماشتىم، پۇل تاپتىم، شۇنچە چىرايلىق ئۆيلەرنى ياساتتىم. يولىنى قىلىپ قىزغا ئەلچىلەرنى كىرگۈزدۈم... نېمە گۇناھىمىز بارلىقىنى ئۇقمايمەن، مانا خەۋەرلىرى باردۇ؟ گۈلشەننى قاماپ قويۇشتى. مېنى ئۇرۇپ قىلمىغان ھاقارىتى قالمىدى... ئىمام دادا، ئاڭلاپ قويسىلا، تاقىتىم چېكىگە يەتتى، جامائەت، توختىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، دەپ قالمىسۇن. مۇشۇ مەھەللىدىن زادى كەتسەملا بولامدۇ؟ كېتىمەن، ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىپ كېتىمەن. قالغان ئىشنى خۇداغا قويدۇم...» دېدى. يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېگەندەك قىلىۋېدى، ئېسىمدە يوق. ئۇ چىقىپ كەتتى. كۆزلىرى بىر قىسىملا. ھەي مۇشۇ بالا ئەقلىدىن ئېزىپ قالمىغىيدى، دېگەن بىر شەك كۆڭلۈمدىن كەچتى. كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ. دېگەندەك ئاز ئۆتمەيلا «ۋاي ئوت كەتتى!» دېگەن چۇقاننى ئاڭلىدىم.

— تووۋا! — دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى ئايالار، — توختى ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويۇۋېتىپتۇ.

— توختى ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ مەھەللىدىن كېتىپتۇ...

— توختى ساراڭ بوپتۇ!...

بۇ گەپ قۇلاقتىن-قۇلاققا تېزلا تارىدى. كۆپچىلىك توختىغا كەلگەن پاجىئەگە ئېچىنىشتى. لېكىن، بەش بارماق تەڭ بولمايدۇ، بىر توپ دەرەختىن بىر-بىرىگە ئوپمۇ-ئوخشاش ئىككى تال يوپۇرماقنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. توختىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنگە مەھەللىدىكى ئايرىم كىشىلەر خۇشالمۇ ئىدى.

— خوي ئوبدان بولدى، — دېيىشتى ئۇلار، — يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى، دەپ سەن توختەككە ئۇنچىۋالا ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى سېلىشنى كىم قويدى.

— ئۇنىڭ بۇ توت تام ئىچىدە

ئولتۇرغۇدەك ئورۇق- ئەۋلاد، خوتۇن،
بالا- چاقىسى بولسىمۇ كاشكى ...
راست ئۇنىڭ، ھېچنېمىسى يوق.
توختى بۇ مەھەللىدە پەيدا بولغاندا تې-
خى 15 - 16 ياشلاردىكى بالا ئىدى، ئۇ-
نى كوچىدىن چاقىرىپ ئەكىرىپ، تۇنجى
قېتىم ئىسسىق چاي بەرگەن كىشى —
ئەترەتنىڭ ماخۇسىغا قارايدىغان مەرۇپ
بوۋاي بولدى. بوۋاي قولىقى يۇمشاق،
ئاپىقى ئىنتىك، چىرايى ئىللىق بۇ با-
لىغا ئامراق بولۇپ قالدى. بالا بوۋايغا
ياردەملىشىپ بېدە توغرايتتى، ئاتلارغا
يەم بېرەتتى، ھارۋا قاتاتتى؛ كېچىلىرى
ماخۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە ئۆيدە
ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇخلايتتى.
— مەرۇپكا، ئەجەب ئوبدان ئوغۇل-
دىن بىرنى تېپىۋاپسەنا؟ — دېيىشەتتى
ھارۋىكەشلەر.
— ھە، خۇدايىم بەردى، — دەيتتى
بوۋاي توختىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.
مەرۇپكا ياشلىقىدا ھارۋىكەشلىك قى-
لىپ يۇرت كەزگەن، كۆپنى كۆرگەن ئادەم
بولغاچقا بۇ مۇساپىر بالىنىڭ قەلبىنىڭ چوشى-
نەتتى، ماخۇ ھارۋىكەشلەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭىدىن
خالىي بولۇپ قالغان بەزى كۈنلىرى ئۇ
قوزۇقتىكى ھېچقانداق نەقىشسىز، سىدامىلا
ياسالغان دۇتتىرىنى ئېلىپ، كونا پەدىلەر-
گە چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى.
— مانا، ماۋۇ ئېيتقىنىم «لەيلۇن»،
ئەمدى ئاڭلايدىغىنىڭ «خانلەيلۇن»، —
دەپ چۈشەندۈرەتتى بوۋاي بالىغا.
توختى بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىسا
مۇڭلىناتتى، ئېگىكىنى ئىككى ئالىقىنى
يىلەن تىرەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كېتەتتى.
لېكىن ئۇ قايسى «لەيلۇن»، قايسى «خان-
لەيلۇن» زادىلا ئايرىيالمايتتى. ئۇنىڭغا
بۇ ناخشىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر
ئاھاڭدا ئېيتىلىۋاتقاندەك، پاكى بىرى يە-
نە بىرسىنىڭ داۋامىدەك ئاڭلىناتتى.
— ھەي- ي... ئوغلۇم! — دەپ دۇتا-
رىنى توختىتاتتى مەرۇپكام بەزىدە، —
مانا بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ بالا- چاقام،
ئۆي- ماكانىم بولىدىغان، تەقدىر ھەممى-
دىن ئايرىپ، ئاخىرىدا مەن قېرىنى تس-
كەندەك يالغۇزلا قويدى... بۇنىڭغىمۇ
شۈكرى! قارا، خۇدايىمنىڭ يەنە سېنى
ماڭا يەتكۈزۈپ، ھەمراھ قىلىپ قويغىنى-
نى... — دەيتتى.
بالا بوۋاينىڭ سۆزىدىن رازى بو-
لۇپ كۈلۈپ قويياتتى. بوۋاي:
— ئۇنداق ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرما، يامان
بولىدۇ. يەنە بىر كۈلۈۋەتكىنە... ھە ما-
نا، تېخى بەختىڭ ئالدىڭدا بالام... —
دەيتتى.
ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ مېھرىبان
ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى. بوۋاينىڭ بىر
پارچە كىگىز، كونا يوتقان- كۆرپە ۋە ھې-
لىقى كىچىككىنە ھۇجرىسى بىلەن دۇتا-
رى توختىغا قالدى. توختىمۇ بۇ چاغدا
قاۋۇل، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغانى-
دى، ئەترەتتە كىملا ئىشقا بۇيرۇسا ئۇ
«ياق» دېمەي يۈگۈرەيتتى.
— توختى، ئاتلارنى بېقىپ كەل.
— توختى، ھارۋا قات.
— توختى، بالام، تۆگمەنگە ئۆگۈت
ئاپىرىشىپ بەرسەڭ.
— توختى، ئازراق كېسەكچىلەر بولار
ئىدى، تۆكۈشۈپ بەرسەڭ.
— توختى، پالانچىنىڭ توي ئىشى
بارىكەن، يۈگۈر- يېتىم قىلغىن. ھە- ھو دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



يىشۇەت!...

ۋاي-ۋۇي! بۇ مەھەللىدە توختى قىلمىغان ئىش قالغانمۇ دەيسىلەر؟ ئۇ ھېچكىمدىن ئۇشۇقچە ھەق تەلەپ قىلمايتتى. قولىغا بىر نەرسە بەرمەي، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسا شۇنىڭغىمۇ رەھمەت دەيتتى. ئېھتىمال پەلەك شۇندىقىسىغا چۆرگىلەۋېرىپ، توختىنىڭ كۈنىمۇ ئاشۇ مەدىكارچىلىقتىن نېرى بارمىغان بولسا بۇگۈنكى پاجىئەلەر بولماسمىدىكىن. ئەمما، شۇ ئارىدا كىشىلەر ئويلىمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ قالدى. ئەترەتنىڭ يەرلىرى ئەزالارغا كۆتۈرە بېرىلدى.

ماخودىكى ئات-ھارۋىلار تەقسىم قىلىنىۋاتقاندا، توختى نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەندەك بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئەترەت باشلىقى سايىمنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى.

— ھوي ئاغىنىلەر! — دېدى ئۇ، — مۇنۇ توختاخۇنغىمۇ بىر نېمە بېرەرمىز؟

— توختىغا نېمىدىن بېرىمىز، ئۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسى بولمىسا؟!

توغرا، توختى بۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمى بۇ يەرنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىمۇ يوق.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى سايىم، — مەرۇپكام رەھمەتلىك مۇشۇ ماخوغا يىگىرمە نەچچە يىل قارىغانتى، توختىنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. شۇ بوۋاينىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئاۋۇ كونا ئۆكۈز ھارۋىنى بەرمەيلىمۇ؟

— بوپتۇلا، — دېيىشتى يەنە بىر نەچچەيلەن، — توختىمۇ مەھەللىمىزنىڭ ئۆز بالىسىدەك بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭغىمۇ بىر تىرىكچىلىك لازىم-دە!

— ھاي توختاخۇن، قېنى سەن؟... ماڭ، بويىنۇڭنى قىسىپ تۇرماي ئاۋۇ ھارۋىنىڭ قېشىغا بار.

توختى ماخونىڭ چۆلدەرەپ قالغان يوغان ھويلىسىدا غېرىپسىنىپ تۇرغان ھېلىقى ئۆكۈز ھارۋىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىككى كۈن خىيال سۈردى: ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟... بۇ كېلەڭسىز ھارۋىغا قاتىدىغان ئۆكۈز قېنى، ئۇ ئۆكۈزنى سېتىۋالىدىغان پۇل نەدە تۇرۇپتۇ؟...

بىرەيلەننىڭ:

— توختى ئۇكام، ئولتۇرۇشىڭ ئىسسىقتىنمۇ، سوغۇقتىنمۇ؟ — دېگەن ئاۋازى توختىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەترەتنىڭ ھارۋىكىشى قادىرنى كۆردى. ئىلگىرى بۇ ئادەم كۆپىرەك مۇشۇ ئۆكۈز ھارۋىنى ھەيدەيتتى. قادىر ھارۋىكەش بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ ئالقىنىغا ئۇرۇپ-ئۇرۇپ قويۇپ يەنە كىيدى-دە، يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ موخۇركا يۆگىگەچ توختىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، — ئاپتاپ ئېزىپ قويىۋۇاتامدۇ ئۇكا، يا يۈرتۈڭ ئېسىڭگە چۈشۈپ قىلىۋاتامدۇ؟

— خىيال ئاكا، خىيال...

— ياش تۇرۇپ ساڭا نېمە خىيال. قارا، بىنەمنىڭ قارلىرى كېتەي دەپ قاپتۇ. بۇدا يەنە بىر بوران چىقسا قارغۇجىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. قىش كەتتى دېگەن شۇ... خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا...

— سىلەرغۇ كۆتۈرە ئالغان يېرىڭلارنى تېرارسىلەر، مەن بۇ قۇرۇق ھارۋا بىلەن نېمە ئىش قىلارمەن؟

— راست ئېيتتىڭ، بۇنىڭ ئۆكۈزىنى ماڭا تەقسىم قىلىپ، ھارۋىسىنى ساڭا بەرگىنىنى دېمەمسەن... مۇنداق قىلىملى ئوكا، يە سەن ماڭا ھارۋاڭنى بەر، يە مەن ساڭا ئۆكۈزنى ئۆتۈنەي.

— ئۇنداق قىلمايلى.

— قېنى، سەنمۇ ئالتە شەھەرلىك ئوغۇل بالىغۇ، تۆت ئوشۇق تېپىپ كېلەي «دەتتىكام!» لا دېيىشىۋېتىمىزمۇ - يە؟!

— ئۇنداقمۇ قىلمايلى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ قورسىقىڭدىكى گېپىڭنى بىر دەپباقىنە.

— ئۆكۈز ھارۋىنى ھويلىڭىزدا بىكار ياتقان ئېشەك ھارۋىغا تېگىشەيلى.

— ئېشەك ھارۋىغا؟! — قادىر دوپپىسىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ گەدىنىنى تاتىلىدى، — ئۇنىڭدا كىم زىيان تارتار، سەنمۇ، مەنمۇ؟...

— پايدا - زىيىنىنى ھېسابلىشىپ نەگە بارىمىز؟ سىزنىڭمۇ ئۆكۈزىڭىز بىكار ياتمىسۇن، مەنمۇ ئېشەك ھارۋا بىلەن چامىم يەتكۈچە مىندىراپ بىر نېمە قىلىپ باقاي. ئۇزۇن - قىسقا يېرى بولسا كېيىن تەگىشىۋالمايمىزمۇ.

— بوپتۇ، چىدىغانغا چىقارغان، ئەكەل قولۇڭنى...

قادىر ئېشەك ھارۋىسىنى ئېشىكى بىلەنلا بېرىۋەتتى. توختى يەنە ئۆتنە - يېرىم قىلىپ يوغان تۆگىدىن ئىككىنى سېتىۋالدى. زامان - زامانلاردىن تارتىپ بۇ يىراق يېزىدىن ھېچكىم شەھەرگە سۈت ئەكىرىپ سېتىپ باقمىغانىدى. توختى مۇشۇ ئىشقا بەل باغلىدى. دەسلەپتە، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ سۈت يىغدى. كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئۆزى يېڭى سېغىۋېلىنغان سۈتلەرنى ماخوغا ئەكىلىپ توختىغا ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

توختى باشقا يېزىلارنىڭ سۈتچىلىرىدىن بىر - ئىككى سائەت ئىلگىرىرەك ئۇيقۇسىنى ئاچاتتى - دە، سۈتنى بېسىپ «خۇدا!» دەپ يولغا چۈشەتتى. شەھەرگە قاراپ سوزۇلغان يول مەھەللىدىن چىقىپ يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، دەريا ياقىلاپ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەھەرچى تورغايلار چۇرۇقلىشاتتى. دەريا ئوتتۇرىسىدىكى تاللىقلاردا بېلىقچىلارنىڭ كەپىلىرى كۆرۈنەتتى. دەريا دولقۇنلىرىدا ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جۇلالىناتتى... توختى ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى مەرۇپ بوۋاي ئېيتقان لەيلۇنغىمۇ، خانلەيلۇنغىمۇ ئوخشىمايتتى. ناخشىنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئۇدۇل كەلگەن بېيىتلارنى سېلىپ ئېيتىۋېرەتتى. لېكىن، كۆز ئالدىغا بولسا ماخونىڭ ئارقا تېمى يېنىدا ئۆسكەن يوغان بىر تۈپ ئۈجمە كېلەتتى... توختى تۇنجى قېتىم — ئۈجمە تازا پىشىپ تۆكۈلمە بولغان چاغدا گۈلشەننى ئەنە شۇ ئۈجمە تۈۋىدە ئۇچراتقانىدى. ئۇ چاغدا توختى ئۈجمە ئۈستىدە بولۇپ، تۆۋەنگە بىر توپ قىزلار ئولاشقانىدى. ئۇلار: «توختىكا، ئېغىتىپ بېرىڭا، ئېغىتىپ بېرىڭا!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. يوپۇرماقلارنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۇلارنىڭ يۈزىدە چىمىلدايتتى. گۈلشەن بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ، ئاپتاپ چاققان كۆزلىرىنى سەل قىسىپ، توختىغا قىزىقسىنىپ قارايتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېيىن بۇ قىزنى توختى كۆل بويىدا پات-پات ئۇچرىتىدىغان بولدى. بۇ كۆلنى دېھقانلار مال سۇغىرىش ئۈچۈن ياسىغانىدى. يۇقىرىدىكى كىچىك بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلار شۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ توپلىناتتى. توختى ئاخشىمى-ئەتىسى بۇ يەرگە ئاتلارنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىقاتتى. بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ يانغان قىزلار كۆل بويىدىن ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىدىن ھۈركىگەن ئاتلار سۇ ئىچىشتىن توختاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ كىشنىشەتتى. گۈلشەننىڭ شولىسى كۆل سۈيىگە چۈشكەندە نازۇك تەۋرىنىپ، توختىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. نېمشقىدۇر ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرگەندە تەڭلا قىزىرىشاتتى. قىزنىڭ كۆزىدە خەتەرگە يولۇققان توشقاننىڭ كۆزىدىكى ھوشيارلىق، ھۈركىگەن كېيىكنىڭ كۆزىدىكى ھىتقاش، قوزىسىنى يالاۋاتقان قوينىڭ كۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى... ھازىر گۈلشەن بويىغا يېتىپ، يېزا بويىچە ئەڭ گۈزەل ساھىبجامالغا ئايلانغانىدى. بىراق، ئەمدى ئۇنى ئاكىلىرى تالا-تۈزلەرگە چىقارمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ توختى بىلەن قىزنىڭ ۋەدىلەشكەن چاغلىرى، خۇپىيانە ئۇچرىشىدىغان ئورۇنلىرى بار ئىدى... شۇلارنى ئويلىغاندا توختى ئۆز-ئۆزىگە كۈلۈمسىرەيتتى-دە، ناخشىسىنى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئېيتىپ، ئېشەكنى جىدەللەپ ھەيدەيتتى. قىش كۈنلىرى دەريا ساھىلى تۇمانلىنىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە توختى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بۇلۇتلار ئىچىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گويا ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرايدىغاندەك قىلاتتى... شۇنداق، ئۇنىڭ يېتىشكە ئالدىرايدىغان مەنزىللىرى ئازمۇ دەيسىلەر؟! ئۇ پۇلنى كۆپرەك تېپىپ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرايتتى، گۈلشەن ئۈچۈن گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا، چىرايلىق سارايلارنى سالدۇرۇپ، قىزنى بالدۇرراق ئېلىپ كېلىشكە ئالدىرايتتى...

توختى ئىككى يىل سۈت سېتىپلا پۇللۇق بولۇپ قالدى.

بۇ يېزىدا ئەتىدىن-كەچكىچە چوڭ يول ئۈستىدىكى ماگىزىننىڭ تېمىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر نەچچەيلەن بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئەتىيازدا يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، كۈزدە ئورۇۋېلىشتىن باشقىسى ئىش ھېسابلانمايتتى. ئۇلار مۇشۇ مەھەللىدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ يىراقلارغا بارمىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشەتتى. ئۇلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئەڭ چىرايلىق يەرمۇ مۇشۇ يېزا، ئەڭ گۈزەل ئاسمانمۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاسمىنى ئىدى. ئېلىم-سېتىم ئىشىنى «ئالدامچىلىق» دەپ قارايتتى، سىرتلارغا ئىش-ئوقەت ئىزدەپ چىقىشنى «قەلەندەرچىلىك» دەپ بىلىشەتتى... تامغا سۈركىشىپ ئولتۇرۇۋەرگەچكە ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ چاپىنىنىڭ دۈمبىسى يىرتىلاتتى. خوشى تۇتقان بىرسىنىڭ كېزىت قەغىزىگە قوپال قىلىپ يۆگىگەن تاماكىسىنى «ئەكەلگىنە بىر-ئىككى شورىۋالاي!» دېيىشىپ قولدىن-قولغا ئېلىپ چېكىشەتتى. بەزىدە ئۇلار داق يەردىلا ئولتۇرۇشۇپ، ئالدىدىكى شىمشىكە شاكاللىرىنى پۈلەۋېتىپ، ئۈچ بۇرجەك سىزىق سىزىپ بۆرە قاتار ئوينىشاتتى. ئىشتى-

نىڭ كەينى يىرتىلىپ كەتسە ئەدىيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ «يامىغۇتىپ ئاكا» دەپ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا دوملا يېتىپ بېرەتتى... توختىنىڭ ھال-ئەھۋالىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنى، دەسلەپتە ئەنە شۇلار بايقىغاندەك بولدى:

— قاراڭلاروي، ماۋۇ كارامەتنى! — دېيىشتى ئۇلار بىر كۈنى بىر-بىرىنى نوقۇشۇپ، — توختى كاستۇم كىيىپتۇ!

توختى يېپيېڭى كاستۇمىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ، شەھەر تەرەپتىن پەرۋايى پەلەك چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ قاترىشىغا تەڭكەش بولۇپ، ھارۋىدىكى قۇرۇق تۇڭلار رىتىملىق داراڭلايتتى.

— كاستۇم كىيىپ ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىدى، دېگەن گەپ ئېغىزلىغا زەدسۇئال تارتقاندەك بىر ئىشتە. —

— توختەك كاستۇم كىيگەن بولسا، كاستۇم دېگىنىڭمۇ تايىنلىق نېمىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاستۇم تىكتۈرۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئەمدى ئۇنداق نېمىنى كىيىشتىنمۇ رايى قايىتتى.

لېكىن، ئىش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئاز ئۆتمەي توختى مەھەللە بويىچە بىرىنچى بولۇپ تېلېۋىزور سېتىۋالدى. ياز كۈنلىرى ئۇ تېلېۋىزورنى ھويلىغا قارىتىپ، كىچىك ھوجرىسىنىڭ دېرىزىسىگىلا قويۇپ قوياتتى. كەچكە يېقىن ئۇششاق-چوڭ، قېرى-ياش بىر توپ ئادەم كىچىك بەندىڭلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ماخوغا يۈگۈرۈشەتتى. پەقەت ئاز ۋاقىتتىن كېيىن توختىنىڭ ئاستىدا قىپقىزىل بىر ماتوتسىكلىتمۇ پەيدا بولدى.

— ئاۋۇ قوڭدىسىن ئىسىن چىقىرىپ كېتىۋاتقان، قايسى؟!

— ئۆيىردە ئېشەك قولىقى تۇتۇپ باقمىغان بىر نېمىنىڭ...

— ئۇ نېمىسىگە شۇنچىۋالا تاراقشىپ كېتىۋاتىدۇ؟

— نېمىگە بولاتتى، ئۇنى يوغارتىۋاتقان مەھەللىمىزنىڭ سۈتى. —

— توغرا ئېيتتىڭ، نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىنىڭ سۈتىنى ئۆزىمىز ساتمايمىز؟...

ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە. قوشنىمىز بېيىپ كەتكىلى تۇرسا ھېچبولمىغاندا بىر يېرىمىز ئېچىشقاندەك بولىدۇ، ئەگەر بىز كۆزىمىزگىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان بىرسى بىزدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇرسا تېخىمۇ ئازاب ھېس قىلىمىز... توختىنىڭ «تاراقلاپ» كېتىۋاتقىنىغا چىدىمىغان بىرە نەچچەيلەن ئاخىر كەنت باشلىقى — ئىلگىرىكى ئەترەت باشلىقى — سايىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىشتى.

— ھوي سايىم، بىز نېمىدەپ ئۆزىمىزنىڭ سۈتىنى ئۆزىمىز ساتمايمىز؟

— قايسى سۈتنى؟

— مەھەللىنىڭ سۈتىنىچۇ؟

— ھەجەپ خەقكەنسىلەر، — دەپ تېرىكتى سايىم، — ئۆزۈڭلەر بىر ئىشنى جۆندەپ قىلالمايدىكەنسىلەر، خەق قىلسا كۆرەلمەيدىكەنسىلەر.

— كۆرەلمىگىنىمىز ئەمەس، نەچچە ۋاقىتقىچە توختىكىنىڭ سەل ئۆزىنى جۆندىۋالسۇن، دەپ قويۇپ بەردۇق.

— بىردىن ئېشەك ھارۋا قىلىپ سىلەرمۇ ساتماسسىلەر، كىم سىلەرنى تۇتۇۋاپتۇ؟!

— ۋاھ، قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ سايىم. بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە يېزىدا نەچچە ھارۋىدا ئەكىرىپ ساتقۇدەك نەنىڭ سۈتى بار؟

— ئۇنداق بولسا، مېنى نېمە قىل دەيسىلەر؟

— سۈتنى ئۆزىمىز ساتىمىز.

— توختەك باشقا ئىش قىلسۇن.

— ئۇنىڭ ھارۋىسىنى بىزگە ئېلىپ بېرىسەن!

— خەقنىڭ ھارۋىسىدا نېمە ھەققىڭ بار؟

— نېمىدەپ خەقنىڭ بولىدىكەن؟ ئۆزىمىزنىڭ ھارۋىسى ئۇ. ئات ـ ھارۋىلارنى تەقسىم قىلغاندا يېپيېڭى بىر ئۆكۈز ھارۋىنى قاراپ تۇرۇپ توختىغا بېرىۋەتكىنىنىڭ ئېسىڭىزدىمۇ؟... توختى ئۇنى غاچچىدە قادىرىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا تېگىشىۋالدى. تېگى بىزنىڭ مۈلكىمىز، دېگەن شۇ.

— ھۆي خەق، ئىنساپ قىلىڭلار. توختى ئىچىپ بولالماي قېتىق قىلىپ، قۇرۇت سېلىۋېتىدىغان سۈتلىرىڭنى شەھەرگە ئەكىرىپ پۇل قىلىپ بېرىپ يامان قىلامىغاندۇ؟

— سايىمدوي، ئۇ قىلالىغان ئىشنى بىزمۇ كۆل چىقىرىۋېتەلەيمىز... ھارۋىنى چىرايلىقچە ئېلىپ بەرسەڭ، ئېلىپ بەر، بولمىسا يولنى توساپ ئۆزىمىز تارتىۋالىمىز... ئەترەتنىڭ ھارۋىسىدا ئانىسىنىڭ ھەققى بارمىكەن!؟...

سايىم ئۇزاق ئويلاندى ـ دە، كەچقۇرۇن كونا ماخوغا بېرىپ، توختىنى بىر چەتكە تارتىپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

— ئۇكام، ـ دېدى ئۇ كېيىنى يىغىنچاقلاپ، پىنەكچە يۆگىگەن قەغەزگە موخۇركا سېلىپ تۇرۇپ، ـ بەش قول ئوخشاش بولمايدۇ دېگىنە، ھال ـ كۈلىگىنىڭ ياخشىلىنىپ قالغىنىغا ئارىمىزدىكى بەزىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھارۋىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتسەڭ بېرىۋەت، سۈتىنى شۇلار ئۆزلىرى ساتسۇن، قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتكەنسەن، يەنە ئاچ قالماسسەن.

توختى يەرنى سىجاپ، بىر ھازا ئۈن چىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتقىنى ھارۋىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس، مەھەللىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنى تېخىچە ئارىغا ئالمايۋاتقانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخى توك تۈگمەن، ماي تارتىش ماشىنىسى، كۆكۆل ئېچىش ئۆيى، ئاشخانا دېگەندەك ئاجايىپ پىلانلار بار ئىدى.

— بوپتۇ، ـ دېدى توختى، ـ ھارۋىنى راست ئۆزىڭىز بېرىۋېتىڭىز، ئوتتۇرىدا سىز خىجالەت بولۇپ قالماڭ... مەن زادى مۇشۇ خەقنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان يىراق بىر يەرگە بېرىپ ئوقەت قىلاي!

توختىنىڭ قورسىقىدا يەنە باشقىچە بىر چوت سوقۇۋاتقىنىنى ياكى قىيدىغىنىنى ھېچكىم بىلەلمەي قالدى. ئۇ ھارۋىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، موتوسىكلىت بىلەن تېلېۋىزورنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، پۇلنى بەلگە مەھكەم تۈگۈپ يېزىدىن كېتىپ قالدى.

توختى سۈت سېتىپ يۈرۈپ بىر ـ ئىككى سودىگەر ئاغىنىلەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىۋىدى، بۇ قېتىم ئۇ شۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ شەھەر ئاتلاپ ئوقەت قىلمىشقا تەۋەككۈل قىلدى. يولى كەلسە بۇ پۇلغا ھەسسىلەپ پۇل قونىدىغان سەپەر ئىدى.

توختى سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پويىز ئىستانسىلىرىدا قىستىلىپ يۈرۈپ، پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا مۈكدەپ ئولتۇرۇپ نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەرنى ئارىلىدى. ئۇ يەرلەردە ئاسمان پەلەك ئېگىز بىنالار، ۋاڭ - چۇڭغا تولغان بازار، ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلار بار ئىدى، لېكىن توختى نېمىشقىدۇر يىراقتا قالغان ھېلىقى خىلۋەت يېزىنى ئۇنتالمىدى. ئۇ چۈشىدىمۇ دەريا ياقىلاپ كەتكەن يوللارنى، داكىدەك نېپىز تۇمان ئىچىدە ياتقان تاللىقلارنى، مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سۈيى تاتلىق بۇلاقلارنى، ياپيېشىل سۇ ئوتلىرى قاپلىغان ھېلىقى كۆل ۋە لويىلا كوكاتلار بېسىپ كەتكەن ھويلىلارنى كۆرەتتى. ئۇ يەردە ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنغا گىرە سالغان بىر قىز قالغانىدى. ئاشۇ ئاددىي يېزا قىزىدىكى سەممىيلىك، پاكلىقنى بۇ شەھەرلەردىكى پۇلنى كۆزلەپ قىلتاق قويۇپ يۈرگەن نايناقلارنىڭ جىلۋىسىگە زادىلا ئوخشاتمايتتى...

ئېھتىمال، گۈلشەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەھەللىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر توختىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى. بىراق، ئىككىنچى يىلى باھاردا ئۇ يېزىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. توختى ئۇستىگە ئەترەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا غاچىلداپ تۇرىدىغان سۇپەتلىك شىبلىت كىيگەن بولۇپ، كالتە قىلىپ قويۇۋالغان بۇرۇتلىرى بىلەن ئۇ باشقىچە بىر سۆلەتكە كىرگەنىدى. ماگىزىنغا غوجا تام بولۇپ قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭ سالامىغا سالام قايتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. قىزلار بىر - بىرىنى نوقۇپ پىچىرلىشاتتى. توختى ئۇدۇل كەنت باشلىقى سايىمنىڭ ئۆيىگە باردى.

— خوش، شۇنداق قىلىپ دېگىنىزغىچە يېتىپ باردىم، دە؟! — دېدى سايىم توختىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، — قېنى چاي ئىچ، مانا، جىگىرىڭ بار يىگىتكەنسەن. ئەل كۆرۈپسەن، يۇرت ئارىلاپسەن، «ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت» دېگەن شۇ. مېنى دېسەڭ، شۇ يېشىمغا كېلىپ تېخى سايرامنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقماپتىمەن.

— شۇنچە يەرلەرنى ئايلاندىم سايىمكا، — دېدى توختى ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، — نېمىسىنى ئېيتىسىز، يەنە مەشەگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن... سىز ئۆز قېرىندىشىمنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، كۆڭلۈمدىكى گەپنى سىزگە ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن؟ پۇلنىغۇ تاپتىم، لېكىنزە، بۇ سەرگەردانلىق تۇرمۇش جېنىمغا پاتتى... ئەمدى...

توختى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي توختاپ قالدى.

— ھە، نېمە دېمەكچىدىڭ؟ قورساقتا بار گەپنى دەۋەر، مېنىڭ ياردىمىم بىلەن پۈتىدىغان ئىش بولسا مانا مەن تۇرۇپتىمەن.

— ئەمدى... مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ماڭىمۇ مەھەللە ئەتراپىدىن بىرەر جايلىق يەر كېسىپ بەرسەڭلا، پۇلىنى تۆلىسەم، تۆت تامنى سوقۇپ، ماۋۇ ئۆزەمنىڭ ئۆيىكەن، دەپ پۇت - قولۇمنى سۇنۇپ ئولتۇرسام.

— ياخشى گەپكەن، ئەمما يېزىنىڭ يەرلىرىنى سېتىپ بېرىشكە بولمايدۇ، دېگىنە، — دەپ ئويلىنىپ قالدى سايىم، — مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭنى بىلـ

سەنغۇ؟ ... ھە، ياراتساڭ شۇيەردىن 5-6
پۇڭ يەر بېرەيلى. ئۇ يەرگە سۇ چىقماي-
دۇ، تەرگىلىمۇ بولمايدۇ. باشقىلار مۇدىمۇ
قوپۇپ كەتمەس ...

بۇ يېزىنىڭ ئۆيلىرى تولىسى دېگۈ-
دەك ئاددىي توپا تام ئۆيلەر ئىدى. قە-
دىمىي دېھقانلار بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-
دېرىزىلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئې-
چىۋەرگەندەك قىلاتتى. بەزى ئۆيلەردە
ھەتتا دېرىزىمۇ يوق بولۇپ، ياغاچ بىلەن
شادىلانغان پەنجىرە ياكى ئۆگزىدىن ئېچىل-
غان تۈڭلۈكلا بولاتتى. ئىشلەمچان يېزا
ئاياللىرىنىڭ سېغىز لايىنى كالا پوقى بىلەن
ئارىلاشتۇرۇپ، تىنىم تاپماي سۇۋاپ تۇ-
رۇشىدىن ئۆزە بولغىنىنى دېمىسە، بۇ ئۆي-
لەرنىڭ بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن تۈگەشكەن-
مۇ بولاتتى. توختى شەھەر كۆرۈپ، يۇرت
ئارىلىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئۆي سېلىش پىلانى
باشقىچەرەك بولدى. ئۇ ھەر تەرەپكە چې-
پىپ يۈرۈپ ياغاچ - تاش، پىششىق خىش-
لارنى تەييارلىدى. ئۆينىڭ ياغاچچىلىقى،
تامچىلىق ئىشلىرىنى شەھەرنىڭ ئۇستىلى-
رىغا كۆتۈرە بەردى. شۇنداق قىلىپ، 3-4
ئايغا قالماي مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى
دۆڭ ئۈستىدە كېلىشكەن بىر ئىمارەت
قەد كۆتۈردى: ئىشىك - دېرىزە، پېشايۋان
تۈۋرۈكلىرى توق زەڭگەر سىرلانغان، ئاس-
تى - ئۈستى ئاختايلىق، كۈنگەيگە قارىغان
بۇ جاينىڭ سۈلىتىنى سېلىشتۇرۇشقا توغ-
را كەلسە، بۇ مەھەللىدىكى سەدىر پومىش-
چىكنىڭ كونا ئۆيلىرىگىلا سېلىشتۇرۇشقا
بولاتتى. ئەمما، باينىڭ ئۇ ئۆيلىرى يىل-
لارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر ئىسكەتتىدىن
كەتكەنىدى: پەقەت ئۇنىڭ قاپقاقلىرى سۇ-
نۇپ چۈشكەن چوڭ - چوڭ دېرىزىلىرى،

كۆك خىش بىلەن كۆتۈرۈلگەن ھويلى، قەد
شايغان چوڭ دەرۋازىسىلا ئۆز ۋاقتىدا
ئاجايىپ قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بو-
لۇپ تۇراتتى.

— توختىنىڭ ئۆيى قانچە تەڭگىگە
پۈتكەندۇ؟

— 10 مىڭ سوم.
— 20 مىڭ سوم.
— 30 مىڭ سوم.

بۇنچىلىك سوملارنىڭ زادى قانچىلىك
پۇل ئىكەنلىكىنى بەزى دېھقانلار تەسەۋۋۇر-
مۇ قىلالمايتتى.

— توختەك شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن
تاپقاندۇ؟

— سوت سېتىپمۇ شۇنچىلىك بېيىپ
كەتكىلى بولارمۇ؟

— ئوغرىلىق قىلامدۇ، يە؟!

— يالغان گەپ قىلىپ گۇناھكار بول-
ماڭلار ئەي خەقلەر، مال - ۋارىنىمىز ئېغىنىك-
دا، تاپقان - تۈككىنىمىز ساندۇقىمىزدا
تىچ تۇرۇپتىغۇ!...

— ئەمىسە، كېيىنكى سۈتچىلەر نې-
مىشقا ئۇنداق باي بولۇپ كېتەلمەيدۇ؟

— ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئۇرۇمچىنى دەمدۇ،
شاڭخەي ھەمدۇ، يەنە نېمىنە دەيدۇ،
خۇدايىم ... بارمىغان يېرى قالماپتۇدەك،
دۆڭ سودىدىلا يۈرگۈن پايدا كۆرۈپتۇدەك...

توختىنىڭ مۇنداق ھەشەمەتلىك
ئۆي سېلىشى گويا بەزىلەرگە ھاقارەتتەك
بىلىنىدى. قىزىقىشقانىدەك بۇ ئۆي دۆڭ
ئۈستىگە چۈشكەچكىنە كىشىلار ئۆيىدىن
چىقىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، خۇددى
پېشانىسىغا ئەگىلىپ ئېسىپ قويغاندەك
ئېنىق كۆرۈنەتتى. سەدىر بايغۇ ئال-
لىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن: ھازىر مەھەل-

لىدە ئۇلىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرنەچچەيلەن بار ئىدى. مۇنداق كاتتا ئۆيىنى ئەنە شۇلار سالغان بولسا ھېچكىم ئەجەبلەنمىگەن بولاتتى: قانداقلا بولمىسۇن ئەسلى باينىڭ ئەۋلادى، ماي ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بولىدۇ-دە! ... لېكىن، توختى كىم؟ ئۇ بىر جېنىنى جان ئېتەلمەي كېلىپ، مۇشۇ يېزىدا توختاپ قالغان يېتىمەك! ...

ئاياللار دېگەن ئاجايىپ خەقتە! ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشى يەنە باشقىچىرەك ئىدى. بۈگۈنكى بۇ يېزا ئاياللىرى ئۆتمۈشنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەنلەردىن بۇ ئالەمنىڭ تولىمۇ كەڭ، رەڭگارەڭلىكىنى، ئاجايىپ توق، خۇشال-خۇرام ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشكەندى، ئۆز ئەرلىرىنىڭمۇ ھەرىكەت قىلىشىنى، يېڭى، گۈزەل، باياشات دۇنيا يارىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— توختىنى قاراڭلار، — دېيىشەتتى خوتۇنلار بىر-بىرىگە، — تۈنۈگۈنلا مەھەللىگە يالىڭاياق كېلىۋىدى، تىرىشىپ، بىر نېمىلەر قىلىپ بېيىپلا كەتتى.

— سالغان ئۆيلىرىچۇ؟... ئۇ كۈنى مەن ئوغرىلىقچە بېرىپ قاراپ باقتىم. ساراي دېگىنە، ساراي.

— ئۇ ئۆينى قايسى تەلەيلىك خېنىم تۇتاركىن؟

— كىم بولاتتى، گۈلشەنچۇ؟!...

4

ئوت يالقۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ھەممە نېمىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ، ئاستا-ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. توختى ئېسىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، نېمىلەرگىدۇر پۇتلىشىپ كېتىپ باراتتى... ئارقىسىدا يىراقلاپ قېلىۋاتقان ئاشۇ يېزىغا بىر چاغلاردا ئۇ مۇشۇنداق قۇرۇق قوللا كىرىپ كەلگەنىدى، ھازىرمۇ قولىنى سىلىپلا يېنىپ چىقتى. ئۇ چاغدا توختى يوقسۇل ئىدى، ئەمما قەلبىدە ئۈمىد، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش تېپىشقا ئىنتىلىش بار ئىدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ھەسرەت چۇلغىغانىدى، ئۈمىد ئۇچقۇنى ئۆچكەندەك قىلاتتى. ئۇ تىرىشتى-تىرماشتى، پۇل تاپتى، ئاخىرىدا نېمە بولدى!؟... بايلىقىنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيرانىدى.

ئۇ پات-پات توختاپ ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى، كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقان ئۆيىگە ئەمەس، قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان مەھەللىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى نىشانىغا قارايتتى. ئۇ يەردە توختىنىڭ مەشۇقى گۈلشەن قاماقلىق قالغانىدى. توختى قىزغا ئېچىناتتى؛ قىزدا سەللا جۈرئەت بولسا ئىدى، توختى ئۇنى ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇ گۆندىخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان بولاتتى. خەير! ... ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ يوللار ئۇنى نەگە ئېلىپ بارار؟ جەنۇبتىكى ئېتىزلىرى تەكلىماكانغا تۇتىشىپ كېتىدىغان يىراق يېزىغىمۇ ياكى ئىمارەتلىرى بۇلۇتلارغا تاقاشقان چوڭ شەھەرلەرگىمۇ؟... ئۇ يەنە قايتىپ كېلەرمۇ؟!

توختى ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تەقدىر

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغان ئۇۋۇچىغا ئوپشايدۇ، بۇ ئوق ئۇچۇپ چىقتى،

## 5

گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار ئىدى، بالىلارنىڭ دادىسى گۈلشەن 2 - 3 ياش ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، تۇل ئانا ئۇلارنى ناھايىتىمۇ جاپادا چوڭ قىلغانىدى. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە تۆت بالىسىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، يامىقىنى ياماپ، ئاش - تامىقىنى ئېتەتتى. ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ «ئوغۇللارنى نومۇر چىقراق تېگىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساڭ» دەپ يالۋۇراتتى. چاي - تۈز، نورما ئاشلىق ئۈچۈن كاسىر، ئىسكىلاتچىلارنىڭ ئىشىكىدە سارغىياتتى... ئانا ئەنە شۇنداق پالاقلاپ يۈرۈپ بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا يىقىلدى - دە، بىر - ئىككى كۈنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى گۈلشەننىڭ بېشىغا قالدى.

گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەترەت باشلىقى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپ مەجبۇردي ئىشقا ئەپچىقىدىغان كۈنلەر ياخشىراق ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ ئەمگەك نومۇرى يىغىلىپ يىل ئاخىرىغىچە خېلى بىر نىمە بولۇپ قالاتتى. يەرلەر ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خاراپلاشتى. بۇ ئاكا - ئۇكىلار بىر ئىككى ياشتىنلا پەرقلەنگەچكە، بىر - بىرىنىڭ گېپىگە ئانچە كىرىپ كېتىشمەيتتى، مىجەز - خۇيىمۇ ھەر تۈرلۈك ئىدى. ئۇلار كۈزدە خەقنىڭ تاپا نەگە چۈشۈپ، قايسى ئىشانىغا تېگىشى پەقەت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگىلا ئايان.

تەنىسى بىلەن ئۇرۇقنى يەرگە ئارانلا چۆكتۈرۈۋېلىشاتتى - دە، كېلەر يىلى تېرىم يىغىم ۋاقتىقىچە ھەرقايسى ئۆزىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ، ئۆزى بىلگەن يولدا يۈرۈشەتتى.

چوڭى ئاۋۇت نەشىگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئانچە - مۇنچە بامدات جۈمە نامازلىرىغا چىقىپ قوياتتى، قالغان ۋاقىتلىرى ماگىزىنىنىڭ تېمىنى يۆلەيدىغان «غوجاتام»لار بىلەن قۇرۇق پاراڭدا ئۆتەتتى. ئۇنى پۇل تاپتى دېگەندىمۇ، تاپقان پۇلى چېكىدىغان نەشىسىگە يەتمەيتتى.

كىچىكى داۋۇت كۆپىنچە ئۆيدە تۇرمايتتى، ئۇنىڭ نەدە ئوتلاپ، نەلەردە تۈنەپ يۈرگىنىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى شۇ يەرلەردە ھاراق ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپ، يەنە ئۆيگە قۇرۇق قوللا يېنىپ كېلەتتى. بەزى مەس كەلگەن كۈنلىرى گۈلشەنگە ھال ئېيتىپ:

— مەندىن رەنجىمە، سىڭلىم، دەردىم بار، شۇڭا ئىچىمەن... بىر كىمىنىڭ ئەۋلادى بىلەمسەن؟... مانا، سەن تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيسەن. سەدىر باينىڭ ئۇرۇق - جەمەتى بولىمىز، سەدىر باينىڭ! چوڭلاردىن سوراپباققىنا، بوۋىمىزنىڭ تاغدا مىڭلاپ قويى، شەھەردە بىرقانچە يەردە قورۇ - جايى بولغانىكەن... مېنى بىكار لەلەڭلەپ يۈرىدۇ، دەمسەن؟ ئاۋۇ مەكتەپ قىلىۋالغان جاينىڭ دەۋاسىنى قىلىپ يۈرىمەن. جاي قولىمىزغىلا قايتسا،

بىسىپ كەتكىنىمىزنى ئالدىن كۆرۈسەن...

گۈلشەن مۇنداق گەپلەرنى ئۈنچىقماي تىڭشايتتى. داۋۇت شۇ گەپلىرى بىلەن سىڭلىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويغاندەك بولۇپ خارقىراپ ئۇخلاپ قالاتتى ۋە تاتلىق چۈشلەرنى كۆرەتتى... ئۇ چۈشلىرىدىن «سەددىر باينىڭ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنى بار» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئەگەر ھېلىقى مەكتەپ قىلغان جاي قولغا كېلىپلا قالسا، داۋۇت بۇ ئۆيلەرنى چۇقۇپ ھېلىقى ئالتۇنلارنى تاپماي قويمايتتى...

ئوتتۇرانچىسى ساۋۇت كەپتەر باقاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چېينىنى ئىچىپ چىقىپ، پېشايۋاندا موخۇركىسىنى چەككەچ دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلانغان قىزىل لاتىنى پۇلاڭلىتىپ-لەپچىن قىلىپ، كەپتەرلەرنى ھاۋاغا ئۇرلىتىپ پەيزى ئالاتتى. ساۋۇت ئات-ھارۋا تۇتۇشقا ھېرىس ئىدى. قولى بوش بولۇپ قالسىلا ئېتىنىڭ دۇمبىسىنى تاتلاپ، ھارۋا-جابدۇقلىرىنى مايلايتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ساۋۇت قالغان ئىككى ئەر قېرىندىشىغا قارىغاندا پەرقلىنىدىرەك ئىدى. ئانچە-مۇنچە كۆمۈر-پۈمۈر توشۇپ، كىراكەشلىك قىلىپ، ئۆينىڭ چاي-تۇزىدىن خەۋەر ئالاتتى.

مۇنداق بىر ئۆيدە قازاننى ئۆكسۈتمەي قاينىتىشنىڭ قانچىدىلىك مۇشكۇللىكىنى گۈلشەنلا بىلەتتى. ئاكا-ئۇكىلار باشقا ئىشتا كېلىشەلمىسىمۇ، سىڭلىسىنى باشقۇرۇشتا كەلگەندە بىر پىكىردە ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى چىڭ تۇتۇش — ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش ھاجەتسىز مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىناتتى. گۈلشەن بولسا يۈزۋاش، تىرىشچان قىز ئىدى، ھەممىگە شۈكرى قىلاتتى، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۈچ ئاكىسىدىن «تاغدەك ئۈچ يۆلەنچۈكۈم بار» دەپ پەخىرلىنەتتى.

بۇ نامرات ئۆي ئەسلى قىز بىلەن ئاۋات ئىدى. گۈلشەن ئۆيىمىچى، ھويلا-ئاراملارنى سىپىرىپ-سۈپۈرۈپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتەتتى. پەس ئاۋازدا قانداقتۇر بىر ئاھاڭنى تەكرارلىغىنىچە، سۈپىنىڭ كىگىز ياپىلمىغان يېرىدىن تارتىپ قازان بېشى، يازلىق ئوچاقلارغىچە سېغىز لايدا سۇۋاپ ئاقارتىپ چىقاتتى. ياز كۈنلىرى قىز ھويلىغا گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى. ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە باغچىغا كىرىپ ئوتلارنى يۇلاتتى، دەلگە يەتمەيدىغان ئارقا تامدىن قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان داللارغا، كۆپكۆك ئېتىزلارغا، دولقۇندەك بولۇپ تەۋەنلەپ كەتكەن ئېدىرلارغا قارايتتى. بۇ بىپايان كەڭلىك، رەڭگارەڭ تەبىئەت يېزا قىزىنىڭ قەلبىنى شادلىق بىلەن تولدۇراتتى...

گۈلشەننىڭ گۈزەللىكى كىنو، تېلېۋىزوردىكى چولپانلارنىڭ ياكى يېزىلىقلار شەھەرگە كىرگەندە ھەيران بولۇپ قاراپ قالىدىغان «پەرى»لەرنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ھېچقانداق زىبۇ-زىننەت، ئۇپا-ئەڭلىكسىزمۇ چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان بىر ماكاندا ئۆسۈۋاتقان دالا گۈلىگە، يىراق ئورمانزارلىقنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئايغا ئوخشايتتى. بۇ ئاينىڭ نۇرى ئۆزىنى توسۇپ تۇرغان يوپيۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ توختىنىڭ يۈرىكىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇت ياقـقانـدى... قىزمۇ تىـنـمـىـسىز بۇ
يىگىتنى يـاخـشى كۆرەتـتى. بەزىـدە ئۇ
«بۇ يىگىت يېزىـمىزغا قـاچـانـدىـن بېرى
پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ ... بەلـكىم، ياراتـ
قان ئىگەمنىڭ ئۆزى ئۇنـى مەن ئۇچۇن
ئاسماندىن چۈشۈرگەندۇ!» دەپ ئويلايتتى.
قىزنىڭ نەزەرىدە توختى يەردە ماڭمايتتى،
ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى.
قىز ئۇنى كۆرمىسـمۇ قەدەم ئاۋازىدىن
تونۇيتتى. ئۇنـىڭ يۈرـىكى ئاشـقىنىـڭ
ئۆزىنى قاچـان، قەيـەردە كۈتۈپ تۇرغانـ
لىقىنى غايىۋانە ھېس قىلاتتى ـ دە، توخـ
تىنى توپتوغرا تېپىپ بارالايتتى ... ئەمما،
قىز بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتىشقا پېتىـ
نالمايتتى، ئاكىلىرىنىڭ توختىنى ياقتۇرـ
مايدىغانلىقىنى چۈشىنىپمۇ يېتەلمەيتتى.
بىر كـۈنـى قىـز ئاكـىلىرىنـىڭ بۇ
ھەقتە پىچىرلاشقىنىـنى قورقۇنچ ئىچىدە
ئاڭلاپ قالدى.
ــ ئەمدى گۈلشەننى ئادەم تېپىلمىـ
غاندەك ئاشۇ توختەككە بېرىمىزما؟!
ــ ئادەمنىڭ نومۇسىنى كـەلتۈرۈپ،
تەپتارتماي گۈلشەنگە ئېغىز ئاچقىنىنى...
ــ نېمىسىگە يوغان سۆزلـەيـدۇ ھوي
ئۇ؟ ...
ــ شۇنى دەيمەنا، بىر كىم، ئۇكىم؟...
بىر دېگەن سەدىر بايىنىڭ ئەۋلادلىرى!
ــ مۇشۇنـىڭ بىلەن توختـىنىـڭ
ئۈچىنچى قېتىم ئەلچى قويۇشى. شامال
چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، دېگەن گەپ
بار. توختىغا سىڭلىمىزنىڭمۇ ئازراق
مەيلى بارمۇ، قانداق؟
ــ مۇشۇنداقراق گەپنى سىرتتا مەنـ
مۇ ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىم...
ــ شۇنداقمۇ!؟ ... ئۇنداقتا، بۇ بۇـ
زۇقنى ئۆيگە مەھكەم سولايلى، ئاۋۇ
توختەكنى مەھەللىدىن سۈرۈپ چىقىرايلى.
ــ شۇنداق قىلايلى، بولمىسا، بىزنىڭ
يۈزىمىزنى تۆكۈدىغان بىر ئىش
بولۇپ يۈرمىسۇن!

6

دۆڭدە كۆتۈرۈلگەن يالقۇن گۈلشەن
سولاقلىق ئۆيگىمۇ قىپقىزىل شولا
چاچقانىدى. سىرتتىن ئادەملەرنىڭ ئەنـ
سىز ۋاڭ ـ چۇڭى، دۈكۈلدەپ ئۆتكەن
ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلىناتتى. قىز ئۆينىڭ
يۇقىرىسىدىكى پەنجىرىگە ياماشتى. ئارقىـ
دىكى ھويلىدا قوشنا ئايال راھىلەخاننىڭ
قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى.
ــ راھىلە ھەدە، ھوي راھـىلە ھەـ
دە! ــ دەپ ئۈنلۈك چاقىردى گۈلشەن.
راھىلەخان چۆچۈپ توختاپ، ئاستا
مېڭىپ پەنجىرە يېنىغا يېقىنلاشتى.
ــ راھىلە ھەدە، نېمە ئىش بولۇۋاتـ
تىدۇ؟ دۆڭدە بىرنەرسە كۆيۈۋاتامدۇ
نېمە؟ ...
ــ ساڭا ئېيتىشقا ئاغزىم كۆيىدۇ،
گۈلشەن ... ئەمدى ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپسەن،
توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيى كۆيۈۋاتـ
تىدۇ...
ــ نېمە!؟
ــ ئاكىلىرىڭ ئۇنى قاتتىق ئۇرۇـ
ۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئەر خەق دېگەن
بەزىدە سارالڭ بولىدۇ. ئۆيگە ئاچچىقىدا
توختى ئۆزى ئوت قويۇۋەتتىمۇ، ئاكىلىـ
رىڭنىڭ قىلغان ئىشىمۇ... بەزىلەر تېخى
توختى سارالڭ بولۇپ مەھەللىدىن چىقىپ

كېتەپتۇ، دېيىشىدۇ. قايسىنىڭ گېپى راست، خۇدايىم ئۆزى بىلمىسە ...

گۈلشەننىڭ پەنجىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدا جان قالمىدى. ئۇ سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

7

ھەممە نېمە كۆيۈپ تۈگىدى. خىلۋەت يېزىنىڭ توخۇلىرى يەنە بىر يېڭى تاڭدىن خەۋەر بېرىپ بەس-بەستە چىللاشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە دۆڭدىن پەقەت تۇتەپ كۆيگەن ئاچچىق ئىسلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قويلار ئېغىللىرىدا تىپىرلاپ ئارامسىزلانغىلى تۇردى، موزايلار ئۆز ئانىلىرىنى ئىزدەپ مۆرىشەتتى. كىشىلەر ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ ھەر كۈندىكىدەك تىرىكچىلىكنى باشلىۋەتتى.

ئاۋۇت ئويغىنىپ ئۇياق-بۇيىقىغا قارىدى-دە، يېنىدا يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ ياتقان داۋۇتنى ئويغاتتى.

— داۋۇت، داۋۇت! قوپۇي، ئاۋۇ ئۆينى ئېچىۋەت.

— قايسى ئۆينى؟

— ئامبار ئۆينى.

— نېمىشقا؟

— گۈلشەن چىقىپ چاي قايناتسۇن.

داۋۇت ئۇيقۇلۇق بېرىپ، ئامبار ئۆينىڭ قولۇپىنى بىر ھازا ھەپىلىشىپ ئاران ئاچتى-دە، ئۆيگە كىرىپ، بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۆيدە گۈلشەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ھوي، ھوي، قوپۇڭلارچۇ. گۈلشەن يوق!

— نېمە دەيدىغانسەن؟!

ئاكا-ئۇكىلار ئامبار ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى. يىللاردىن بېرى ئامبارنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرىدىغان يوغان ئۇن ساندۇقى پەنجىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغانىدى (بۇ ساندۇقنى قىزنىڭ قانداق يۆتكىيەلىگىنىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى). ياغاچلىرى سۇنغان پەنجىرىدىن تاڭنىڭ غۇۋا يورۇغى چۈشۈپ تۇراتتى.

— قېچىپتۇ!

— نەدىن قاچىدۇ؟

— كۆرمىدىڭمۇ؟... پەنجىرىدىن قېچىپ چىكتىپتۇ.

شۇ چاغدا ئاۋۇت ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى قەغەزنى كۆردى.

— ماۋۇ نېمە خەت؟

— ئوقۇغىنا.

— مە، سەن ئوقى.

داۋۇت قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، يورۇققا تۇتۇپ دۇدۇقلاپ ئوقۇدى:

«مەن كەتتىم ... سىلەر مېنى كەچۈرمەيسىلەر ... مەنمۇ سىلەرنىڭ توختىنى ئۆرۈپ ... مەھەللىدىن قوغلىغىنىڭلارنى كەچۈرمەيمەن ... يېقىندىن بېرى ... ئاپام رەھمەتلىك تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بوپقالغانىدى ... ماڭا شۇ يەر تىنچراق ئوخشايدۇ ... ئاپامنىڭ قېشىغا كەتتىم...»

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ! — دېدى ئاۋۇت ھېچنېمە چۈشەنمەي.

— ئەكەلگىنە! — دەپ داۋۇتنىڭ قولىدىن خەتنى شارتتىدە تارتىۋالدى ساۋۇت.

— ھە، سەن بىر ئوبدانراق ئوقۇغىنا!

ساۋۇت قايتۇرۇپ ئوقۇدى.

— قەيەردىكى ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېتىدۇ، ئاپىمىز ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى ئاۋۇت.

— ھە شۇ، مەنمۇ ئۆلۈۋالىمەن، دېگەن سۆز!

ھەممىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ داڭقېتىپلا قالدى.

— يۈگۈر! — دەپ ۋارقىرىدى ئاۋۇت داۋۇتقا.

— نەگە يۈگۈرەيمەن؟!

راست ئۇ نەگە يۈگۈرەيدۇ؟ گۈلشەن نەگە باردۇ، ئۆزىنى ئېسىۋالامدۇ، دەرياغا تاشلامدۇ، بوغۇزلامدۇ؟ بۇنى كىم بىلىدۇ.

شۇ تاپتا، ئۆلۈۋېلىشنىڭ خىلمۇ - خىل تۇرلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقان ئاكا - ئۇكىلارنى قاتتىق دەھشەت باستى...

لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بۇ پاك گەۋدىنى ئۆزىنىڭ لاتقىلىرى بىلەن يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىنى راۋا كۆرمىگەندەك، يېقىنلا بىر يەردىكى جىڭغانلىق ئارالغا چىقىرىپ قويدى. قىز ئۇ يەردە بولۇپ قالغانىدى، دەريا دولقۇنلىرى ئۇنىڭ چۈگۈلگەن چاچلىرىنى تاراپ، يۈزىنىڭ داۋالغۇتاتتى. سۇ قۇشلىرى ئۇنىڭ جامالىنى تاماشا قىلماقچى بولغاندەك شۇ ئەتراپنى ئەگىپ ئۇچۇشاتتى. سەھەردە ئويغانغان بىر بېلىقچى يىراق قىرغاقتا ئۆزىنىڭ تورلىرىنى يىغماقتا ئىدى...

جەسەتنى بىرىنچى بولۇپ بېلىقچى سەلىم بوۋاي كۆردى. بوۋاي قىزنى سۇدىن سۈزۈپ ئېلىپ، پۇت - قولىنى تۈزلەپ قىرغاققا ياتقۇزدى - دە، يۈزىنى چاپىنى بىلەن يېپىپ قويۇپ، مەھەللىگە قاراپ يۈگۈردى.

يولدا ئۇنىڭغا ساۋۇت ئۇچراپ، يىراقتىنلا ۋارقىرىدى.

— ھۇي سەلىمكا!... مۇشۇ ئەتراپلاردە بىرىنىڭ گۈلشەننى كۆرگەندەك بولدۇڭمۇ؟

بوۋاي دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئاخىرچە ساۋۇتمۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— كۆردۈم.

— قەيەردە؟... تىرىكمۇ؟!

— خۇدا ئامانىتىنى ئاپتۇ. ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن...

8

جامائەت قىزنىڭ جىنازىسىنى نامازدىگەردىن كېيىن ئېلىپ چىقىشتى. مەھەللىنىڭ قەبرىستانلىقى توختى ئۇي سالغان دۆڭنىڭمۇ ئۈستىدىدەك بىر ئوچۇقچىلىقتا ئىدى. شۇۋاق بېسىپ كەتكەن سانسىز قەبرىلەر ئارىسىدا يەنە يېڭى بىر قەبرە پەيدا بولدى. بىلىگە يوغان ئاق باغلاشقان ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۇنچۇقماي يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئاۋۇتنىڭ كاللىسىنى «ھەي - ي، ماۋۇ ھاماقەت قىزنىڭ قىلغان ئىشىنى قاراڭلا!... ئەمدى كىرىمىزنى كىم يۇيۇپ، ئاش - تامىقىمىزنى كىم ئېتەر؟» دېگەن ئەندىشە كېزەتتى. داۋۇت ئۆز - ئۆزىگە: «ئەخمەق! بىزنىڭ جاپاردىمىزدىن بۇرۇنراق قۇتۇلماق بولۇپ مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭ - ھە؟... بوۋام كۆمگەن ئالتۇنلارنى تاپقاندا ئىش باشقىچە بولاتتى ئەمەسمۇ!...» دەپ پىچىرلايتتى. ساۋۇت-

نىڭ يۈرىكىنى لىمىدۇر تاتلاپ ئازابلىغاندەك قىلاتتى. كاشكى ئۇ سىڭلىسىغا ئاشۇ كەپتەرلىرىگە قارىغانچىلىك كۆڭۈل بىلەن كۆيۈنگەن بولسا؟ ئۇنىڭ بېشىنى ھارۋىغا قاتىدىغان ئېتىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىغانچىلىك مېھرى بىلەن سىلىغان بولسا؟... ساۋۇت شۇلارنى ئويلىغاندا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ، مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى.

ئەتىسى سەھەردە قەبرىستانلىقتا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئاستا - ئاستا مېڭىپ، يېڭى قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى. مەھەللىدىكىلەر يىراقتىن بۇ كىشىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلدى.

توختى ئايەت ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا گۈلشەنىنىڭ بىر جۈپ كۆزى پەيدا بولغاندەك بولدى: بۇ كۆز بىلەن قىز ئۇنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇرغانىدى، بۇ كۆز ئۇنىڭغا نۇرغۇن سىرلارنى بايان قىلغانىدى، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا توختىدىن باشقا ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتقانىدى ... توختى دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن يىراقتا كۆكۈش بولۇپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان دەريا ساھىلىنى كۆردى. ئۇ يەردە سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان بىر كېچىك بار ئىدى، توختى بىر يىللىرى گۈلشەننى ھاپاش قىلىپ ئاشۇ كېچىكتىن بىرقانچە قېتىم ئۆتكۈزگەن، ئۇلار ئۇ قاتتىكى ئارالدا زىرىقلارنى تېرىشكەنىدى. كېيىن، گۈلشەن ئۆيىدىن نېرى بارالمايدىغان بوپقالغاندا، توختى ئۆزى يالغۇزمۇ ئۇ يەرگە بىرنەچچە رەت بارغان، زىرىقلىق ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇقچىلىقتا گۈلشەننى سېغىنىپ، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ خىياللار سۈرگەن، نېمىشقىدۇ، ھېلىقى كېچىكتىن قايتا - قايتا كېچىپ ئۆتكەنىدى ... بۇ كېچىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بارغاندا سۇ يىغىلىپ ئېقىپ خەتەرلىك قايناملارنى ھاسىل قىلاتتى، قىز تۈنۈگۈن كېچە ئۇ يەرگە توختىنى ئىزدەپ بارغانمىدۇ ياكى ھايات بىلەن ئاشۇ خەتىرلىك جايدا ۋىدالىشىشنى خالىغانمىدۇ؟!...

توختى يۈزىنى سىيپاپ، قوللىرىنى چۈشۈردى - دە، بىردىنلا ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. «نېمىشقا مەن تۈنۈگۈن كېچە شۇ يەرگە بارمىدىم؟... نېمىشقا ئىشىكلەرنى چېقىپ تاشلاپ بۇ قىزنى ئېلىپ كەتمىدىم؟ ... مېنىڭ ئېتىممۇ ئەرمۇ؟... گۈلشەن، گۈلشەن! مۇنايىم، ئاجىز گۈلشەن!...» ئۇ نەمخۇش تۇپراقنى قۇچاقلايتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تۇپىغا سىڭىپ، يۈز كۆزىگە سۇگۇشۇپ لايغا ئايلانماقتا ئىدى ...

بىر چاغدا ئۇ ئۆرۈلۈپ مەھەللە تەرەپكە قارىدى. ئالدى تەرەپتە ئۇ ئۆي سالغان دۆڭ چوقچىيىپ تۇراتتى. توختى تۆۋەنلەپ چۈشۈپ ھويلىسىغا كىردى، كۆز ئالدىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئىمارەتنىڭ قارايغان تاملىرىلا تۇراتتى. توختى دەرۋازىنىڭ قېشىدىكى كۆمۈر قويۇش ئۈچۈن سېلىنغان پاكار ئۆيگە بۇرۇلدى. بۇ يەردە تامچىلار ئىشلەتكەن لاي چېلەكلىرى، ئارغامچا، ئەپكەش، ياغاچ پۈزەكلىرى دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئارقا بۇلۇڭىغا باردى - دە، تورۇسقا

(ئاخىرى 52 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۇكۇر قاۋۇل

# خىلۋەتتىكى كۆز ياشلار

## گۈزەللەر

نازۇك ـ نەپىس ئۈنىڭلەردىن، گۈزەللەر،
ئويغانغانمۇ تاڭنىڭ گۈلى ـــ سۈبھى قىز؟
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈشىڭلار، گۈزەللەر،
كۈلدۈرگەنمۇ گۈل ـ چېچەككە بوپ ئەندىز؟

ياراتقانمۇ سىلەر ئەسلى باھارنى،
خۇلقىڭلاردىن رەڭ بېرىپ بىر پەسىلگە؟
كېچىلەردە يۇلتۇز قىلىپ ئاسقانمۇ
كۆزۈڭلارنى يەرگە تىكىپ ئەسلىدە؟

شەپەق رەڭگى تۆرەلگەنمۇ جاھانغا
مەڭزىڭلارغا تەقلىد قىلىپ، رەڭ ئېلىپ؟
ئېپار ھىدى سېپىلگەنمۇ زېمىنگە،
تونەدەك قونىدۇز چېچىڭلارنى كان بىلىپ؟

تىنىقىڭلار، دىماغلارنى مەست قىلغان،
گۈلنى سۆيگەن شامالارنىڭ ئۆزىمۇ؟
سىلەر ئۈچۈن ئىجاد بولغان ناخشىلار
ئەقىدىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزىمۇ؟

تىنىچ ئىدىم خىلۋەتتىكى بۇلاقتەك،
ھەم يۈرەتتىم ئاھۇلاردەك ئازادە؛
ۋاللەي تووۇلاپ داللاردا قىيغىتىپ
يۈرەر ئىدىم شادلىقلىرىم زىيادە؛

چوققىلاردىن ھالقىغاندەك خىياللار،
ۋۇجۇدۇمنى ياشلىق ھېسسى قاپلىدى.
لاۋا ئوخشاش ئەجەب شېرىن تۇيغۇلار
يۈرىكىمدە يېلىنجاشقا باشلىدى.

ھەۋەسلەرگە باش ئەگدۈردى ئاخىرى
مېنى ئاشۇ ئاساۋ ئاتتەك ھېسلىرىم.
خىياللارنىڭ ئوغرىسى، ئەي گۈزەللەر،
قەددىڭلەرگە چۈشكەچ تۇنجى نەزىرىم؛

تاش ئاتتىڭلار ئارامىمنىڭ كۆلىگە،
جىمجىتلىققا بۆسۈپ كىرىپ، شەپىسىز،
سۆيگۈڭلاردا يىغلاتتىڭلار خىلۋەتتە،
يۈرىكىمگە ئوتلار سېلىپ تۇتۇنسىز.

سەزگۈلىرىم سىلەر ياققا ئاغىدۇ
ئويغۇمىدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ ئەركسىز.
مەن سىلەرگە ياندىشالماي، گۈزەللەر،
ئۆتەرمەنمۇ بۇ دۇنيادىن بەختسىز!

## خوشلىشىش

يۈزۈڭ گويا شەبنەم قونغان گۈلىستان،
كۆزلىرىڭدە جۇدالىقنىڭ نەملىرى.
ئېسىڭدىمۇ يۈرەكلەرنىڭ تېپىشقان
ئاشۇ ئوتلۇق، ئاشۇ شېرىن دەملىرى؟

يۈكسەكلىكنى نىشان قىلغان ئۈمىدلەر
ئىلھام بەرگەن بىزگە زەپەر قۇچماققا.
ئارمانلاردا زاھىر بولغان تىلەكلەر
ئېلىپ كەلگەن بىزنى مۇشۇ كۈلباغقا.

تۇنجى قېتىم رەقىبلەردەك ئۆزئارا
ماي تارتىشىپ تونۇشقانتۇق بەك قىين.
سەن دېگەنىدىڭ مېنى شۇ چاغ «ھالى بار»
مەن دېگەنتىم سېنى، جېنىم، «نازىنىن»

ئايمۇ ئۆتمەي تۈگۈچلەرمۇ يېشىلگەن
پاك كۆزلەرنىڭ يېقىشىدا — سېھرىدە.
نېمە سىر بار، دەپ قالغانتىم، تىكىلگەن
كۆزلىرىڭدىن شولا چاچقان مېھرىدە.

قول تۇتۇشۇپ، تەڭ چامدىشىپ ھەممىدە،
گۈللەر ئارا بىزمۇ گۈل بوپ ئايىندۇق.
ئارزۇلارنىڭ، ئارمانلارنىڭ ۋەجىدە،
جاپالارنى تەڭ تارتىشىپ قايىندۇق.

تالاي تۈنلەر جىمجىتلىققا جان بېرىپ،
كۈسۈرلىشىپ - پىچىرلىشىپ ھارمىدۇق.
ئۇلۇغ غايە، ئىستەكلەرگە ھۇل قۇرۇپ،
يېڭى ئىشتا بەسلىشىپمۇ تالمىدۇق.

تۈس بېرەتتى تۆت پەسىلگە باھاردەك،
مېھىر بىلەن تىكىلىپ لەۋ يېقىشلار.
زۇمرەت دولقۇن ئېلىپ كەتكەن بېلىقتەك،
ساپ سۆيگۈنىڭ ئېقىنىدا ئېقىشلار.

بىزنى شادلىق بۆشۈكىگە بۆلىگەن
تۇنجى سۆيگۈ، تونۇشۇش ھەم مۇھەببەت.
خۇدايىمدىن بەختىمىزنى تىلىگەن،
داۋاملاشسۇن شادلىقىمىز، دەپ، ئەبەت.

لېكىن، جېنىم، ئەمدى تىزگىن سىيىردى
ئايرىلىشتىن دېرەك بېرىپ مىنۇتلار.

ياش دىلالاردىن ئۆچتى شاتلىق ئۇچقۇنى،
مىسلى مۆلدۈر تۆككەن كەبى بۇلۇتلار.

بىراق، گۈلۈم، ياش تۆكمەيلى بىھۇدە،
جۇدالىقنىڭ كۈنلىرى چاك سالسىمۇ.
مەزمۇت تاغدەك بوشاشمىسۇن ئىرادە،
ۋۇجۇدلارنى ئازاب قورشاپ ئالسىمۇ.

مەيلى نەدە بولساقمۇ بىز، جانجان —
ئارمانلارنى كۈلدۈرۈشكە ئۇچايلى.
سۆيگۈمىزدۇر بىزگە مادار، بىزگە جان،
يېڭى ئىشتا يېڭى زەپەر قۇچايلى.

خەير، جانانىم، كۆز قارىچۇقۇم ئامانەي،
نەدە بولساڭ ئامان بولغىن، ئۆت خۇشال.
كەلگۈسىگە تەلپۈن، زىنھار، ئۆكسىمەي،
بىزنى ئاخىر قۇچاقلايدۇ قۇت - ۋىسال.

## ئىزھار قىلار سۆيگۈنى قاچان؟

ئۇتلۇق كۆزلەر تويماي بېقىشىپ
كۆڭۈللەرنى قىلىشتى ئىزھار.
بىراق نېمە بولغان توسالغۇ؟
ئېيتالمىدى ئىشقىنى، زىنھار.

ئۆتمەكتە كۈن، كۆزلەر ئىگىسى
ئىزھار قىلار سۆيگۈنى قاچان؟
كېتەمدىكىن قەبرىگە بىللە،
بولامدىكىن شۇ چاغدا ئاسان؟

## ئوت ئىچىدە قالدى ۋۇجۇدۇم

ئېلىۋالدىڭ قەلبىمنى ئوۋلاپ،
ئەي سۆيۈملۈك، ئاي سۈپەت دىلبەر.
سەن يۈرىسەن غەمسىز، خىرامان،
تاپىمىغاندەك ئىشقىمدىن خەۋەر.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



يۈرىكىم ئوت، ۋۇجۇدۇممۇ ئوت،
ئوت ئىچىدە قالدىم مەن بىلسەڭ.
ئاھ، مۇرادىم بولاتتى ھاسىل
مەن سۆيگەندەك سەن مېنى سۆيسەڭ.

## بىز تونۇشقان سۆيگۈ يولىدا

بىز تونۇشقان سۆيگۈ يولىدا،
مەن سۆيەتتىم ئەزەلدىن سېنى.
ۋىسالىڭغا ئىدىم ئىنتىزار،
يوللىرىڭغا تىكىپ كۆزۈمنى.

سەن ئۆتەتتىڭ ماڭار يولۇمدىن،
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ ھەردەم.
ئۆرتىنەتتىم، كۆككە باقاتتىم،
سېنى ئەسلەپ تۈنلىرى، ئېركەم.

پىراق نېسىپ بولمايتتى زىنھار،
بىر بېقىشى كۆزلەرىڭنىڭ، ھەتتەڭ.
ئۆچۈرەتتىڭ تۇرسام سېنى گۈل،
شۇ بېقىشقا قىلار ئىدىم تەڭ.

نېمە بولدى، ئۆزۈمگىمۇ سىر،
ئۆيۈم ساڭا بولدى سەيلىگاھ.
«كىتاب» دەيتتىڭ، كېتەتتىڭ ئېلىپ،
كۆزلىرىمگە گاھ تاشلاپ نىگاھ.

ئىچ - ئىچىمدىن بولسامۇ خۇرسەن،
دەردلىرىمنى ئورتاقلاشمىغان.
شۇنداق بىر كۈن كېلىپ قالار، دەپ،
گۈل تىزۋىدە سىر دېيىشىدىغان.

«تاسادىپىي تونۇشتۇق يىگىت،
ئۆۋچى بولدۇڭ قەلبىمگە، لېكىن»
«ئاھ!» دېگەنسەن ئىچىڭدە بەلكىم،
كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ تەمكىن.

بىز تونۇشقان سۆيگۈ يولىدا،
مەن سۆيەتتىم ئەزەلدىن سېنى.
ۋىسالىڭغا ئىدىم ئىنتىزار،
يوللىرىڭغا تىكىپ كۆزۈمنى.

تۇرسۇن ھاشىمى

# گۈزەللىك نۇر بەرگەچ — گۈزەل تىلەكلەر

## شېئىر سورايمەن

قۇياش كۈلگەن دالا ئارىلاپ
ھېسلىرىمنى نۇرغا ئورايمەن.
كۆكنى سۆيگەن جەسۇر تاغلاردىن
تاغدەك جەسۇر شېئىر سورايمەن.

نىگارىمدۇر دەريالار مېنىڭ،
چاچلىرىنى تال - تال تارايمەن.
چۆللىنى كەزگەن ئۆركەشلىرىدىن
دەريا - دەريا شېئىر سورايمەن.

ئالتۇن رەڭلىك ئېتىز ئارىلاپ
دېھقىنىمغا ئۇزاق قارايمەن.
تەر تەپچىگەن پېشانىلەردىن
مول - ھوسۇللۇق شېئىر سورايمەن.

شەبنەم سۆيگەن گۈللەر لېۋىدىن
ھۇزۇرلىنىپ ئەتىر پۇرايمەن.
ئاشۇ گۈلدىن، گۈلچى باغۋەندىن
پاك ئەجىرلىك شېئىر سورايمەن.

ھۆجرىسىغا ماڭغان قۇياشنىڭ
تەئەججۈپتە يولىن تورايمەن.

ئۇپۇق سۆيگەن ماڭلايلىرىدىن
قۇياش سۆيەت شېئىر سورايمەن.

## گۈزەللىك ناخشىسى

قىلىچىنىڭ بىسىدەك يالتىراق سەھەر،
ئاق نۇرغا بۆلۈنۈپ ياتىدۇ كەڭلىك.
ئۇپۇقتىن تارالغان شەلپەر چاچقۇلار
گۈل - گىياھ مەغزىگە سۈرىدۇ ئەڭلىك.

گۈللەرنى تەۋرىتىپ قاچىدۇ شامال،
جانانىنىڭ يېشىدەك سىرغىيدۇ شەبنەم.
ئاھۇدەك سەكرىشىپ زەمزەم بۇلاقلار
چىمەنلەر كۆيىگە بولىدۇ ھەمدەم.

جىمىرلاپ ئاقىدۇ يۈگەنسىز دەريا
تاغلاردىن باغلارغا ئىشقىنى تۆكۈپ.
يېشىللىق يۇيۇنار سۈبھى نۇرىدا
بىغۇبار گۈزەللىك پەيزىگە چۆكۈپ.

ئۇيقۇدىن ئويغانغان پەرىزات كەبى
چوققىلار ئۈستىدە كۈلىدۇ قۇياش.

زېمىننى قۇچاقلاپ ئالتۇن شايىلار،
كائىنات يۈزىگە تارايدۇ ئوتقاش.

ئورمانلار قوينىدا قۇشلار بەزمىسى
مال - ۋاران سەھنىسى — يېشىل ۋادىلار.
ئېتىزدا ياڭرايدۇ دېھقان ناخشىسى،
قىيادا گۈل تېرىپ ئوينار بالىلار.

كۆلكىلەر، چوقانلار، يارقىن سادالار،
تەبەسسۇم جىلۋىلەر، تاتلىق تىنىقلار.
بۇندا بار ھاياتنىڭ يۈكسەك شادلىقى،
بۇندا بار گۈزەللىك سىڭگەن قىلىقلار.

گۈزەللىك — تەبىئەت قەدىر - قىممىتى،
ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە سۆيگۈ يېتەكلەر.
گۈزەللىك — ھاياتنىڭ كۆركى، زىننىتى،
گۈزەللىك نۇر بەرگەچ گۈزەل تىلەكلەر.

ئەزىز ناسىر

## يېشىللىق

ئانا تۇپراق يېشىللىقنىڭ ئانىسى،
سۆيۈندۈرەر دىلنى يېشىل مەنزىرە.
يېشىل دۇنيا چىمەنلەرنىڭ ئارىسى،
يېشىللىقتىن ئالار جەننەت ئەندىزە.

يېشىل ياپراق سۈرەر ھەرخىل گىياھلار،
يېشىل تونسكە كىرەر زېمىن جانلىنىپ.
يېشىل چۆپكە تولۇپ كېتەر قىيالار،
يېشىل مارجان چاچار سۇلار چايقىلىپ.

يېشىل تونىدەك زېمىن گۈزەل ياسانغان،
تاغلاردىمۇ، باغلاردىمۇ يېشىللىق.
قىر، ئېدىرلار يېشىل تونغا ئورالغان،
يېشىللىققا قۇشلاردىمۇ ئىجىللىق.

دۆڭلەرنىمۇ بېزەر يېشىل رەڭ بېرىپ،
چاتقاللارغا چىڭگىلدەكلەر چىرمىشىپ.
يېشىللىققا باقار يۇلتۇز كۆز قىسىپ،
سەلكىن شامال ياپراق بىلەن ئىسىرىشىپ.

www.uyghurkitap.com



تاغ بەللىرى يېشىللىقتىن جىلۋىدار،
قوچاق يېيىپ تۇرار يېشىل ئارچىلار.
قاپتاللارنى يېشىللىققا تولدۇرار
ھۆسن بېرىپ ھەر خىل يېشىل شاخچىلار.

گۈلنىڭ بەرگى جۇلالىنىپ پارقىرار،
تۆكۈلگەندەك مارجان بولۇپ كۆز يېشى.
ياپراقلاردا سۈزۈك شەبنەم يالتىرار،
چاقنىغاندەك گويا سۈزۈك قاشتېشى.

كېپىنەكلەر قونۇپ ئالاز چېچەككە،
قانىتىدا چاقنار يېشىل تەڭگىسى.
قىياقلارمۇ تولار يېشىل پۆپەككە،
ھەممە جايدا يېشىللىقنىڭ بەلگىسى.

ئانا تۇپراق — يېشىللىقنىڭ ئانىسى،
يېشىل دۇنيا ئانا يەردىن تۇغۇلار.
بار يېشىللىق ئۇنىڭ ئامراق بالىسى،
زېمىن شۇڭا يېشىل تونغا ئورۇلار.

غوپۇر رەخىم

## دالا سۈرەتلىرى

سۆيىمەن چەكسىز كەتكەن كەڭلىكنى مەن،
بىر تەكشى يېيىلغان نۇر، تەڭلىكنى مەن.
تاڭ سەھەر گۈل-گىياھنىڭ غول-بەرگىگە
بېرىلگەن ھەر خىل بوياق-ئەڭلىكنى مەن.
تەبىئىي، نەپىس، كۆركەم، گۈزەل سۈرەت،
ھۆسنىدىن تارام-تارام ياغار نۇسرەت.

ھاياتلىق مەنبەسى بۇ — سېخىي جەننەت،
گىياھلار دۇنياسىدا مىڭبىر ھېكمەت.
قويىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلساڭ ئەگەر،
كۆرۈسەن بىر قاراشتا مىڭ خىل خىسلەت.
تۆت تەرەپ كىيىگەن كىمخاپ ئوتىقاش
سۈپەت،
بولغاچقا تاڭ پەرىسى ئاڭا ئۇلپەت.

كەڭ دالا كۆكسىدىكى بۇلاق سۈيى —
شىلدىرلاپ ياڭرىتىدۇ سۆيگۈ كۈيى.
سۈپسۈزۈك زۇمرەت تامچە بىر-بىرىگە
قېتىلار بولغىنىدەك خۇددى تويى.
قوشۇلۇپ نۇرغۇن ئېقىن بولدى دەريا،
چېچىلدى ياقۇت تامچە، كۈلدى گىياھ.

چىمەنلىك ئۈستى سۈزۈك زەڭگەر ئاسمان،
قويىنىدا ياشار مىڭ خىل قۇشلار ھامان.
گاھىدا ئاسمان بويلاپ پەرۋاز قىلسا،
گاھىدا توقايلىقتا چۇرۇقلاشقان.
قۇشلارغا كېرەك ئەمەس ئالتۇن قەپەز،
ئۇلارغا ئەڭ كېرەكى ئەركىن نەپەس.

بۈركۈتلەر يېتىلىدۇ تىك قىيادا،
تۇلپارلار يېتىلىدۇ ساي-سالادا.
تەبىئەت گۈزەللىكى بايقىلىدۇ،
پەقەتلا تاغ-ئېدىرلىق كەڭ دالادا.
دالادا زەپمۇ ياخشى يايرايدۇ دىل،
دالىنىڭ تەرىپىگە يەتمەيدۇ تىل.

قارىسام كەڭ دالانىڭ سۈپەتلىرى،
تەبىئىي، گۈزەل، كۆركەم سۈرەتلىرى.
بىر ئۆمۈر يۈرىكىمنى قىلدى مەپتۇن،
مېھرىدىن تۆكۈلگەن نۇر-نۇسرەتلىرى.
ئۆتىمەن كەڭ دالانى سۆيۈپ مەڭگۈ،
تەبىئىي گۈزەللىككە كۆيۈپ مەڭگۈ!

داۋۇتجان سەئىدىن

# شېئىرلار

## ۋىسال

قۇياشنى
سېغىنۋالدىم قوينۇمغا،
ئېرىپ كەتتىم.
قەترىلىرىدىن ئايلىنىپ نۇرغا،
قۇياشقا سىڭىپ كەتتىم ...

## ئۈمىدىم

ئۈمىدىم
سىڭىپ بارار ئۇپۇققا.
كۆزۈمنى يۇمسام،
غايىب بولار تۈن قوينىدا.
كۆزۈمنى ئاچسام،
جىلۋىلىنەر شەپەق نۇرىدا.

## ھايات تراگېدىيەسى


ئالدىمدا كەڭ سەھنە،
بۆرە يۈرەر
قويلارنى قوغلاپ.
قويچى كۈلەر
توشقاننى ئوۋلاپ.
تۈلكە ياتار چاتقاللىقتا مارىلاپ،
مۈشۈك ئوينار
ئاچ چاشقاننى قامالاپ.
يىغا - كۈلكە ئارىلىشىپ
داۋام قىلار ئەبەدىلىك سىمفونىيە!

## كۆردۈم

مەن كۆردۈم قۇم بارخانلىرىنى
قۇيۇنلارنىڭ
كەتكىنىنى ئۇچۇرۇپ.
يەنە كۆردۈم
قۇملارنىڭ
بويۇن ئەگمەي بورانلارغا
تۇرغىنىنى ئۇيۇشۇپ،
بىنالارنى كۆتۈرۈپ.

## ئۈزۈلگەن غۇنچە

ئۈزۈۋېلىپ بىر غۇنچىنى
گۈلزاردىن،
ئالتۇن لوڭقىغا سېلىپ،
زەم - زەم سۈيىدە
تۇردۇم سۇغۇرۇپ.
لېكىن ئۇ
بىخ يارماستىن
كەتتى قۇرۇپ،
توزغاقتەك توزۇپ.



ئابلىز ئوسمان

## شۇ كىچە

1

گۈللۈك ھويلا، يېشىل باراڭلىق،
قىزىپ كەتكەن ئولتۇرۇش ئۇندا.
گاھى تانسا، گاھىدا ئۇسسۇل
داۋام قىلار خۇشال يوسۇندا.
تويى بولدى بۈگۈن شۇ قىزنىڭ،
شاد تەبەسسۇم گۈلدەك ھەممىدە.
گاھ قىزىللىق، گاھى تارتىنىش
ئەكس ئېتەر ئۇماق ھۆسنىدە.
قاراپ - قاراپ قويار زوق بىلەن
يېنىدىكى جۈپتى ـــ يولدىشى.
پىچىرلايدۇ نېمىلەرنىدۇ
پىسىڭگىدە كۈلۈپ قولدىشى.
تويى بولدى بۈگۈن شۇ قىزنىڭ،
بەخت تىلەر ھەممە ئۇلارغا.
ئېچىلمىسۇن قېنى قايسى گۈل
ئېرىشكەندە كۆكلەم باھارغا؟

2

ئاشۇ كېچە، ئاھ، ئاشۇ كېچە،
مەلۇم ئەمەس ھېچكىمگە بىر سىر.
يامغۇر ياغدى تۈن نىسپى بىلەن
ياپراقلارغا ئۇرۇلۇپ شىر - شىر.
ئورمانلىقتا ـــ قاراڭغۇلۇقتا
بىر مەست يىگىت كېلەر مۇدۇرۇپ.
كىيىملىرى چىلىق - چىلىق سۇ،
كېلەر يىغلاپ ۋە گاھى كۈلۈپ.
نە سەۋەبتىن چىققتى بۇ يەرگە؟
مەلۇم ئەمەس ھېچكىمگە بۇ سىر.
پەقەت سىم - سىم يامغۇر تامچىسى
ياپراقلارغا ئۇرۇلار شىر - شىر.
يىگىت كەلدى شۇ كونا جايغا،
مەجنۇنتاللىق بۇلاق تۈۋىگە.
مەجنۇنتالنى قۇچاقلاپ بىر پەس،
بىر نېمىلەر دېدى ئۆزىگە.
تارام - تارام ئاچچىق كۆز يېشى
سىرغىپ چۈشتى تىنىق بۇلاققا.
بۇلاق سۈيى غەمكىن كۈي بىلەن
ئېلىپ كەتتى ئۇنى يىراققا...

تويى بولدى بۈگۈن شۇ قىزنىڭ،
ۋىسال تاپتى بەخت ئىچىدە.
بىراق، شۇ قىز بىلمەيدۇ شۇنى،
بىر مەست يىگىت يۈرەر كېچىدە.

ئەنۋەر ھاشىم

## شېئىرلار

### كارۋان ۋە ئارمان

ئۇخلىماس سېكۇنتلار ھەيدەر مىنۇتنى،
توختىماس مىنۇتلار پۈتكۈزەر سائەت.
دەم ئالماس سائەتتىن يىگىرمە تۆتى،
بىر كۈننى ئۆتكۈزمەي قىلماس قانائەت.
ئۆتسە شۇ ئالدىراش كۈندىن ئوتتۇزى،
تەمكىنى يوق بىر ئاي پۈتۈپ كېتىدۇ.
بولسا گەر يىغىلىپ ئايلار ئون ئىككى،
ئۆمۈردىن يورغا يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىربىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىدۇ،
كۈن، ئاي، يىل ئاشۇنداق توختىماس كارۋان.

شۇ كارۋان تىنماستىن توشۇپ تۇرسىمۇ،
تۈگىمەس ئىنساننىڭ دىلىدا ئارمان.

## نارازىلىق

جار سېلىپ چىللاپ، خوراز ئۇخلاشقا ئىمكان بەرمىدىڭ،
ئۇيقۇدىن لەززەتلىنىپ، ياشناشقا ئىمكان بەرمىدىڭ.

بۇزۇۋەتتىڭ چۈشلىرىمنى، يار بىلەن بىللە ئىدىم،
سۆيگۈ پەيزىنى سۈرۈپ ئويناشقا ئىمكان بەرمىدىڭ.

چۈش داۋامىنى كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇ ئەيلىسەم،
قايتىدىن شۇ ئۇيقۇنى باشلاشقا ئىمكان بەرمىدىڭ.

ھەر تەرەپتىن قوشسا ئاۋاز ساڭا نۇرغۇنلاپ خوراز،
چىللىدىڭ سەن بەسلىشىپ، توختاشقا ئىمكان بەرمىدىڭ.

ھەقسىتىڭ بۇزماق ئىكەن ھەر كۈندە شېرىن ئۇيقۇنى،
ماڭا ئوخشاش نەچچە ئون يولداشقا ئىمكان بەرمىدىڭ.

چىللىساڭ چىللاۋېرىش! ئۇيقۇ ماڭا ئەۋزەل، بىراق
باش-كۆزۈمنى چۈمكىمەكتىن باشقا ئىمكان بەرمىدىڭ.

## توخۇنىڭ مەنتىقىسى

توخۇغا بىر ئىش ئۇدۇم-ئادەت ئىكەن،
ئۆزگە ھەر جايدا دان ئىزدەيدىكەن.
داننى كۆپ تاپماق بولۇپ نەپسى ئۇچۇن،
كۆچ بىلەن يەر تاتىلاپ تىلغايدىكەن.

چىقسىمۇ بىر دۆۋە بۇغداي ئۈستىگە،
تىلغىماسلىققا پەقەت كۆنمەيدىكەن.
ئەسلى ئۇ چەشنى چېچىپ، تاتىلاپ قويۇپ،
«تەر تۆكۈپ ئاندىن يېدىمغۇ» دەيدىكەن.

نۇراپ ساۋۇت

## گۈل

باغچىدا خىيالچان يۈرسەم ئايلىنىپ،
يولۇمدا ئۇچرىدى بىر تال قىزىلگۈل.
ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم، ئېچىندىم،
غۇبارسىز بەرگىلەر سولۇپتۇ پۈتكۈل.

ئاھ، دېدىم باغرىمغا باستىم، بىلمىدىم،
تارىملاپ تۆكۈلدى ئىسسىق ياشلىرىم.
قەلبىمنى ھېسداشلىق يالقۇنى قۇچتى،
باركەنغۇ ھەر جايدا تەقدىرداشلىرىم.

### ئىلتىجا

لېۋىڭدىن سۇ بەرگىن قانغۇدەك ئىچەي،
چاك-چاك يېرىقلار قانسۇن سۆيگۈگە.
بىلگىنكى، تۇنجى رەت باستىم مەن قەدەم،
سۆيگۈدىن ئىبارەت مۇشكۇل بەيگىگە.

بەيگىدە چاڭقىتىپ قويمىغىن مېنى،
ئاتا قىل كۈچ-قۇۋۋەت، كۆرسەت ساداقەت.
قەلبىڭدىن ياغدۇرغىن مېھرى-مۇھەببەت،
سۆيگەنمەن تۇنجى رەت، سۆيۈمەن ئەبەت.

مولا ھەسەن مولا غازى (قىرغىز)

# تۇرمۇشتىن تۇغۇلغان شېئىرلار

## مەن قەلەندەر

يازالمىدىم ئەل سۆيگۈدەك شېئىرلار،
باسالمىدىم چىن ھاياتنىڭ يولىنى.
ئېزگۈ ئىزلار چاقنار سەبىي قەلبىمدە،
تۇتمىدىممەن تېخى يارنىڭ قولىنى.

كەلگۈسىدە شائىر بولۇش ئىرادەم،
مەن بىر بالا، شېئىر يېزىپ تۆكتۈم تەر.
بولغۇم كەلمەس نان سورىغان تىلەمچى،
مەن تۇرمۇشتىن شېئىر سورىغان قەلەندەر.

## دېرىزىگىدە قالغاندۇ

شۇ بىر چاغلار ئېسىمدە
دېرىزىگىنى قاققىنىم.
سېنىڭ بىلەن سۆيگۈنىڭ
دەرياسىدا ئاققىنىم.

بۈگۈن باشقا بىر يىگىت
دېرىزىگدىن مارايدۇ.
ئىككى كۆزى تۆت بولۇپ
يوللىرىڭغا قارايدۇ.

ئەتىگىلا بۇ يەرگە
ئىزى چۈشەر باشقىنىڭ.
دېرىزىگدە قالغاندۇ
كۆلەڭگىسى قانچىنىڭ؟

## بالىلىق

كېتىۋاتسام ئۈچ بالا
مېنى دوراپ مېڭىشتى.
ئۆز ئىشىدىن كۈلۈشۈپ،
تام كەينىگە قېچىشتى.

ئاچچىقىمغا پايلىماي
تۇتىۋالدىم بالىنى.
ئۇراي دېسەم، يالۋۇرۇپ
كۆزۈمگە تىك قارىدى.

شۇ ئان تىترەپ قوللىرىم،
ئوت تۇتاشتى يۈزۈمگە.
بالىلىقىم مېنىڭمۇ
كۆرۈنگەچكە كۆزۈمگە.

# ساتىراشنىڭ قىزى

ئەخمەت مۇساق

(ھېكايە)

تاشلەڭگەر — بىر زامانلاردا ئىككى ئۈچ ئۆيلۈك ئادىمى بار بىر ئۆتەڭ بولۇپ، ئۆتكەن-كەچكەن سودىگەرلەر، تاۋاپچىلار، مۇساپىرلار بىرەر كېچە قونۇپ ئۆتىدىغان جاي ئىكەنمىش. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەرگە ئادەملەر كۆچۈپ كېلىپ كىچىككىنە مەھەللە بولۇپ شەكىللىنىپتۇ ۋە كىشىلەر بۇ يېڭى جايغا «تاشلەڭگەر» دېگەن ئىسىم قويۇپتۇ. مەھەللىدە ئاشخانا، ناۋايخانا، دەڭ-سارايلار بەرپا بولۇپتۇ؛ ھەر پەيشەنبە قىزىق بازار بولىدىغان بولۇپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھېلىم ساتىراشنىڭ ئاتىسى خېلى داڭلىق ساتىراش ئىكەنمىش. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلىدىن باشقا ھېچكىمگە ئۆگەتمىگەنىكەن. خۇداغا شۈكرى، ھېلىم ساتىراش ئاتىسىدىن مىراس قالغان شۇ ئۇستىرا بىلەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»... «داجەيدىن ئۆگىنىش» تىن ئىبارەت ئېغىر يىللارنى تولا كۆپ ھەرەج تارتماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. مەھەللىنىڭ سەل ئاياغ تەرىپىدىكى توپا تاغنىڭ كۈنگەي يېرىگە سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ھويلىسى ھەرقاچان ئادەمدىن خالى بولمايتتى. ئەترەت كادىرلىرى «ئۇنى بۈگۈن نېمىلا بولمىسۇن، ئېتىزلىققا ياكى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ھەيدەپ كېلىش» نى قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشەتتىيۇ، چىرايلىق چۈشۈرۈلگەن باشلىرىنى سىيلاپ، يارىشىملىق ياسالغان بۇرۇتلىرىنى تولغىغىنىچە جىمجىت چىقىپ كېتىشەتتى. دېمىسىمۇ ھېلىم ساتىراشنىڭ ئاپئاق قوللىرى چاچنى ئۇۋۇلاش بىلەن ئۇستىرا تۇتۇشتىن باشقىغا يارىمايتتى. تاپقانلار بىرەر ئىككى موچەن، ياكى بىرەر يېرىم نان بەرسە، ئۇ «ھەشقاللا» ئېيتىپ ئالاتتى. تاپالمىغانلارنى پەقەت خىجىل قىلمايتتى. شۇڭا بۇ ياۋاش، ھېچكىمگە زىيىنى تەگمەيدىغان تەقۋادار ئادەم جامائەت توپىغا بەك ئارىلاشمىسىمۇ، چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۇنى يەنىلا ھۆرمەتلەيتتى.

* *

ئۆتكەن يىلدىن بۇيان تاشلەڭگەردە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئومۇم-

يۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، يەرلەر ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم كىشىلەر تاغقا كىرىپ كۆمۈركان ئاچتى، خۇمدان ياساپ ھاك پىشۇردى. شۇنىڭ بىلەن تاشلەڭگەر يەنە يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭگە ئايلاندى. تاشلەڭگەرلىكلەرنىڭ ئانا مىراس ھۈنەرلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، دەسلەپ چايخانىلار، ئارقىدىن ئاشخانا، ناۋايخانىلار، ھەتتا ئەرزان باھالىق قونالغۇ-دەڭلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولدى-دە، تاشلەڭگەر ئۆزىنىڭ قەدىمىي چۈشىنى تەكرارلاشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ھېلىم ئۇستام ئاتمىشتىن ئاشقانىدى. ئۇمۇ ئۇستۇرىلىرىنى قايتىدىن چاقلىتىپ دەرۋازا ئالدىغا ئىككى ئورۇندۇقنى قويۇپ، ئۆز ھۈنىرىنى باشلىدى. لېكىن، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئانچە ئاقمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ياشلارنىڭ تولىسى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋالىدىغان بولۇۋالدى. ئوتتۇرا ياشلىقلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ شەھەردە ياسىتىپ چىققان بۇرۇتلىرىنى كۆز-كۆز قىلغاندەك، ئۇنىڭ ئالدىدىن گىدىيىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كونا ئۇستىرىسىغا پەقەت بىرنەچچە قېرى-چۈرىلەرلا ھاجەتمەندى. «ھەي، ئاشۇ ھەمراخان قىز بولماي، ئوغۇل بولۇپ قالغان بولسىدى، مەن ئۆز ھۈنىرىمنى ئوبدان ئۆگىتىپ، ئۇنىڭغا يېڭىچە سايمانلارنى تەقلەپ بېرەتتىم، ئۇ چاغدا ئاتا مىراس ھۈنەر بۇنچىلا خارلىنىپ قالمايتتى. نېمە ئامال؟ ساتىراشلىق دېگەن قىزلار قىلىدىغان ئىش بولمىسا!؟»

— دادا، مەنمۇ ساتىراشچىلىقنى ئۆگەنسەم بولمامدۇ؟ — دېدى دادىسىنىڭ ئويىنى چۈشىنىۋاتقان ھەمراخان بىر كۈنى، — شەھەردىمۇ ساپلا قىزلار ساتىراشلىق قىلىدىكەن.

— نېمە؟... — ھېلىم بوۋايىنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى، — ئۇقۇپ قوي، بۇ يەر شەھەر ئەمەس، تاشلەڭگەر، مەن تىلەمچىلىك قىلساممۇ، ساڭا ھەرگىز ئۇ ئىشنى قىلغۇزمايمەن!

— دادا، مەن چوقۇم ئۆگىنىمەن، — دېدى قىز قەتئىيلىك بىلەن. ھېلىم بوۋاي قىزىنىڭ بۇنداق قەتئىي پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

* *

ھەمرا قىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپنىڭ تاللاش ئىمتىھانىدىنمۇ خېلى ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەنىدى. ئەمدى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتسە، چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇشى، تاشلەڭگەرلىكلەر ئۈچۈن شان-شەرەپ قازىنىشى مۇمكىنىدى. ئەمما، ئوقۇش ئۈچۈن پۇل كېرەك، ئاتمىش ياشتىن ئاشقان دادىسى ئۇنى يەنە ئوقۇتىمەن دەپ، يېمەي-ئىچمەي ئولتۇرامدۇ؟ شۇلارنى ئويلىغان قىز يۇقىرىلاپ ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، شەھەردىكى بىر ساتىراشقا شاگىرت بولدى. ئۇستىسى نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىلدى. زەڭ قويۇپ ئۆگەندى. بىرنەچچە ئايغا قالمايلا شەھەرلىكلەرنىڭ ھەر خىل پاسوندىكى چاچلىرىنىمۇ خېرىدارلارنى رازى قىلغۇدەك ئالالايدىغان بولدى. بۇ قىزنىڭ ساتىراشلىقنى شۇنچە تېز ئۆگىنىۋېلىشىدىن ھەيران قالغان ئۇستىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز ھۈنىرىنى قويماي ئۆگەتتى. ساۋاقداشلىر-

نىڭ بەزىسى خۇشال، بەزىسى يىغلاپ-
قاقشاپ مەكتەپتىن ئايرىلغىنىدا، ئۇمۇ
ئۇستىسى سوۋغا قىلغان ۋە ئۆزى سېتىۋال-
غان بىر قىسىم ساتىراشلىق سايمانلىرىنى كۆ-
تۈرۈپ تاشلەڭگەرگە قايتتى.

ھېلىم ئۇستام قىزىنىڭ ئىشىدىن
دەسلەپ بىرمۇنچە رەنجىدى، كايىدى. بىر-
راق، ھەمراخان دادىسىنى ئاخىر قايىل
قىلدى. ئۇ دەسلەپ دادىسىنىڭ ئۇزاقتىن
بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن بېشىنى چىرايلىق
چۈشۈرۈپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياساپ قوي-
دى. ھېلىم ئۇستام قىزىنىڭ ھۈنەرنى ئۆب-
دان ئۆگەنگەنلىكىدىن كۆڭلىدە رازى بول-
دى. يەنە كېلىپ، ئۇ شۇنچە يىللاردىن
بېرى قىزىنىڭ رايىغا بىرىپ، كۆنۈپ قالغا-
نىدى. بۇ قېتىممۇ كۆڭلىدە رازى بولمى-
سىمۇ، قىزىغا يول قويۇشقا مەجبۇر بول-
دى: «قېنى قىلىپ باقسۇن، ئىككى كۈندە
زېرىكمىگىنىنى كۆرەي!»

بىراق ئۇ كۆڭلىدە ئۇنداق دېگەن
بىلەن، قىزىنىڭ ئىشىغا يەنىلا ھە-ھۇ دې-
يىشىپ بەردى. ئىككىسى ھويلىنىڭ ئىچى-
تېشىنى ئاپئاق ئاقارتتى، بىر ئېغىز ئۆينى
بىكارلاپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى سىرتقا قارد-
تىپ ئاچتى. بىرقانچە ئورۇندۇق ياساتتى.
شۇنىڭ بىلەن تاشلەڭگەردە يېڭىچە بىر
ساتىراشخانا بارلىققا كەلدى.

* *

«ھەمرا ھېلىم ساتىراشخانىسى، يېڭى
پاسۇندا چاچ ئالىمىز، ساقال-بۇرۇت
ياسايمىز»

قىپقىزىل تاختايغا ئاق ھەلدە يې-
زىلىپ دۇكاننىڭ بېشىغا ئېسىلغان ئېلان
تاختىسى تاشلەڭگەرلىكلەرنى ھەيران قال-
دۇردى. قېرىلار يىراقتىنلا «خۇدايا تۇۋا!»
دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى، ياشلار بولسا،
ھەدەپ ئىشىك ئالدىغا دۆۋىلىشىۋېلىپ، تا-
ماشا كۆرۈشكە باشلىدى. شۇ كۈنى دۇكان
ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەم يىغىلغان بولسىمۇ،
ھېچكىم چاچ ئالدۇرغىلى كىرمىدى. ھې-
لىم بوۋاي پات-پات چىقىپ قاراپ قويۇپ
يەنە كىرىپ كېتەتتى، ھەمراخان بولسا
ھېچ ئىش يوقتەك، ھېلى ئۇستىرىلىرىنى
كاپلىسا، ھېلى تۇرۇپ يېڭى سېتىۋالغان
چاچ ئېلىش ماشىنىسىنى ئۆزىنىڭ چېچى-
نىڭ ئۇچىدا سىناپ كۆرەتتى.

كۈن چۈشتىن ئېگىلگەندە، تاغ ئىچى-
دىن لىق كۆمۈر قاچىلانغان بىر تراكتور
كېلىپ ئادەم دۆۋىلىشىپ تۇرغان يولدىن
ئۆتەلمەي توختاپ قالدى.

— ھاي، بۇ يەردە قانداق ئويۇن بو-
لۇۋاتىدۇ؟ — تراكتورچى كابىنىكىدىن
بېشىنى چىقىرىپ توۋلىدى.

— كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى توپ ئى-
چىدىن بىرسى دۇكاننى كۆرسىتىپ، — بۇ
يەردە زامانىۋى ساتىراشخانا ئېچىلدى، كۆ-
دۈرگە مىلىنىپ كەتكەن چېچىڭنى بۇدۇرە
قىلىۋالامسەن؟

— ئوھوي، — تراكتورچى بۇ گەپنى
ئاڭلاپ كابىنىكىدىن سەكرەپ چۈشتى، —
بەلەن گەپكەنغۇ بۇ، ئۇنداقتا، باللارنىڭ
ئانىسىمۇ خۇشال بولىدۇ، دېگىنە، — ئۇ ئۇدۇل
دۇكانغا كىرىپلا ئورۇندۇققا ئولتۇردى، دەر-
ۋازا ئالدىدا دۆۋىلىشىپ تۇرغان بىكار تەلەپ-
لەر «دۈررىدە» دۇكانغا ئولاشتى.

ھەمراخان ئۆزىنىڭ تۇنجى خېرى-
دارىنى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋې-
لىپ، بويۇنلىرىغا ئاپئاق خالاتنى ئورىدى-
دە، چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى
تەكشى تارىۋېتىپ، ماشىنىسىنى شىتىرلى-

تىپ، تۆۋەندىن ئۈستۈنگە قارىتىپ تېز-تېز يۆگۈرتۈشكە باشلىدى. ئولىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىمۇ ماشىنا بىلەن تەڭ ئېگىز-پەس يۆتكىلىپ، ھەرىكەت قىلاتتى. تراكتورچى يىگىت كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئاپئاق سوپۇن سۈركەلگەن بويۇنلىرى ۋە ئېڭەكلىرىمۇ پاكىزە قىرىلىپ بولدى، بىراق، تراكتورچى تېخىچىلا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئولتۇراتتى.

— تۈگىدى، — دېدى قىز خېرىدارنى يەڭگىل نوقۇپ.

— ھە؟ — خېرىدار ئۇيقۇسىرىغان كۆزىنى ئېچىپ، ئالدىدىكى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ئەينەككە قاراپ مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۈلدى — بېشىمنى يۇيۇپ قويغان بولسىڭىز.

— بۇ ... — قىزچاق سەل قىزاردى، — سۈيىمىز سەل تەسرەك، شۇڭا، ھازىرچە... كەچۈرسىز.

— كېرەك يوق، كېرەك يوق ... تراكتورچى ئېڭەكلىرىنى سىلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، بەش موچەنلىك پۇلدىن بىرنى ئۇزاتتى.

— مەڭ، — ھەمراقىز ئۈچ موچەننى قايتۇردى.

— ھەي، ھازىر ئىككى موچەنگە ساقالمۇ ئالمايدۇ، — دېدى ھېلىقى يىگىت سەمىمىيلىك بىلەن، — بۇنداق قىلسىڭىز، زىيان تارتىسىز، — ئۇ پۇلنى ھەمراخانغا تەڭلىدى.

— ھازىر شارائىتىمىز ناچار، كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ ئۆستۈرسەكمۇ بولىدۇ، — قىز پۇلنى ئالماستىن يەردىكى چاچلارنى سۈپۈرگىلى تۇردى.

— ماقۇل ئەمىسە، ئۇستام، كۆمۈر بىر نېمە لازىم بولسا، ھايت دېۋەتەرسىز.

— يەنە كېلەرسىز ...

— چوقۇم ... چوقۇم ...

ئەتراپتا تۇرغان ياشلار خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك بىرنەچچىسى بىراقلا دۇكانغا كىرىپ ئورۇندۇققا يۈگۈرۈشتى. بىردەمدە خېلى ئۇزۇن ئۆچىرەت پەيدا بولدى.

ھەمراخان پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ تۇنجى خېرىدارلارنى رازى قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ ھېرىپ-چارچىغىنىنىمۇ تۇيمىدى، كىشىلەرنى بىر-بىرلەپ يولغا سېلىپ بولغىنىدا، كۈن خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى سۇ ئەكەلمەكچى بولۇپ چېلەكنى ئېلىپ تاشقىرىغا مېڭىۋېدى، باياتىن قىزنىڭ ئىشلىرىغا زوق بىلەن قاراپ تۇرغان ھېلىم ئۇستام چېلەككە ئېسىلدى:

— قىزىم، سەن بىردەم دېمىڭنى ئېلىۋال، سۇنى مەن ئەپكېلەي، — دېدى كۆيۈنگەن ھالدا.

— ياق، دادا، ئۆزەم ئەپكېلەي، — دېدى ھەمراخان ئۇنىماي.

— ئەپكېلىڭا، مەنلا ئەكىلىۋېتەي، — يېڭىلا چېچىنى ياستىپ بولۇپ قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرغان مىرامەت ھەمراخاننىڭ قولىدىن چاقچاقلىق بىلەن چېلەكنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھايال ئۆتمەي ئىككى چېلەكتە لىققىدە سۇنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ھەمراخان ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

— ھەمراخان، ماقۇل دېسىڭىز، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ئەكىلىپ، سۇ ئىسسىتىپ بېرەي، — دېدى مىرامەت ھەمراخانغا، — بىكارچىلىقتىن بوغۇلۇپ كەتتىم.

ــ هە، مىرامەت بالام، ــ ھىلىم بوۋاي
ساقاللىرىنى تىترىتىپ كۈلدى، ــ سىڭلىڭغا
شاگىرت بولاي دەمسەن؟ داداڭ رازى
بولارمۇ؟

مىرامەت ھىلىم ئۇستامنىڭ قوشنىسى
ھاشىم تېۋىپنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇ
ئالدىنقى يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈر-
گەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى-
دىن ئۆتەلمەي، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن-
دى. ئۇ دادىسىنىڭ زورى بىلەن دورا
سوقۇپ يۈرسىمۇ، لېكىن، تېۋىپچىلىققا
پەقەت قىزىقمايتتى. ھاشىم تېۋىپمۇ ئۆز
ئوغلىنىڭ ئاتا كەسپىگە مىراسلىق قىلال-
مايدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن، ئوغلىنى
تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈنلا، ئۆز يېنىدا
ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا سالاتتى. ھا-
شىم تېۋىپ تاشلەڭگەردە خېلى يۈزلۈك،
ھاللىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ
كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولغان، پەقەت
ئوغلى بىلەنلا ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ
ئاز-تولا يىغىپ قويغانلىرى بولسىمۇ،
لېكىن، ئوغلىنىڭ بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشى-
نى تۇتالماي، كېيىنچە جان باقالماي
قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا، ئۇ ئوغلى-
نىڭ ھىلىم ساتىراشقا شاگىرت بولۇش
خىيالىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا
خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى.

ھەمراخاننىڭ ھۈنىرى ئەمدى رەس-
مىي يۈرۈشۈپ كەتتى. پۈتكۈل تاشلەڭگەر-
لىكلەرلا ئەمەس، يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن
كىشىلەرمۇ ھەمراخاننىڭ دۇكىنى ئالدىدا
توختاپ، چاچ-ساقاللىرىنى ياسىتىپ، چاي-
پاي ئىچىپ كېتىدىغان بولدى. يېرىم يىل-
دىن كېيىن ئۇلار ھويلىنىڭ ئالدىغا پىش-
شىق خىشتىن يېڭى دۇكان سالدى. ھىلىم
ساتىراش ئەمدى ئۇستىرا تۇتۇپ ھۈنەر
قىلمىسىمۇ، ئۆز ھۈنىرىنىڭ ھەمراخاننىڭ
قولىدا تېخىمۇ يېتىلىپ، روناق تېپىۋات-
قانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

ــ ئوغلۇم يوق دەپ قاخشاپ يۈرۈپ-
تىكەنمەن ھى ... ھى ... ــ ھىلىم ئۇستام
تەڭتۇشلىرى ئالدىدا چىرايلىق ياسالغان
ساقال-بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ مەمنۇن-
لۇق بىلەن كۈلەتتى.

ــ ئۇستام، مەن ئوغۇلدىن ئىككىنى
بەرسەم، ھەمراخانغا تېگىشەمدۇق-يا؟ ــ
باشقىلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى.

ــ ھى ... ھى ... قىزىم ئاران بىر
تۇرسا، ــ ھىلىم بوۋاينىڭ چىشسىز ئاغزى
يۇمۇلماي قالاتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، قىز بالىنىڭ
ساتىراشلىق قىلماقچى بولغىنىنى ئاڭلىغان
تاشلەڭگەرلىكلەر دەسلەپىدە مىڭ قېتىم
«توۋا» قىلىشىپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشقانىدى.
لېكىن، ھەمراخاننىڭ بارغانچە كامالەتكە
يېتىۋاتقان ھۈنىرىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ
قايىل بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ياشانغانلار-
مۇ بۇ يەرگە پات-پات كېلىپ، ساقال-
بۇرۇتلىرىنى ياساتقاچ، ئۆتكەن-كەچكەن
پاراڭلىرىنى قىلىشىدىغان بولۇشتى.

ــ شۇنداق قىلىپ، مەزلۇم خەقتىنمۇ
ساتىراش چىقتى، دېسىلە، ــ دېدى خۇدا
بەردى موللام تەئەددى قىلىپ.

ــ ساۋاپ، ساۋاپ، ــ كامال ئىمام
ئىتتىك گەپكە قوشۇلدى، ــ ئەلمىساقتىن
بۇيان، شاھلاردىن تارتىپ دىۋانىلەرگىچە،
ھەقىرلەردىن تارتىپ پىقىرلەرگىچە ھېچ-
كىم ساتىراشقا ھاجەتسىز ئۆتكەن ئەمەس.
باشنى ۋاقتىدا چۈشۈرتۈپ، ساقال-بۇرۇتنى
ياسىتىپ تۇرماق پەرىزدۇر. يۇرتىمىزدا

ھېلىم ئاخۇندىن باشقا ساتىراش يوق ئىدى. مانا ئەمدى ھەمراخېنىم بۇ ئىشنى مۇبارەك قوللىرىغا ئېلىپ، بىزنى بىر غەمدىن خالاس قىلدى دېسىلە.

— ئەگەر، ھاشىماخۇنىنىڭ ئوغلى بۇ ئىشنى تولۇق قولىغا ئالسا، ھەمراخان...— خۇدا بەردى موللام ھېلىلا ياساتقان ساقىلىنى سىلىغىنىچە، ھەييارلىق بىلەن كۈلدى.

— بۇ باللارنىڭ ئۆز ئىشى، تەقسىر.

— كارامەت، كارامەت، — كامال ئىمام بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى، — ھېلىماخۇن بوۋىلىرىدىن تارتىپ ھۈنەرنى سىرتقا چىقارمايدىغان، ئەمدى ھۈنەرنىمۇ، ئوغۇلنىمۇ سىرتقا چىقارمايلىغۇ دەيمەن!

— خۇدا خالىسا، — ھېلىم ئاخۇن كۈلدى، ئولتۇرغانلار ھەممىسى تەڭ كۈلدى.

* *

— ئۇستام، — دېدى مىرامەت بىر كۈنى خېرىدار شالاڭلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەمراخانغا، — مەن ئەمدى ھۈنەرنى ئاساسەن ئۆگىنىپ بولغاندىمەن؟

— نېمە؟ — ھەمراخان كۈلۈمسىرىدى، — دۇكان ئايرىشقا ئالدىراۋاتامسىز؟

— ياق ... ياق ... — مىرامەت قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ھازىر يىگىرمىدىن ئاشقان بولۇپ، دەسلەپتە بۇ دۇكانغا شاگىرت بولۇشقا نېمە مەجبۇرلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ھەمراخان بىلەن بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئانچە بەك ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسى خېلى يىراق جايلارغا ياتلىق قىلىنىپ كەتكەن، ئانىسى بولسا خېلى بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكتىن، ئۇ نەچچە قېتىم بۇ كىچىككىنە تاغلىق مەھەللىدىن كېتىپ، باشقا جايدا ئىش تاپماقچىمۇ بولدى. بىراق، يەتمىشتىن ئاشقان دادىسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ تېرىككەك، ئىش ياقماس بولۇپ قالغانىدى.

ھەمراخاننىڭ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تاشلەڭگەرگە قايتىپ كېلىشى، بولۇپمۇ دەرسلەردە ئەلا ئوقۇپ، ئاللاش ئىمتىھانىدىن ئوبدان ئۆتكەن بۇ قىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە بېرىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاتا مىراس كەسىپ ساتىراشلىقنى قولغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ دەسلەپتە مىرامەتمۇ بارلىق يۇرتداشلارغا ئوخشاش ھەم ھەيران بولدى، ھەم ئېچىندى. لېكىن، ئاخىرى ئۇمۇ قىزنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا شاگىرت بولدى. ئۇ سۇ توشۇپ، باش يۇيۇپ، يۇندا تۆكۈپ يۈرسىمۇ، كۆڭلىدە چەكسىز خۇشال ئىدى. چۈنكى بۇ كىچىككىنە ساتىراشخانىدا ئۇنىڭ كەلگۈسى ئارزۇ-ئارمانلىرى كۆكلىمەكتە. يۈرىكىدە ياشلىقنىڭ ئۇچقۇنلىرى لاۋۇلداپ، مۇھەببەت بىخلىرى تۇپراق يېرىپ چىقماقتا ئىدى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا: «سەن ساتىراشلىقنى ئەمەس، ساتىراشنى دەپ شاگىرت بولدۇڭ!» دېسە، ئۇمۇ: «ھە، قانداق؟ شۇنداق ئۇستامغا شاگىرت بولۇشقا ئەرزىمەمدىكەن؟» دەپ تارتىنماستىن جاۋاب بېرەتتى. مانا ئەمدى ئۇ ھۈنەرنى ئاساسەن ئۆگىنىپ بولدى. بۇ يەردە ھۈنەرنىلا ئەمەس، قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىرىشچانلىق، ئىنتىلىش روھىنى، ئوچۇق-يورۇقلۇقىنى، ئەدەب-ئەخلاقىنى ۋە تېخىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە دۇكانغا يىپسىز باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۇكان ئايرىش، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىيىنىدى. بىراق ئۇ ئۆتكەن قېتىم بىر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىزنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ باشقىچە ئەرسىنى سېزىپ قالدى، بۇ ئۆي پۈتۈنلەي شەھەرلىكلەرچە جابدۇلغان بولۇپ، جاھازىدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرى ۋە باشقا ماتېرىياللار تىزىلىپ كەتكەنىدى.

— ئۇستام، يەنىلا ئالىي مەكتەپتىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزەلمەيۋاتامسىز - نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزدىن.

— شۇنداق، ئۇقۇش خىيالى كاللامدىن زادىلا كەتكىلى ئۇنىمايدىغۇ - تاڭ؟

— ئۇنداقتا، ئىمتىھانغا قاتنىشىپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟

قىز كۈلۈپلا قويدى. يىگىت بۇ كۈلكىدىن بىر ھەسرەتنى سەزدى. «شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ دۇكان ئېچىپ، ساتىراشلىق قىلىشى پەقەت دادىسىنى بېقىش، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىككىسىدىن بىرنى تاللىۋېلىشقا كەلگەندە، قىز ئۆز ۋاپادارلىقىنى كۆرسىتىپ، ئاتىسىنى بېقىش ئۈچۈن، ئاتا ھۆنىرىنى تاللىۋالدى. بۇ ئىش قىزچاقنىڭ ياشلىقىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قۇربان قىلدىغان بولسىمۇ، ئۇرغۇن سۆز - چۆچەك، تاپا - تەنىلەرگە قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تاللىۋالغان يولىدىن يانمىدى. ئۇ ماڭا ھۈنەردىلا ئەمەس، ئەقىل ئىدراك، غەيرەت - جاسارەت جەھەتلەردىمۇ ئۇستاز بولدى. شۇنداق ئىكەن مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايمەن، بىراق، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنەرمۇ؟....» ئۇنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ كەتتى.

— ھوي، قېتىپلا قاپسىزغۇ؟ — قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى، — دۇكان ئايرىيمەن دېسەڭىز مەنمۇ قوشۇلىمەن. سىز ... راستىنلا دۇكان ئايرىماقچىمۇ؟ — قىز پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىغاندەك قىلسىمۇ، ئاۋازى ئىختىيارسىز تىترەپ چىقتى.

— ياق ... ياق ... — يىگىت قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — مەن ئۆز ئالدىمغا ھۈنەر قىلغۇدەك بولغاندىكىن، سىزنى ئوقۇۋالسا دەپ ...

— نېمە؟ سىز ... يەنىلا شۇ گەپتەمۇ؟ — قىزنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالدى، — ماڭا نەدىكى ئوقۇش، قېرىغان دادامنى تاشلاپ قانداقمۇ ئوقۇشقا بارالايمەن، سىززە ...

— ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، — يىگىت سەل دىدىللەشتى، — ھازىر دۇكىنىمىز خېلى گۈللىنىپ قالدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ئانچە قىسىلمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە ئىككى ئۇستامنىڭ بولۇشىمۇ ھاجەتسىز، مەن بىر شاگىرت ئالسام، ئاۋۋالقىدەكلا ھۈنەرنى يۈرگۈزۈشتۈرۈپ كېتەلەيمەن. ھىلىم ئاكامغىمۇ ئۆز ئاتامدەك قاراپ كېتەلەيمەن. شۇڭا، ئىككىلىمىز سوپۇنغا چىلىشىپ ئۆتكۈچە، بىرىمىز بولسىمۇ ئوقۇساق، نېمىسى يامان!؟

— ئۇنداقتا ... — قىز مۇلايىملاشتى، — سىز ئوغۇل بولغاندىكىن، بېرىپ ئوقۇڭ، مەن ھاشىم بوۋامغا سىزگە ئوخشاشلا ياخشى قارايمەن.

— مەن ئۆز ۋاقتىدا تاللاش ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئوقۇغانلىرىمنىمۇ يەپ بولدۇم. ئىشەنچ چوڭ ئەمەس، سىز مەكتەپتە ئەلا ئوقۇغان، دەرسلەرنىمۇ تەكرارلاپ تۇردى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ىمىز، شۇڭا ئىككىلەنمەي ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ.

— سىز ... — قىز يىگىتكە ھەيرانلىق ھەم زوق بىلەن تىكىلدى.

* *

تاشلەڭگەردە يەنە بىر يېڭى خەۋەر تارقالدى: ھىلىم ساتىراشنىڭ قىزى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈدەك!

— ھەي، قىز بالا دېگەننى... تاپقان پۇلى ئۇنى تىنىم تاپقۇزماپتۇ-دە!

— تاشلەڭگەر تار كەلگەن گەپ!

— سا دېگەن چوجە ئېلىشقىلا يارالغان، توشقان ئالغىنىنى كىم كۆرۈپتىكەن!

مەھەللىدە ھەر خىل گەپ-سۆزلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا ھاشىم تېۋىپ ئۇششاق گەپچىلەرگە تەنبىھ بەردى:

— قىز بالا ئوقۇسا نېمە بولىدىكەن؟ ھازىر كىمنىڭ قانداق كارامىتى بولسا، كۆرسىتىدىغان زامان، بىزنىڭ مىرامەت ھۈنەرنى قولغا ئالدى. ئەمدى، بىر مەزلۇمنىڭ سوپۇنغا چىلىشىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى... ئوقۇسۇن...

— ھاشىماخۇنكا، باچكىغا قانات چىقسا، كۆۋۈكتا تۇرارمۇ؟ — دېدى خۇدابەردى موللام ساقىلىنى يالماپ.

— موللام، ھەممە ئىش تەقدىر-پېشانىدىن، قالغىنى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق.

— بەر ھەق، بەر ھەق، — كامال ئىمام تەستىقلىدى، — ئاللانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەيدىكەن، لېكىن-زە، ھازىر ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىگەنلەر تۆمۈرنى ئاسماندا ئۇچۇرۇۋاتىدىغۇ! ئاڭلىسام، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك دىيارىغىمۇ چىقىپتىمىش. خۇدا خالىسا، ھەمراخېنىم ھوشى جايىدا بالا بولدى. ئوقۇسۇن-دە، ئوقۇپ، مۇسۇلمان ئەھلى ئۈچۈن ئاز-تولا ئىش قىلسۇن.

شۇنىڭ بىلەن گەپ-سۆزلەر بېسىقتى، ھىلىم ئۇستامۇ ھاشىم تېۋىپنىڭ دالالىتى ۋە كامال ئىمامنىڭ ھەق گېپى ئالدىدا ھېچنېمە دېيەلمىدى. مىرامەت شەھەرگە كىرىپ، ھەمراخاننىڭ ئىمتىھان رەسمىيىتىنى ئۆتكەچ، بىرمۇنچە ماتېرىيال ئېلىپ چىقتى. ئىيۇل ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا، ساتىراشخانا تۈنجى قېتىم ئىشىكىنى تاقىدى. ھەمراخان مىرامەتنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرگە ئىمتىھان بېرىشكە كەتكەنىدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن ھەمراخانغا شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل-ئەدەبىيات پوكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇ خەۋەر تارقىلىش بىلەن پۈتۈن تاشلەڭگەر تەۋرەپ كەتتى. ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بېرىش — بۇلارنىڭ نەزىرىدە مەككە، مەدىنىگە بارغاندەك چوڭ ئىش ئىدى. ئىلگىرى بۇ يەردىن ئاران ئۈچ ئوقۇغۇچى يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىگە بېرىپ ئوقۇپ كېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تۇگۇل، يىراق تۇغقانلىرىمۇ ماختىنىشاتتى. ئەمدى ھىلىم ساتىراشنىڭ قىزى (تېخى ئۆزىمۇ ساتىراش) ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارىدىكەن ئەمەسمۇ!؟

كىشى ئۆزىنىڭ ئەل نەزىرىدىكى قىممىتىنى پەقەت بېشىغا چوڭ خۇشاللىق ياكى خاپىلىق كەلگەندىلا ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. ھىلىم ساتىراش ئەتىگەندىن بىرى ئۆزىنىشقا كەلگەن ئەل-جامائەتكە داستىخان سېلىپ، چاي قۇيۇپ بېرىپ

كەتكەن بولسىمۇ، چىشىمىز ئىغىزلىرى يەنىلا يۇمۇلمايتتى. مىرامەتنىڭ ئايىغى پىردەممۇ يەرگە تەگمەيتتى. كەلت كادىرلىرىدىن ئارتىپ، يېزا باشلىقلىرىغىچە كېلىشتى. كامال ئىمام باشلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ ئالاھىدە كېلىپ، ھىلىم ئۇستامنىڭ قىزىغا ئاق يول تىلەشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ھەمراخان ئولتۇرغان «خۇاڭخې» ئۈرۈمچىگە قاراپ قوزغالغاندا، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان مىرامەتنىڭ قەلبىدىكى ھىجران ئازابى ئاخىرى نومۇس، چىدام دامبىسىنى بۇزۇپ، كەلكۈن كەبى دەۋرەپ چىقتى. ھەمراخانمۇ كۆز چاناقلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ھەرقانچە قىلىپ توختىتالمىدى.

* *

«مىرامەت: ياخشىمۇسىز؟

سىزنى نېمە دەپ ئاتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، مەيلى، يەنىلا مىرامەت دەپ ئاتاۋېرەي، مىرامەت — مېنىڭ مۇراد-مەقسىتىم، بۇ ئىسىم مېنىڭ يۈرىكىمدە خۇددى تاشلەڭگەر دېگەن ئىسىمغا ئوخشاشلا مۇقەددەس، قەلبىمدە گۈلخان بولۇپ يېنىۋاتقان مۇراد-مەقسەتلىرىمگە ئوخشاشلا يۈكسەك، بىز سۆيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئەزىم دەريادەك ئۇلۇغ، ھازىر بەزى ياشلار بىر-بىرىنى، قەدىرلىكىم، سۆيۈملۈكۈم دېگەندەك گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئاتاشنى مودا قىلىۋېلىشتى، بىراق، بىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىمىزگە بۇنداق دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن پەداز بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى!؟

مىرامەت: مەن سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بۇلبۇللار... دېگەن ناخشىنى يول بويى ئېيتىپ كەلدىم. مەندىن بەزىلەر، سەنئەت مەكتىپىگە بارامسىز؟ دەپمۇ سوراشتى. بىراق، مەن يەنىلا ھازىرغىچە شۇ ناخشىنى ئېيتقىنىم ئېيتقان.

ئاپتوبۇس قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا بىزگە يەنە بەش-ئالتە بالا قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچى مېنىڭ مەكتەپداشلىرىم بولىدىكەن، بىز تېزلا تونۇشۇۋالدۇق. چاچلىرى گەدىنىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان، تار ئىشتان كىيىۋالغان كۆرەش ئىسىملىك بىرسى قايسى بىر ئورۇننىڭ باشلىقىنىڭ بالىسىكەن، يەنە ئىككى قىزمۇ بار ئىكەن، بىز يول بويى بىر-بىرىمىزگە ئوبدان ھەمرا بولۇشۇپ كەلدۇق. بولۇپمۇ ھېلىقى كۆرەش ئۆز ئىسمىغا ئوخشاشلا تېتىك، شوخ بالىكەن، ھەر كۈنى ئاپتوبۇستىن بالدۇر چۈشۈپلا بىزنى تاماقخانىغا باشلاپ باردۇ. ئاپتوبۇس بەش مىنۇت توختىسىمۇ، ئاشۇ كۆرەش چۈشۈپ ئۇنى-بۇنى سېتىۋېلىپ چىقىدۇ-دە، ئۇنىمىسىغىنىمىزغا قويماستىن، ھەممەيلەنگە ئۈلەشتۈرىدۇ. يولدا ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ قالغىنىم ھەقىقەتەن ماڭا كەلگەن ئامەت بولسا كېرەك، خۇداغا شۈكرى، ئۈرۈمچىگە ساق-سالامەت كېلىۋالدىم.

بىزدەك تاغ ئارىسىدا چوڭ بولغان، كۆپ بولسا ناھىيە بازىرىدىنلا بېرىپ باققان سەھرالىقلار ئۈچۈن، ئۈرۈمچى دېگەن ئاجايىپ يەر ئىكەن. رەت-رەت كوچىلار، ئاسمان پەلەك بىنالار، ماشىنا بىلەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكى... بىز ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ ئورنى بىزنىڭ تاشلەڭگەردەك نەچچە ھەسسە كېلىدىكەن. بىراق، تاشلەڭگەرنىڭ ھەممە ئادىمىنى يىغسا، ئۇنىڭ بىر زالىمۇ توشمايدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز بىلەن بىز تېخى ئۆزىمىزنى ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا دېسەك بولىدىكەن، ئەگەر پۇرسەت بولسا،

www.uyghurkitap.com

سىزمۇ بىر كېلىپ كۆرسىڭىز. (ياق، ياق! ھەرگىز كەلمەڭ، مەن ساۋاقداشلىرىمغا سىزنى نېمە دەپ تونۇشتۇرىمەن!).

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى كۈرەش بىلەن يەنە بىر قەشقەرلىك قىزچاق قوشۇلۇپ، ئۈچىمىز بىر سىنىپقا تەقسىم قىلىندۇق. سىنىپىمىزدا ئوتتۇز بەش ئوقۇغۇچى بار. ئالىي مەكتەپ دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. بىز ئوقۇغان چاغلار ئېسىڭىزدىمۇ؟ مۇئەللىملەر دائىم كۆزىمىزگە كىرىۋالىدىغان. بۇ يەردە بولسا ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلەپ بولۇپ بىر چىقىپ كەتسە، قارىسىنى كۆرگىلىمۇ بولمايدىكەن، كوچىلاردا دوقۇرۇشۇپ قالساقمۇ، ئۇلار بىزنى تونۇمايدىكەن. چوڭ شەھەر دېگەندە شۇنداق بولامدىكىن - تاڭ!؟

بۇ يەردە مېنى ھەمراقىز، دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ھېلىقى كۈرەش بولسا، مېنى دائىم ھەمراكۆل، دەپ چاقىرىدۇ. ئۆتكەن يەكشەنبىدە ساۋاقداشلار بىلەن بازارغا بارغاندۇق. قىزلار زورلاپ يۈرۈپ ماڭا ئىككى قۇر كىيىم ئالغۇزدى. كىيىپ باقسام، ئەسلىدىكى ھەمراخانغا ئوخشىمايلا قاپتىمەن. دەرھال سېلىۋەتمەكچى بولۇۋىدىم، ئۇلار قويمىدى. شەھەرگە كەلگەندىكىن، شەھەرگە لايىق بولمىسا چېنىپ قالىدىكەن! ھېلىقى كۈرەش تېخى: ھە، ئەمدى ھەمراكۆل تاغ گۈلىنىڭ ئۆزىلا بولدى، دەيدۇ. تاغ گۈلىنى كۆرۈپتىمىكىن - تاڭ! شۇ تۇرقۇم بىلەن چۈشكەن سۈرىتىمنى ئەۋەتتىم. خىجالەتچىلىكتىن قىزىرىپ كېتىپتىكەنمەن، سۈرەتمۇ ئوبدان چىقماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ سىزگە خاتىرە بولسۇن.

راست، ھاشىم دادام سالامەتمۇ؟ دادامغىمۇ خەت يازدىم. ھەقاچان سىز ئوقۇپ بېرىسىزغۇ دەيمەن؟ قالىدى ئەھۋاللارنى شۇنىڭدىن بىلىۋالارسىز.

خەيىر،

سىزنى سېغىنىپ:

ھەمراخان»

* *

ھەمراخان ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، مىرامەت دۈكىنىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، ياش باللاردىن ئىككىنى شاگىرتلىققا ئالدى. سىياسەتنىڭ بارغانسېرى كەڭ قويۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، تاغ ئىچىگە كىرىپ كۆمۈر كولايدىغانلار، ھاك كۆيدۈرىدىغانلار كۆپەيدى. تاغلىقلار تاشلەڭگەرگە كېلىپ، تاغ مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان، قىشلاقلاردىن كەلگەنلەرمۇ بۇ يەردە دېھقانچىلىق، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان بولدى. تاشلەڭگەر ئەمدى ئىسمى - جىسمىغا لايىق لەڭگەرگە ئايلىنىپ، بازىرى كېڭىيىپ، ساراي - ئاشپۇزۇللار كۆپەيدى. ناھىيىلىك تەمىنلەش - سودا كوپىراتىپى، چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ۋەكالەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىۋىدى، باج ئىدارىسى بىلەن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىمۇ ئۆز شۆبىلىرىنى قۇردى. ھەتتا جامائەت خەۋپسىزلىك پەيچۇسولىرىغىچە بار بولدى. تاشلەڭگەر ئەمدى دەۋر ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىساد، مەدەنىي - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە يېزا - قىشلاقلاردىن قېلىشمايدىغان بولدى. تاشلەڭگەرلىكلەرمۇ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قەددىنى رۇسلاپ، بېيىپ كېتىشتى. ماشىنا، تراكتور سېتىۋالغانلار كۆ-

پەيدى. ھاشىم تېۋىپنىڭ كونا ئۆيى چىقىۋېتىلىپ، پىششىق خىشتىن ئازادە ئۆيلەر سېلىندى. تېۋىپچىلىق دۇكىنى بىلەن ساتىراشخانا بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى دۇكان بىر ئاشپەزگە ئىجارىگە بېرىلدى.

ھەممە ئىشلار جاي-جايىدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن ھېلىم بوۋاي قىزىدىن غەم يەپلا يۈرەتتى. ئۇ ئۆز قىزىغا ئىشەنسىمۇ لېكىن قانداقتۇ بىر خاتىرجەمسىزلىك ئۇنى قىينايتتى. ئۆتكەندە، چاچ ئالدۇرغىلى كىرگەن بىر شوپۇر ئورۇمچىنىڭ گېپىنى قىلىپ، ھېلىم بوۋاينى تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىككە سېلىپ قويدى: قىز-يىگىتلەر كۆپكۈندۈزدە قولتۇقلىشىپ يۈرەرمىش، ھاراقنى سۇدەك ئىچەرمىش! «يا خۇدا! ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!» ھېلىم بوۋاينىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، كېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. ئەمما، ئۇ ئاتا بولغاچقا، بەزى گەپلەرنى قىزىغا بىۋاستە ئېيتىش ئەپسىز ئىدى. يەنە كېلىپ، خەتلەر مىرامەتنىڭ قولى ئارقىلىق يېزىلىدىغان بولغاچقا، ھېلىم بوۋاي ئۆز كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ياش ۋاقتىدا ئاز-تولا خەت ساۋاتىنى چىقىرىۋالمىغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىلاتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئىككىنچى يىلىغا ئۆتۈپلا قىزىنىڭ خەتلىرىمۇ ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. خەت كەلسىمۇ، بىرقانچە ئېغىز تىنچلىق سورىغاندىن باشقا ئۆز ئەھۋالىدىن بەكمۇ ئاز يازاتتى. مىرامەت بۇنى ئوقۇشنىڭ ئالدىراشلىقىغا چىقىرىپ، بوۋاينىڭ كۆڭلىنى تىنچىتماقچى بولاتتى-يۇ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بىر غەشلىك ئىچىدە قېلىۋاتقاندەك بولاتتى. بوۋاي ئىككى يىلدىن بىرى بارغانسېرى قېرىپ، ئاجىزلىشىپ، دۈمچىيىپ كەتتى. ھاشىم تېۋىپ بولسا، بىر كۈن ساق، بىر كۈن كېسەل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىم بوۋاينىڭ تەشەببۇسى بويىچە ھەمرا قىزغا يازلىق تەتىلدە چوقۇم كېلىشى توغرىسىدا خەت يېزىلىپ، پۇل ئەۋەتىلدى.

* *

ئېھ، تاغ گۈلى...

ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان قىزنىڭ ھەققەتەن تاشلەڭگەرلىك ھېلىم ساتىراشنىڭ قىزى — ھەمراخان ئىكەنلىكىگە بازار ئاھالىسى ئىشەنمەي قېلىشتى. شەھەرنىڭ نەم ھاۋاسىدا چىرايى ئاقىرىپ، بويى ئۆسۈپ قالغان قىزنىڭ يېڭى پاسونىدىكى قىپقىزىل كاستۇمى بىلەن تۈگمىلىك يوپكىسى، قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىسى بىلەن ئاپپاق بويىندا پارقىراپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۈنچە-مارجانلار، قولىدىكى كىچىككىنە ئاق سومكىسى، يۇلداق پەرى سۈپەت قىزنى تاشلەڭگەرلىكلەرنىڭ بەزىلىرى كىنولاردىلا كۆرگەن، بەزىلىرى بولسا كۆرۈپمۇ باقمىغان. ھەمراقىز ئۇچرىغان يۇرتداشلار بىلەن ئانچە-مۇنچە سالاملىشىپ قويۇپلا ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچكىچە ھېلىم بوۋايلارنىڭ ھويلىسىدىن ئەل-جامائەتنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھەر قېتىم ئۆي مېھماندىن سەل خالى قالغاندا، بوۋاي قىزىغا بىر نېمە دېمەكچىدەك ئاغزىنى ئۆمەللەيتتىيۇ، قىزىنىڭ پەرۋاسىز قىياپىتىگە قاراپلا، گېپىنى بوغۇزىغا يۇتاتتى. مېھمانلارغا داستىخان سېلىپ، چاي قۇيۇپ يۈرگەن مىرامەتمۇ قىز بىلەن بىرەر ئېغىز ئايرىم سۆزلىشىۋېلىشقا پۇرسەت تاپالمىغانلىقتىن،

www.uyghurkitap.com

يۈرىكى پۇچۇلۇپ تۇراتتى.
كەچ كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلگەندە مىرامەتمۇ قايتىشقا تەمشەلدى.
— خوش بوۋا، مەنمۇ چىقىپ
كېتەي.
— ھىم، ھىم... — ھېلىم بوۋاي
چامادان ئاختۇرۇپ، ئەتە يۆتكەيدىغان
كىيىملىرىنى تالالاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان
قىزىغا قاراپ قويدى. سەل تۇرۇپ بېقىپ-
مۇ قىزدىن ھېچقانداق سادا كەلمىگەنلى-
كىنى كۆرگەن مىرامەت سولاشقىنىچە
چىقىپ كەتتى.
— بالام، — ھېلىم بوۋاي ئەمدى
زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، — بىر ھارغىنغا
گەپ قىلما، بىر ئاچقانغا، دېگەن گەپ
بار، لېكىنزە... تېخى كەلگىنىڭدىن بېرى
ئۆزۈڭ ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىل-
مىدىڭ؟
— دادا، — قىز دادىسىغا قاپاقلىرىنى
سۈزۈپ قارىدى، — سۆزلەپ بەردىمغۇ؟
ئۇرۇمچى، مەكتەپ... ھەققىدە سۆزلەۋېرىپ،
ئېغىزىم قاپىرىپ كەتتى. يەنە نېمە...
— بىراق، ئۆزۈڭ ھەققىدە...— بوۋاي
قىزىغا تىكىلدى.
— ھەممىنى خەتتە ئېيتىپ تۇردۇم،
شۇ... مانا قالدىسى ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن.
ھەممە گەپنى سۆزلەپ بەرسەممۇ يەنە
ئاڭقىرالمىسىڭىز...
— لېكىنزە، بىرەر يىلنىڭياقى خېتىڭمۇ
تۇتىيا بولۇپ كەتتى.
— سىز - زە، ئوقۇشنىڭ ئالدىراشلىقى-
دىن باش قاشلىغىلى چولا تەگمىسە، ھەر
كۈنى خەت يېزىپ ئولتۇرغىلى ۋاقىت
نەدە؟
— ماقۇل قىزىم، ئۇنداق بولسا،
ئوقۇشۇڭ تۈگىگۈچە خەت يازمىساڭمۇ كۆڭ-
لۈمگە ئالمايمەن، سالامەت بولساڭلا بول-
دى، ئاناڭدىن كىچىك قالدىڭ، سەن
بىلەن كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، بىر ھەپتە
خېتىڭ كەلمىسە، كېلىمدىن تاماقمۇ ئۆت-
مەيدىكەن، — ھېلىم بوۋاي قىزىنىڭ ۋاقتى-
ۋاقتىدا خەت يازالماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى
بىلىپ، كۆڭلىدە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن
كېيىن، ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن بىرمۇنچە
پەند - نەسىھەت، ۋە ئەندىشىلىرىنى بىراقلا
ئۇنتۇپ، قىزنى ئەپۇ قىلدى، — دەم ئال
قىزىم، مەن قازا بولغان نامازلىرىمنى ئو-
قۇۋالاي، سەن بېشى باغلاقلىق ئادەمسەن،
ئەۋلادىمىز ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ بەختىڭ
ئېچىلىپ، چوڭ شەھەرلەرنى كۆردۈڭ،
ئەقلىي - ھوشۇڭ جايىدا، مەن ساڭا ئىشى-
نىمەن، — بوۋاي قىزىنىڭ چىرايىدىكى
ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلماستىن، چۆكۈن-
نى كۆتۈرگىنىچە ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

* *

«خۇدايا، قىزىمنىڭ بەختىنى بەرگەي-
سەن! يولىنى ئوچۇق، كۆڭلىنى يورۇق
قىلغايسەن! شۇ قاتاردا بارلىق ئىنسانلارغا
ئىنساپ بەرگەيسەن!...»
تاشقىرى ئۆيدە ھېلىم بوۋاي ئۆز
قىزىغا بەخت تىلەپ، خۇداغا يىغلاپ، سۇ
بولۇپ ئاقماقتا. يىراقتىن ئەزىم دەريانىڭ
رېتىملىق شار - شۇر ئاۋازى ئۆز پەرزەنت-
لىرىنى ئۇيقۇغا چىللىماقتا، تام ۋە ئۆگزى-
لەردە ئۇسۇپ خېلى ئېگىزلەپ قالغان قو-
مۇشلار مەيىن شامالدا يەڭگىل شىلدىرلاپ،
قەدىمىي ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتماقتا.
تاغلىق كەنتتە ھەممە جانلىقلار شېرىن،
بەختلىك كېچە قوينىغا غەرق بولغان.

بىراق، ھەمرا قىزنىڭ كۆڭلىدىن خاتىر-
جەملىك، كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان، ئۇ
تولغۇنىدۇ، قالداقتۇ بىرنەرسە ئۇنىڭ ئى-
چىنى تاتىلايدۇ؛ بۇگۈنىغۇ بىر نېمە دەي،
كۈلنى كەچ قىلدى، ئەتىچۇ؟ ئۆگۈنچۇ؟
ھەي، ئۆتكەن كۈنلەر، ئۇ ئۆكۈنسۈنمۇ؟
پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى چوڭ قىلغان
دادىسى ئالدىغا يىقىلىپ گۇنايىنى تىلى-
سۇنمۇ؟ ياكى... مىرامەتنىڭ ئاشۇ
چوققىلارغا ئوخشاش گەۋدىسىگە يېپىشىپ
تۇرۇپ، ئەپۇ سورىسۇنمۇ؟ ياكى... ھەم-
مىسىدىن... كېچىپ، ئاشۇ سۈزۈكلۈكىدىن
قوينىدا ھېچنېمە يوشۇرمايدىغان ئەزىم
دەريانىڭ ئانا سۈتىدەك پاك سۈيىگە ئۆزى-
نى ئېتىپ، بارلىق سەۋەنلىكلىرىنى يۇسۇن-
مۇ؟ ئاھ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە؟
ئۇ راستىنلا يۇرتداشلارغا، قېرى ئاتىسىغا
يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلدىمۇ؟

ئۇ ئۇرۇمچىگە دەسلەپ بارغاندا،
راستىنلا كۆنەلمىدى. كۈندۈزلىرى چاندۇر-
ماي يۈرگىنى بىلەن كېچىلىرى سۆيۈملۈك
يۇرتىنى، مېھرىبان ئاتىسىنى سېغىنىپ
ياش تۆكەتتى. ئۆزىنىڭ مىرامەت بىلەن
ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلىرىنى ئېسىدىن چىقىرال-
مايتتى. ساۋاقداشلىرى ئۇنى تاغلىق، دەپ
كەمسىتمىدى، چوڭ شەھەرنىڭ ھەممىلا
نەرسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ كېتەلەيدىغان
بىپايان قوينى ئۇنى يەكلىمىدى. شۇنىڭ
بىلەن، ئۇ ئاستا - ئاستا يېڭى مۇھىت،
يېڭى تۇرمۇشقا كۆندى، ئۆگىنىشنىڭ ئال-
دىراشلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ خىياللار ئىل-
كىدىن پەيدىنپەي قۇتۇلدى. بىرىنچى
يىلى ئۇ دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدىن
دېگۈدەك ئەلا ئۆتتى. ھەتتا بىرقانچە
پارچە مەشىق ھېكايىسى گېزىت - ژۇرناللاردا

ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد
بارلىقىنى سەزگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى
تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ
ئاقكۆڭۈل، خالىس، تۈزلۈكى بىلەن ساۋاق-
داشلىرىنىڭمۇ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ياتاق-
لاردا بولىدىغان نۆۋەتلىك ئولتۇرۇشلارنىڭ
تۆردىكى مېھمىنى بولۇپ قالدى. ساۋاق-
داشلارنىڭ ئادىتى بويىچە، كىمنىڭ ئۆيى-
دىن پۇل ياكى خالتا كەلسە، شۇ ئۆز
يېقىنلىرىغا بىر ئاخشام ئولتۇرۇش قىلىپ
بېرەتتى. بەزى شەنبە ئاخشاملىرى بىر
ياتاقتىكى ساۋاقداشلار پۇل چىقىرىپ، باش-
قىلارنى مېھمان قىلاتتى. بۇنداق سورۇن-
لارنىڭ تولىسى «بويتاق پەدىسى» بويىچە
بولۇپ، ئاز - تولا گازىر - كەمپىت، بىرەر
چايدان چاي بولسىلا بولاتتى.

ئۇنىڭ ياتىقىدا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان
پۇل كۆپرەك بولغاچقا، ئولتۇرۇشلارنى
كۆپىنچە ئۆزى كۆتۈرە ئالاتتى. بىراق،
بۇنداق سورۇنلاردا، مەيلى ئۇ چاقىرسۇن،
ياكى چاقىرمىسۇن، كۈرەش ھەرقاچان
ھازىر ئىدى. ئۇ خۇددى بۈگۈنكى ئولتۇ-
رۇشنىڭ ساھىبخانىدەك، كىمنى قەيەرگە
ئولتۇرغۇزۇش ... قاتارلىق ئىشلارغىچە
«خالىس» مەسلىھەتلىرىنى بېرەتتى. بىر قې-
تىم مېھمانلار ئولتۇرۇپ يەل - يېمىشلەرگە
ئېغىز تېگىشكە باشلىغاندا، كۈرەش تۇلۇم-
دىن توقماق چىققاندەكلا:

— ھەي ساۋاقداشلار، شۇنچە ئېسىل
داستىخاننى تەييارلىغان ساھىبخان بىزگە
«ھاياتلىق سۈيى» نېمۇ ئۇنتۇپ قالماپ-
تۇ، — دەپلا، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر
بوتۇلكا «كۆچىك ئاق ھارىقى» نى چىقى-
رىپ قويۇۋىدى، ھەمراقىز ھاڭ - تاڭ بول-
غىنىچە تۇرۇپلا قالدى، شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىچىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ چوڭ سىنىپتىن كىرگەن قىز-ئوغول ساۋاقداشلارنىڭ رومكىلىرىنى (ئوچۇقراقى، كورۇشكا، ئىستاكانلىرىنى) جاراڭ-جۇرۇڭ سوقۇشتۇرۇپ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ ئىچىشلىرى سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى، ھەمراقىز دەسلەپ كۆرەشتىن سورۇندا بۇنداق قىلماسلىقنى ئۆتۈندى، بىراق كۆرەشنىڭ پەرۋا قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە سورۇننى تاشلاپلا قىرائەتخانىغا چىقىپ كەتتى.

قىرائەتخانا تاقىلىپ، ئۇ ئەمدىلا ياتاق تەرەپكە مېڭىشىغا نەدىندۇر پەيدا بولغان كۆرەش دەلدەڭشىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى؛

— ھى...ھى... تاغ گۈلى، يارنى چىللاپ قويۇپ، مەززىلىك...

— داستىخان قانداقىراق بوپتۇ؟ — ھەمرا قىز گەپنى ئۈزۈپ، كۆرەشتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى.

— ياخشى، ياخشى بوپتۇ، كېمىنى بىز تولدۇرۇپ، يەنە ئۇچىنى سوقۇۋەتتۇق، دەڭگا... ئۇنداق ياخشى نازۇ-نېمەتلەر تۇرسا...

— ئەمىسە سىزمۇ دەم ئېلىڭ، — ھەمرا قىز ئىتتىك ياتاققا ماڭدى.

— ھى...ھى... تاغ گۈلى...

— نېرى تۇرۇڭ، — ھەمراقىز كۆرەشنىڭ شامالدا قالغان قارانچۇقتەك يولىنى توسۇپ تۇرغان قوللىرى ئاستىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى.

— ھى ... ھى ... تاشقا دەسسەپ ئۆسكەن ئادەم شۇنداق تاش يۈرەك بولىدىكەن-دە...

ھەمرا قىز ياتىقىغا كىرگىنىدە، ھەمراللىرى ئالىمقاچان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، دېرىزىلەرنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بەدبۇي ھاۋا لەپەسىنى قىسىپ، دىماغىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ ياتاققا كىرىپلا گەپ-سۆز قىلماي كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئەمدى بۇنداق سورۇنلاردىن بىزار بولغانىدى.

* *

— بالام، ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ — قىزنىڭ ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھىلىم بوۋاي كارىۋاتىنىڭ قېشىغا كەلدى، — ئاستىڭ قاتتىق بولۇپ قاپتىمۇ، يا يولدا بەك قىينىلىپ كېتىپ، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

قىزدىن جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن ئۇ پەسكە سۆرۈلۈپ قالغان يوتقاننى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

شۇنداق، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، لېكىن، بۇ ئۇنىڭ ئاستىنىڭ قاتتىقلىقىدىن، ياكى بىر يېرى ئاغرىغانلىقىدىن ئەمەس، ئەمىسە نېمە ئۈچۈن؟

«ياشلار كەلگۈسىنى كۆپ خىيال قىلىدۇ، ياشانغانلار بولسا، ئۆتكەننى ئەسلەش بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار.

قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن تونۇش ھاۋا، تونۇش تۇپراقنىڭ يۈرەكنى غىدىقلىغۇچى ھىدى، قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن تونۇش دەريانىڭ يېقىملىق ئەللەيلىشى، تام، ئۆگزىلەردىكى قومۇشلارنىڭ يەڭگىل شىلدىرلاشلىرى... ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ غۇبارسىز ئەسلىمىلىرىنى ئويغاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ خۇددى ناچار ئىشلەنگەن سىنئالغۇ فىلىمىدەك غىل-پال قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيال

قۇشلىرى يەنىلا ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈرۈلۈش پەيدا قىلغان شاۋقۇنلۇق كۈنلەرنى ئەگىپ كېتەلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەمراقىز بىرەر ئايغىچە باشقىلارنىڭ ئولتۇرۇشىغىمۇ بارمىدى، ياتىقىدا ئولتۇرۇشمۇ قىلمىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ بىر ھېكايىنى يېزىپ پۈتكۈزگەندى. بىر كۈنى كۆرەش باشقىلار ئارىلىق تونۇشقان، ئۆرۈمچىدە خېلى داڭقى چىققان بىر يازغۇچىنى ئۆز ياتىقىغا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ كۆرەشنىڭ تولا زورلىشى؛ بولۇپمۇ ھېلىقى يازغۇچى بىلەن تونۇشۇش ئىستىكىدە، كۆرەشلەرنىڭ ياتىقىغا كەلدى.

سورۇندىكىلەر دەسلەپ بىر-بىرىدىن ئەيمىنىپ جىم-جىت ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، بىرقانچە شېئىر ئوقۇلۇپ، بىرەر رومكىدىن ئايلانغاندىن كېيىن، سورۇن بارا-بارا قىزغىن تۈس ئالدى. بولۇپمۇ ھېلىقى يازغۇچى ھەمراقىزنىڭ ھېكايىسىنى نەق مەيداندىلا كۆرۈپ، بەزى جەھەتلەردىن رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىن، كۆرەش ئالاھىدە جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ھەمراقىزنىڭ ئالدىدىكى پىۋە ئىستاكىنىنى لىقلاپ، ئۇنى ھەدەپ ئىچىشكە زورلايتتى. ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭمۇ سالا-سۈلىسى بىلەن ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پىۋىگە ئېغىز تېگىپ سالدى. سورۇندا ئۇ خېلى خۇشال ئولتۇردى. ئاخىرىدا ھېلىقى يازغۇچى ئۇنىڭ ئەسىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى خېلى چوڭ بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. كۆرەش ئۇنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن، ئالاھىدە ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. دېمىسىمۇ، ئۆيدىن پۇل كەلسىلا ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىش ئادىتىگە ئايلىنىۋاتقان مەكتەپتە، قەلەم ھەققى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق قىلماي بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئولتۇرۇش ئۇنى ئۆزۈم ھارىقى ئىچىشكە ئېلىپ باردى. ئۇ بېرىپ-بېرىپ، ھاراق، شارابتىن ئانچە ئۆزىنى تارتمايدىغان، سورۇنلاردىن قالمايدىغان بولدى. ئۇ بۇنى كۆرەشنىڭ سۆزى بويىچە: «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەپ، ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى. ئۇ بەزى قىزلاردەك ئەقلىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق، بارغانسېرى ئىلگىرىكى ھەمراقىزغا ئوخشىماي قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ خىرە ھېس قىلاتتى. كۆرەش بولسا ئۇنىڭغا سايىدەكلا ئەگىشىۋالغانىدى. ئۇ ئەمدى كۆرەشكە ھەممە گەپنى ئوچۇق ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بىر كۈنى ئۇنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلدى. خۇشاللىقىدا يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەن كۆرەش ئازراق ئىچىۋېلىپ كىرگەن ۋە ئۇلپەتلىرىگە بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى — تاغ گۈلىنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈن ئېكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى،

— مېنىڭ يۇرتۇمدا لايىقىم بار، شۇڭا، سىز ئۆزىڭىزنى سەل تارتىپ يۈرسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ھە... سىزگە دائىم خەت كېلىدىغان ھېلىقى ساتىراشتۇ بەلكىم ...ھى... ھى... تاغلىق ساتىراش...

— سىز... ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزمەڭ... — قىزنىڭ قەلبى خورلۇق ئىچىدە

ياندى، — بىلىپ قويۇڭكى، مەنمۇ تاغلىق، ئاددى بىر ساتراشنىڭ قىزى.

— هى ... هى ... سىز دېگەن تاغ گۈلى ... هى ... هى ... تاغ گۈلىنى گەندە هارۋىسىغا سانجىپ قويسا...

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، — قىز غەزەبلەندى، — گەندە هارۋىسى دەپ، سىزدەك تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال، قۇرۇق سۆلەت بايۋەتچىلەرنى دەيمىز...

— هى ... هى ... يارنىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى ... نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، مەن...— كۆرەش ئەمدى بېزەڭلىك قىلىشقا باشلىدى، ئۇ ئىككى پىيالىگە چاي قويۇپ، بىرنى هەمراقىزغا تەڭلەپ تۇتۇپ تۇراتتى، «كۆرەش! هاي كۆرەش!» دېگىنىچە، ئۇسۇپلا كىرگەن ئابلىمىت ئارقىسىغا قاراپ توۋلىدى:

— هەي، كىرىۋېرىڭلار، كۆرىشاخۇن بۈگۈن نېمىشقا سورۇندىن قاچىدىكەن، دېسەم، تاهىر-زوهرا ئۇچرىشىپتىكەن، ئەمەسمۇ؟

هەمرا قىزبىر نېمە دېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا، بەش-ئالتەيلەن «گۇرردە» ياتاققا كىرىپ كېلىشتى، كۆرەش يەنىلا ساهىبخانىنىڭ ئورنىدا ئۇلارنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى.

— نېمە، هەمرا قىز شېرىن سۆهبەتنى بۇزۇۋەتكەنلىكىمىزدىن خاپىدەك كۆرۈنەمدۇ قانداق؟ هە، قېنى، ئاغىنىلەر، گۇناهىمىزنى يۇمايلىمۇ؟ ۋاقىت خېلى ئۇزۇن، سۆهبەتكە پۇرسەت تېپىلىدۇ تېخى...— ئابلىمىتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، قالغانلىرى سومكىلىرىدىن توخۇ گۆشى، كاۋاپلارنى، يانچۇقلىرىدىن هاراق-پىۋىلەرنى چىقىرىپ، ئۈستەلنى تولدۇرۇۋېتىشتى.

— سىلەر...— ئەلەمدىن يېرىلاي دەپ قالغان قىز سىرتقا ماڭدى.

— ۋاي-ۋۇي هەمراقىز، ئۇيغۇرلاردا ئۆيگە مېهمان كەلسە، ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان ئىش يوققۇ دەيمەن-هە؟ — ئابلىمىت ئۇنى توسۇۋالدى.

— سىلىنىڭ تاغدا شۇنداق ئىش بارمۇ-يا؟

— ها...ها... تاغ گۈلىنىڭ تىكىنى بولىدۇ-دە.

— ها ... ها...

— هى ... هى ... — ئاخىرىدا هەممىسى قۇشخانىغا كەلتۈرۈلگەن ئۆچكىلەرەك چىقىراشقا باشلىدى. ئەمدى هەمراقىزغا چىقىپ كېتىش ئامالى قالمىغانىدى. ئۇ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ دەسلەپ ئاچچىقىدا ئۆزىگە كەلگەن رومكىلارنى قالدۇرماي كۆتۈردى، ئاخىرىدا، باشقىلارنىڭ «تەبرىك» شارابلىرىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ شۇ كۈنى زادى قانچىلىك ئىچكىنىنى قايتا ئېسىگە ئالالمايتتى...

ئەتىسىدىن باشلاپ بۇ ئىش «ئاشكارا مەخپىيەتلىك» كە ئايلىنىپ، ساۋاقداشلار ئارىسىغا تارقىلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇ رەهىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىرى ئۇ «تاشلەڭگەرلىك ساتراش» بىلەن «قەشقەرلىك باشلىقنىڭ ئوغلى» نى سېلىشتۇرۇپ، كېيىنكىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنى ئاقلايدىغان بىرمۇنچە سەۋەبلەرنىمۇ تېپىپ قويدى: «ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يۇرتىغا ئەمەس، ئۆز ناهىيىسىگە قايتىپ بارالىشىمۇ قىيىن. تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنماي ئىلاجى يوق. ئۇ

چاغدا، مىرامەتنى ئەلەردە ئارقىسىغا سىپ-
لىپ يۈرىدۇ؟ جىمجىت بېرىپ، دادىسىنى
ئەكېلىۋالسا، دادىسى قىرىغاندا سەھرانىڭ
توپا - چېڭىدىن قۇتۇلۇپ، بىرقانچە كۈن
ئارامخۇدا ياشىسا نېمە يامىنى باركەن!؟»
شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن قەشقەرغىچە بىللە
كەلگەن كۈرەش، تاشلەڭگەرگە بېرىپ،
تاغ سەيلىسى قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى
ئېيتقاندا، يا ياق، يا ماقۇل دېيەلمىدى.
ھەي...ئەتە...دادىسىغا... يۇرتداشلارغا... بۇ
ئىشنى نېمە دەپ چۈشەندۈرسە بولاركىن!؟

* *

ئۇ ئەتىسىمۇ ئۆيىدىن چىقمىدى.
مىرامەت بىرەر باھانە تېپىپ، بىرقانچە
قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، قىزدىن ھېچ
قانداق ئىنكاس بولمىغانلىقتىن، مەيۇس
ھالدا دۇكىنىغا چىقىپ كەتتى. تاشلەڭگەر-
لىكلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇنىڭ ھېچبىر يا-
مان يېرى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ
ئىككىلىسىلا بويىغا يەتكەن، بېشى باغلاق-
لىق بولسىمۇ، نىكاھى ئوقۇلمىغان بول-
غاچقا، يۇرتداشلارنىڭ، بولۇپمۇ چوڭلارنىڭ
كۆزىچە كۆلۈشۈپ، ھىدلىشىپ يۈرسە، بۇ
ئەلۋەتتە قائىدىگە سىغمايتتى. ھاشىمكامۇ
«قاچقان قىزنى قوغلا — قوغلىغان قىزدىن
قاچ» دەيدىغان كونا گەپلەرگە ئەقىدە
قىلىدىغان كىشى بولغاچقا، بولغۇسى كېلىنى-
نىڭ شەرمىي - ھاياسىدىن خۇشال ئىدى.
پەقەت ھىلىم بوۋاينىڭلا يۈرىكىنىڭ بىر
يېرى ئاغرىپ تۇراتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، ھەمراقىز
ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، ساۋاقداشلىرىنى
يوقلاپ كەلمەكچى بولغانىدى. ئۇ ماڭار
ۋاقتىدا، ھىلىم بوۋاي:

— مىرامەت، بالام، بىللە كىرىپ
چىقامسەنكىن؟ — دېدى.

— بۇ، بۇ...— قىزنىڭ چىرايى سەل
تاتاردى.

— دادا، مەن...مەن ئىككىلىرىگە
قارىغاچ، دۇكاننى ئېچىپ تۇراي، — مىرا-
مەت قىزنى خىجىللىقتىن قۇتقۇزدى.

ھەمراقىز ناھىيىدىن قايتىپ كېلىپ،
ئۇدۇللا مىرامەتنىڭ قېشىغا كىردى:

— مىرامەت، بىر ساۋاقدىشىم تۇرمۇش
ئۆگىنىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كەلمەكچى
ئىكەن...

— ياخشى... ياخشى...— ئون يىل
ئوقۇغان مىرامەت «تۇرمۇش ئۆگىنىش»
نىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ گېزىت-
ژۇرناللاردىن ھەمراقىزنىڭ ھېكايىلىرىنى
يېرتىۋېلىپ ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ
ساۋاقداشىمۇ بەلكىم ھەمرا قىزغا ئوخشاش



بىر يازغۇچى، ياكى شائىردۇ...

شۇنىڭ بىلەن مىرامەت ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىنى ئالاھىدە جابدۇپ قويدى. دېگەندەك، ئىككى كۈندىن كېيىن قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان، يالاڭباش بىر يىگىت يېتىپ كەلدى. بۇ دەل كۈرەش ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىچكىنى پاك - پاكىزە قىرغاندىن كېيىن، مىرامەت بىلەن بىرەر ئىغىزمۇ سۆزلەشمەستىن ئۇدۇل ھەمراقىزنىڭ ئۆيىگە كېتەتتى. بۇ «تۇرمۇش ئۆگەنگۈچى» نى ياقتۇرمىغان ھېلىم بوۋاي كۈرەش ھويلىغا كىرسىلا، ئۇلاغلارغا قارىغان بولۇپ، ئىغىل تەرەپكە كېتەتتى، بىراق، كۈرەش ھەمراقىزنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىشىگىلا، ئۇمۇ تاشقىرى ئۆيدە بىر نېمىلەرنى قىلغان بولۇپ تۇراتتى. قىزى ھېلىقى ساۋاقداشىنى دەريا بويلىرىغا ۋە تاغ باغرىلىرىغا سەيلىگە ئېلىپ بارسا، بوۋايمۇ ئۇلاغ باققاچ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈرەتتى. بۇنداق «پايلاش» تىن جىجىلى بولغان كۈرەش بىر ھەپتىدىن كېيىنلا قايتىپ كەتتى.

تەتىل توشۇشقا 20 كۈنچە قالغاندا، پوچتالىيون ھېلىم بوۋايغا بىر پارچە تېلېگىرامما ئەكىلىپ بەردى. تېلېگىراممىدا «ھەمرا قىز، تېز قايتىڭ» دېگەن خەتلا بار ئىدى. ئادرېسسىز بۇ تېلېگىرامما مىرامەتنىڭ پۈچۈلانغان قەلبىگە يېڭى ئازاب قوشتى.

— ھەمرا، كېتىدىغان بولدىڭىز، خېتىڭىزنى بولسىمۇ پات - پات كۆرۈپ تۇرايلى، — دېدى مىرامەت ئۆي خالى قالغاندا.

— بىلىسىزغۇ مىرامەت، ۋاقىت ئاز قالغانسېرى، ئۆگىنىش جىددىيلىشىدۇ. ئىش كۆپىيىپ كېتىدۇ، ئەمما... ھىم... ۋاقىت تاپسىلا خەت يازىمەن.

— ئۇنداقتا، خەت يازمىسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن... ھە... تاشلىۋەتكەنلىرى ئۇنتۇمىسىڭىزلا بولىدى، — يىگىت بىر باغلام پۇلنى قىزغا تەڭلىدى.

— ياق... ياق... بۇ ... — قىز تىترىگەن قوللىرى بىلەن پۇلنى تەسلىكتە ئالدى. كۈرەشنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى يېقىندا پېنسىيىگە چىقىپتۇ، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك پۇل ئەۋەتەلمىگۈدەك، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۈرۈمچىدە پۇل بولمىسا بولمايدۇ - دە! ھازىرچە ئېلىپ تۇرۇپ ۋاقتى كەلگەندە قايتۇرمىسۇنمۇ؟

— بالام سېنى مىرامەت ئۇزىتىپ قويۇپ كەلسۇن، — دېدى ھېلىم بوۋاي قىزى ماڭىدىغان چاغدا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— بولىدى، ئۇنى ئاۋارە قىلماي، ئۆزۈملا كېتىۋېرىمەن، خوش!—ئۇ دادىسى ۋە مىرامەت بىلەن سۇسلا خوشلىشىپ ماشىنىغا چىقتى. قاچانلاردىدۇر ئۇدۇلىدىكى دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان مىرامەت تاكى ماشىنا كەڭ ساي قوينىغا سىڭىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى.

* *

ھەمرا قىز تەتىلىنىڭ ئاخىرىسىنى كۈرەشنىڭكىدە ئۆتكۈزدى. كۈرەشنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ سەھرالىقنى ئۆزلىرىگە كېلىن قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن، ھازىرقى ۋاقىتتا ئوغلى بىلەن تەڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، يەنە كېلىپ، ماقالە يېزىپ، ئوغلىنىڭ ماناشىدىنمۇ چىقراق پۇل تاپىدىغان كېلىن ھەممىلا يەردە ئۇچراۋەرمەيتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشقا ئانچە قارشىلىقمۇ قىلىپ كەت-

ىمدى، تەتىل توشقان چاغدا ھەمرا قىز ئۆزىنىڭمۇ بۇلاردىن كەم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىككى كىشىلىك ئايروپىلان بىلىتى سېتىۋېلىپ، كۆرەشنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ قەشقەردە ھېلىقى قارا كۆزەينەك تاقاپ، چېچىنى پاخپايتىۋالغان، ئاق چاپانلىق «ساۋاقدىشى» بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كۆمۈر توشۇيدىغان شوپۇرلار ئارقىلىق تاشلەڭگەرگە يېتىپ كەلگەندە، بىچارە ھاشىم بوۋاي ياقىسىنى تۇتۇپ، خۇداغا مىڭ تووۋا قىلدى. مىرامەت دەسلەپ بۇ خەۋەرگە ئانچە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، كېيىن، شۇنداق بىر ۋولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، قېتىپلا قالدى. ئاخىرى ھاشىم بوۋاي ئوغلىغا بىر مۇنچە تەسەللىي بەردى ۋە بۇ خەۋەرنى ھېلىم بوۋايغا ئېيتماي تۇرۇشنى، ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. ھاشىم بوۋاينىڭ خىيالىچىمۇ، ئۆزىنىڭ ئوغلى ھازىرقى ۋاقىتتا راستىلا ھەمراخانغا لايىق بولالمايتتى.

— بالام، ئەر كىشىنىڭ قورسىقى كەڭ بولىماق كېرەك. مەزلۇم خەق دېگەننىڭ يۇرتى يوق. لېكىن، سەن مېنىڭ بار-يوق بىرلا بالام، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىم ئۇستامنىڭمۇ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ، ھازىسىنى قىزىتقۇدەك ئادىمى يوق. مەندىن قالغاندىمۇ، ھېلىم ئۇستامنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىگىن، بالام. خۇدا ئالدىدا، ئەل-يۇرت ئالدىدا ساۋاپ تاپىسەن، — مىرامەت بېشىنى لىڭشىتتى-دە، تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ياشلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، دەرھال چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەمرا قىزغا ئايمۇ-ئاي، پۇل-پۈچەك، خەت-خالتا ئەۋەتىلىپ تۇردى. بىراق، خەتلەردە يۇرتىنىڭ ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ تىنچ-ئامانلىقىلا يېزىلىپ، قىز-يىگىتلەر ئارىسىدا بولىدىغان گەپلەر پەقەت تىلغا ئېلىنمايتتى. ھەمرا قىزمۇ بۇ ئىشنىڭ شۇنىڭ بىلەن ئاستا-ئاستا ئۆزلۈكىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى تىلەپ، ئايدا-يىلدا بىرەر قېتىم خەت يېزىپ قوياتتى.

مىرامەت ئۇيغۇرچە گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىگە يېزىلغان بولۇپ، قۇرئارلىقلىرىدىن «ھەمرا گۈل ھېلىم قىزى» دېگەن ئىسمىنى ئاختۇراتتى ۋە شۇنداق ئىسىمدىكى ماقالىلار بېسىلغان گېزىت-ژۇرنالنى ئاۋايلاپ ساقلايتتى. ئەمما ھازىر بۇ ئىسىم گېزىت-ژۇرنال بەتلىرىدىن ئاستا-ئاستا يوقىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە، قەلبى چەكسىز ئازابلىناتتى. ئۇ ھەمرا قىزنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىدىن ئاغرىنمايتتى. بىراق، ھېلىقى «تۇرمۇش ئۈگەنگۈچى» نىڭ قىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇشىدىن، ئاخىرىدا ئۇنى تاشلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئەمدى دادىسىنىڭ زورى بىلەن مەسچىتلەرگە بارىدىغان بولدى. ئۇ ھەرۋاق نامىزىدا ھەمرا قىزنىڭ ئىسمىنى قەلبىدە زىكرى قىلىپ، خۇدادىن ئۇنىڭغا بەخت تىلەيتتى.

ھەمراقىز ئوقۇشقا كېتىپ ئۆتكىنچى يىلىنىڭ سەپەر ئېيىدا تاشلەڭگەردىكى داڭلىق تېۋىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ھېلىم ئۇستامنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈشنى، ۋەدىسىنى ئۇنتۇماسلىقنى ۋەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەت قىلدى. ھېلىم ئۇستام خۇددى ئاتىسىدىن ئايرىلغاندەك، ئېقىپ يىغلىدى. سۆرۈلۈپ يۈرۈپ، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. كېيىن، مىرامەتكە ھەمرا قىزغا خەت يېزىپ، بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىشنى ئېيتتۇردى. مىرامەت خەت يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلغا ئالمىدى. ئۇ تېخىمۇ مۆكچىيىپ قالغان ھېلىم ئۇستامنى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋالدى.

* *

ئوقۇش ئاخىرلىشىپ، ھەممەيلەن كەلگۈسى خىزمەت توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى. ئاز - تولا تونۇشى بارلار ھەدەپ يول مېڭىپ، ئۇرۇمچىدە قېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ھەمرا قىز ھېچبولمىغاندا، قەشقەرگە بولسىمۇ كېتىپ دادىسىغا يېقىنراق تۇرۇشنىڭ غېمىدە ئىدى. بىراق كۆرەش دادىسىنىڭ تونۇشلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن، ئۇرۇمچىدە قالىدىغانىنىڭ يولىنى تاپتى ھەم ھەمرا قىزنىڭمۇ ئۇرۇمچىدە قېلىشىنى تەلەپ قىلدى. كۆرەشنىڭ پىلانىچە، بۇ يىل ئۆيگە قايتماي، ئاۋۋال خىزمەتكە ئورۇنلىشىپلا توي قىلىش، ئاندىن «قانۇنلۇق ھالدا» ئىككىسى بىللە يۇرتقا بېرىپ، تۇغقانلارنى يوقلىماقچى ئىدى. ئەمدى ھەمرا قىز كەلگۈسى ئېرىنىڭ ھەر بىر ئېغىز گېپىنى «مۇقەددەس بۇيرۇق» دەپ بىلىپ، شەرتسىز بويسۇناتتى.

ئايرىلىش كۈنلىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا ساۋاقداشلار نەنسەنگە بېرىپ تاماشا قىلىشتى. بۇ كۈنى ئۇلار خاتىرە ئۈچۈن شارقىراتما ئالدىدا رەسىمگە چۈشتى. چۈشتە ھەممىسى ياپيېشىل قارىغايلار ئاستىدىكى ئوتلاقتا يىغىلىپ غىزالاندى، ھاراق - شاراب ئىچىشتى. ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشتى. بۇنىڭدىن زېرىككەن كۆرەش ھەمرا قىزنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە پەسرەك بىر چوققىغا چىقتى. بۇ يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، توغرىسىغا ئۆسكەن قارىغايلارنىڭ تېگىدىن سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر قارىغاينىڭ غولىدا بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى. كۆرەش قىزنىڭ بېلىنى يەڭگىل قۇچاقلىدى. تاغ گۈللىرىنىڭ مەستخۇش پۇرىقى كەيپچىلىكىنى ئاشۇرىۋەتكەن ھەمرا قىز ئۆزىنى كۆرەشنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇنتۇغان كۆرەش قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ لېۋىنى لېۋىگە ئاپىرىشىغا سىلىق قارىغاي غولىدىن ئىككىسى تەڭلا ئاجراپ كەتتى. كۆرەش قورققىنىدىن قىزنى قويىۋېتىپلا بىر تال شاخنى چىڭ تۇتىۋالدى. ھەمرا قىز بولسا بەش - ئالتە مېتىر پەستىكى شېغىل - تاشلىق سۇ ئىچىگە يىقىلىپ چۈشتى.

* *

ھەمرا قىز ھوشىغا كەلگىنىدە يۈزلىرى تېڭىۋېتىلگەن بولۇپ، بىر پۇتى پەقەت مىدىرلىمايتتى. ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ كۆرمەكچى بولۇۋىدى، قولىمۇ ئىختىيارىغا بويسۇنمىدى.

— قىزچاق، ھېلىمۇ رىسقىڭىز باركەن، قارىغاينىڭ پۇتىقى قۇلاق تۈۋىدىنلا چىجاپ كېتىپتۇ، — دېدى دوختۇر ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ.

ــ كۆرەش، كۆرەشچۇ؟ ــ قىزنىڭ
لەۋلىرى بوشقىنا مىدىرلىدى.

ــ ھە، ھېلىقى يىگىتمۇ؟ ئۇ ئەم-
دى كەلمەيدۇ، ــ دوختۇرنىڭ چىرايىدا
ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى.

ــ نېمىشقا؟ نېمە... ئۇ... ئۇنىڭغا
نېمە بولدى؟

ــ ھېچنېمە بولمىدى، ــ دوختۇر
كۆزەينىكىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى،ــ
تۇنۇگۈن كەلگەنىكەن. ئۆزىنىڭ قەشقەر-
غە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

ــ باشقا گەپ قىلمىدىما؟

ــ قىلدى، يۈزلىرىڭىزنىڭ تېرىسى
سۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سىزگە
بەخت تىلىدى.

ــ نېمە؟... مېنىڭ چىرايىم.....ــ
ئۇ يۈزىنى سىيلاپ باقماقچى بولۇپ قولىنى
مىدىرلاتتى ـ يۇ، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

* *

ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ قولى
سەللىمازا ساقايدى. قۇلاق تۈۋىدە بىر
تارتۇق قالغاندىن باشقا، چىرايىمۇ ئاسا-
سەن ئۆز ئەسلىگە كەلدى. پەقەت پۇتىلا
تېخى تولۇق ساقىيىپ كېتەلمىگەچكە،
قولتۇق تايىقىدا ماڭاتتى. ئۇ دوختۇرخانا
ھويلىسىدىكى گۈللۈكنىڭ قېشىدا ئولتۇ-
رۇپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيتتى، مەك-
تەپ ئۇنى بىلىمگە ئىگە قىلدى. مۇھەب-
بەت ئۇنىڭ قەلبىگە بەزى سايىلەرنى
تاشلىغان بولسىمۇ، ھازىر ھەممىسى ئۆتۈپ
كەتكەندى. يېقىندا بىر ساۋاقدىشى
ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، كۆرەشنىڭ توي
قىلغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئۇ چۆچۈش
ئورنىغا سوغۇق كۈلۈپلا قويدى.

بەلكىم... بەلكىم، مىرامەتمۇ توي
قىلغاندۇ. ھېچقىسى يوق، ئەمدى ئۇ مىرا-
مەتنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدۇ. ئۆزى
خورلىغان مۇھەببەتكە قايتىدىن نائىل
بولۇشنى ئىسىگە كەلتۈرۈشكىمۇ ئۇيىلى-
دۇ. بىراق، تۇرمۇش... ئۇ تۇرمۇشقا تىك-
لىپ قارىيالايدۇ. يەنىلا ئۆزىنىڭ جەمئى-
يەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ.
ئۇ ئۆمۈرۋايەت دادىسىنىڭ خىزمىتىنى
قىلىپ، ئىلگىرىكى سەۋەنلىكلىرىنى
يۇيىدۇ. دادا ــ ئۇنى مىڭلارچە قېتىم
كەچۈرگەن دادا. ئۆز قىزىنىڭ گۇناھىنى
يەنە بىر قېتىم ئەپۇ قىلارمۇ؟ ئۇ ھاشىم
بوۋىسىغىمۇ ئۆز قىزى ئورنىدا خىزمەت
قىلىدۇ. تاشلەڭگەر يەنىلا ئۇنى ئۆز
قېتىغا ئالىدۇ. ئۇ يۇرتىنى ئويلىغانسېرى
ئىچى پۇشاتتى. ئالدىرايتتى. لېكىن،
يەنە خىجىل بولاتتى. دائىم دوختۇر-
خانا ئالدىدا يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر-
گە قاراپ، خىيالغا چۆمەتتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ دوختۇر
خانا ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.
يوغان ئىككى سومكىنى كۆتۈرۈۋالغان،
ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كىيىملىرىنى
توپا ـ چاڭ باسقان ئېگىز بويلۇق بىرسى
چوڭ يولدا بىرەيلەندىن بىر نېمىلەرنى
سورىغاندىن كېيىن، ئۇدۇل دوختۇرخانا
تەرەپكە قاراپ كەلدى. قىز تۇرۇپلا
قالدى: «ئەجەب تونۇش چىراي، تونۇش
قامەتقۇ ـ بۇ! مىرامەت...» قىز ئالدىغا بىر
قەدەم ماڭدى ـ يۇ، لېكىن ھاياجاندىن پۇتلى-
رى تىترەپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.
مىرامەتمۇ ئۇنى كۆردى. قولىدىكى سوم-
كىسىنى ئالدىراپ يەرگە قويۇپ قىزغا

www.uyghurkitap.com

ئىنتىلدى. ئاھ، نېمىدېگەن كۈچلۈك قوللار - ھە! بىر چاغلاردا مۇشۇ قوللار قىزچاققا مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىر يۈك - تاقىلىرىنى دەس كۆتۈرۈپ ماشىنىغا ئالغانىدى، بىراق... ئەمدى... بۇ قوللارغا قاراشمۇ، ئۇنىڭغا نومۇس...

— مىرامەت، سىز... — قىز بېشىنى كۆتۈرەلمىدى.

ھېلىم ئۇستامنىڭ ھېسابىچە، قىزى بۇ يىل ئەڭ كېچىككەندىمۇ 7 - ئايلاردا كېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، 8 - ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت «ھازىرچە قايتالمايدۇ» دېگەن ئاددىي تېلېگراممىدىن باشقا خەت - خەۋەر كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىم بوۋاي ئولتۇرالماي قالدى، مىرامەت قىزنىڭ يۇرتقا قايتمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بىراق، خەت - خەۋەرنىڭ يوقاپلا كېتىشىدىن ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلار چۈشۈپ، خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇ ناھىيىگە بېرىپ ھەمراقىزنىڭ مەكتىپىگە تېلېفون بەردى ۋە ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن مىرامەت ئۆيىگە بېرىپ، ھېلىم بوۋايغا ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇپلا، يولغا چىققانىدى.

* *

ئۇ يەنە بىر قېتىم ماشىنىدىن چۈشتى. ساتىراشخانا ئالدىغا توپلىشىۋالغان يۇرتداشلار ھەمراقىزنىڭ ئاددى، ئەمما يارىشىملىق كىيىملىرىگە، مىرامەتنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى بىلەن گالستۇكىغا قارىشاتتى. بۇ قېتىم مىرامەت كەتكەندىن كېيىن، يۇرتتا ھەر خىل گەپلەر بولۇشقان، بەزىلەر «مىرامەت ئۆزى يالغۇز كېلىدۇ» دەپ قەسەم ئىچىشكەنىدى. بىراق، ئۇلار كەلدى. ئىككىسى بىللە كەلدى. ھېلىم ئۇستام قۇچىقىنى ئاچقىنىچە كېلىپ، قىزىغا ئېتىلدى. ئاتا - بالا ئۇزاق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

(بېشى 21 - بەتتە)

قولىنى سۇنۇپ، يوغان داستىخانغا پۇختا يۆگەپ ئېسىپ قويۇلغان دۇتتارنى ئاۋايلاپ يېشىۋالدى. توختى بۇ ئۆيلەردىن ۋاز كەچكەن چاغدا ھېچنېمە كۆزىگە كۆرۈنمىگەن، ئەمما مەرۇپ بوۋاينىڭ مۇشۇ كونا دۇتتارىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە يۈرىكى چىدىماي، دۇتتارنى بۇ ئۆيگە ئەچىقىپ قويۇپ كەتكەنىدى. رەھمەتلىك بوۋاي جان ئۈزۈشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىمۇ قولىغا بۇ دۇتتارنى ئېلىپ، توختىغا ئاجىز ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېيتقىنى خانلەيلۇنمۇ، لەيلۇن بولغىدىمۇ؟! ...

شۇ تاپتا توختى بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چۈشكە ئايلىنىپ قېلىشىنى، ھېلىقى ماخۇدا مەرۇپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدىغان كۈنلەرگە قايتىپ، ھەممە ئىشنى باشقىدىن باشلاشنى خالايتتى. لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇ دۇتتارنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسىپ، مەھەللىدىن يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇرۇلۇپ قارىغاندا، تۆۋەندە يېيىلىپ ياتقان مەھەللە ئۇنىڭ كۆزىگە مۇشۇ بىر كېچىدىلا ئۆزىدىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنى يوقىتىپ، قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا كۆرۈندى...

تۇرسۇنئاي يۇنۇس

# ئىككى دانە تىللا

(ھېكايە)



گۈلهەپىزەم ئەينەكتە ئۆز رۇخسارىنى كۆرۈپ بۆلەكچە شادلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق ئوماق قىز ئىكەنلىكىنى تېخىچە ھېس قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، لېكىن بەدەنلىرى تولۇق. قارلىغاچ قانىتىدەك ئىنچىكە قاشلىرى، چاقناپ تۇرىدىغان چېقىر كۆزلىرى ئۇنىڭ ئالمىدەك دوگىلەك يۈزىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ ئوتقاشتەك قىزىل شىپون كۆڭلىكىنى، ئىككى تال ئۆرۈلگەن توم، ئۇزۇن چاچلىرىنى، قۇلىقىدا يال-يۇل قىلىپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىسىنى ئۇزۇنغىچە تاماشا قىلغانىدىن كېيىن پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇ ھازىرغىچە تېخى بۇنداق ئېسىل كىيىملەرنى كىيىش تۈگۈل ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، بۈگۈن ئانىسى ئۇنى نېمانچە چىرايلىق ياساندۇرۇپ قويدىكىن؟...

گۈلهەپىزەم بۇ يىل 16 ياشقا كىر-

www.uyghurkitap.com



دى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى. ئۇ تىرىشىپ ئوقۇپ كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپكە چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇشى بارغانسېرى قىيىنلىشىشقا باشلىدى. چۈنكى ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە يوق، كۆپرەك ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا سالىدىغان بولدى. مەكتەپكە بەزى كۈنلىرى بارالىسا، بەزى كۈنلىرى بارالماي قالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۆيىگە ناھايىتى مەيۈس قايتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ھويلىدا بىر كۆتەكنى يېرىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئانىسى ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ.

— ......

— بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ يە؟

— نېمىدەپ خەق بىلەن ئۇرۇشاتتىم؟ — قىز ئاچچىقىدا ئانىسىغا دوق قىلدى.

— ئەمىسە نېمە بولدى؟ گەپ قىلمامسەن.

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچەلمەيتىمەن.

قىز شۇ گەپنى ئاران دېيەلىدى-دە، پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى.

— ۋاي ئانامەي، تېخى نېمە بولدىكىن دەپتىمەن، شۇ گەپمىدى؟ قىز بالا دېگەن ئوقۇپ نەگە باراتتى، مەكتەپكە ئالمىسىچۇ، مانا مەن ئالىۋېرىمەن، ماڭ، چاپسان ئۆيگە كىر.

گۈلھەپىزەمنىڭ ئانىسى خۇددى مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ تۇرغاندەك يايراپلا كەتتى. گۈلھەپىزەم مەكتەپتىن قالغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئۆيدىن تالاغا چىقماي يىغلىدى. كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتتى. لېكىن ئامال قانچە؟ ئۇ ئەتىگەنلىكى سۇغا چىققاندا، ياكى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا ماڭغاندا قىزلارنىڭ خۇشال-خۇرام مەكتەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشاتتى، ئۇلارنىڭ قارىسى يۈتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇراتتى. بەزىدە ئوغرىلىقچە مەكتەپنىڭ قېشىغا بېرىپ رىشاتكىدىن مەكتەپنىڭ ئىچىگە، ئۆزى ئوقۇغان سىنىپلارغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ قالاتتى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇ ئاستا-ئاستا تەقدىرگە تەن بېرىپ مەكتەپ، ئوقۇش توغرىسىدا ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ يېزىدىكى بىپەرۋا قىزلار توپىغا قېتىلىپ كەتتى.

ئەمدى ئۇ كۈندۈزى ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بىلەن بەنت بولسا، ئاخشىمى باشقا قىزلار بىلەن بىللە مەھەللىدىكى ئەينىدىن ھاجىنىڭ سەيناسىدا دىندىن ساۋاق ئېلىشقا باشلىدى.

چىڭقى چۈش ۋاقتى، كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق، ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. گۈلھەپىزەم ئېتىزلىقتا قىپقىزىل قىزىرىپ پىشقان پەمىدۇرلارنى ئۈزۈپ سېۋەتكە سېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىدىلا بىر كىشىنىڭ يېنىك يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىغەم تۇرغان قىز چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى.

ئېتىز قىرىدىكى چوڭ ئۈجمىنىڭ تۈۋىدە يېپيېڭى ھەربىي كىيىم كىيگەن ئەركىن تۇراتتى.

قىز ئەركىننىڭ بويىغا سەل چوڭ كېلىپ قالغان ھەربىي كىيىملىرىگە، قارامتۇل چىرايىغا، سەل غەمكىن كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— سىنى تونۇيالماي قاپتىمەن، — دېدى ئەركىن قىزغا قاراپ.

— شۇنداقتۇ، چوڭ شەھەرگە كېتىدىغانلار بىردەك سەھرالىقلارنى تونۇيالماي قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

يىگىت قىزنىڭ گەپدانلىقىغا ھەيران قالدى.

— ئۇنداق ئەمەس، بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، شۇڭا... — دېدى يىگىت ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بۇرۇن چىرايلىق ئەمەسمىدىم؟ — قىز سىنچى كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە تىكىلدى.

— سەنغۇ بۇرۇندىنلا چىرايلىق، بىراق بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، سىنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. تالا-تۈزگىمۇ چىقماس بولۇپ كەتتىڭغۇ؟

قىز ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى.

— قاچان ماڭىسەن؟

— ئەتە-ئۆگۈن مېڭىپ قالارمىز.

— ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقىمۇ قاتنىشارسەنمۇ؟

كىم بىلىدۇ، — دېدى ئەركىن ئەتراپقا قاراپ، — ئەسكەر دېگەن شۇ، تاققا دېسە تاققا، باققا دېسە باققا بارىدىغان گەپ، گۈلھەپىزەم، مەن ساڭا خەت يازسام سەنمۇ خەت يازامسەن؟

— مەن؟ — دېدى قىز ھەيران بولۇپ، — سەن ئاتايىتەن شۇ گەپنى دېگىلى كەلگەنمىدىڭ؟

ئەركىن نېمە دېيىشنى بىلمەي قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ بۇرۇن گۈلھەپىزەمنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك سەپسالمىغان ھەم ئۇنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. نېمىشقىدۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا گۈلھەپىزەمنى كۆرگۈسى، ئىككى ئېغىز پاراڭلاشقۇسى كېلىپ قالدى. گۈلھەپىزەم بىلەن ئەركىن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئۈچ يىل بىللە ئوقۇدى. ئۇلار ئىناق ئۆتەتتى. ئەركىن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرى، قىز ساۋاقداشلىرى ئىچىدە گۈلھەپىزەمنى ئەڭ يېقىن كۆرەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئىككىيلەن تۇرمۇش، مۇھەببەت توغرىسىدا بىرەر سۆز قىلىشنىمۇ يادىغا كەلتۈرمىگەن، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرەمدۇ، بۇنىڭغا ھېچ قايسى ئېنىقراق بىر نەرسىمۇ دېيەلمەيدۇ. لېكىن تۈنۈگۈن كەچتىن بۇيان يىگىت ئۆز مەيلىنىڭ قىزغا مايىل ئىكەنلىكىنى ئېھتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ كېچىچە قىزنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدى. لېكىن قىزنىڭ يېشى كىچىك، بۇ گەپلەرنى ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىنى قانداق ئىزھار قىلسا مۇۋاپىق بولار؟

— بىزنى ئۇنتۇپ قالماسسەن-ھە؟ — دېدى يىگىت قىزنىڭ ساددىلىق، ئاقكۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ قاراپ.

— چوڭ شەھەرگە كەتكەنلەر ئۇنتۇمىسلا …

قىز كېيىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي قالدى. بەللە ئويناپ ئۆسكەن بۇ بالىغا ئامراقلىقىتىنمۇ ياكى سەمىمىي دوستلۇقىتىنمۇ ئەيتاۋۇر شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

يىگىت جۇرئەتلىنىپ ئىتتىكلا قىزنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، بىرنەچچە تال پەمىدۇرنى ئۈزۈۋېلىپ قىزنىڭ سېۋىتىگە سېلىشىپ بەرگەچ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

— سەنمۇ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇغان بولساڭ، مەنمۇ شۇ يەردە بولغان بولسام نېمىدېگەن بەلەن ئىش بولاتتى ھە، نېمىشقا ئوقۇشتىن چېكىندىڭ؟

بۇ سوئال قىزنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇ ئويلاشتىن قاچىدىغان بۇ سوئالنى ئاڭلاپ قەلبىنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىغا كۆمۈلگەن دەردىنى بىراقلا سۆزلەپ كەتتى:

— بىزنىڭ ئوقۇغىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى. قارىغىنا يېزىمىزدىكى زىيالىي ياشلارنى، ئۇلار ئوقۇشنى، خىزمەتنى تاما قىلىپ يۈرۈدۇ، لېكىن ئۇلارنى ئىشچىلىقىمۇ ئالمىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقاننىڭ بالىلىرى ئالدىنقى تاللاشتىلا شاللىنىپ قېلىۋاتسا، ناھىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغانلارمۇ ئالىي مەكتەپنىڭ بوسۇغىغا بارالمايۋاتسا …

قىزنىڭ گەپلىرى ھەقىقەت ئىدى، ئەركىننى ھەربىلىككە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىڭ قانچىلىك يول ماڭغانلىقى ئۇنىڭغىمۇ ئايان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى قىزغا ئېيتتى:

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن دېھقاننىڭ بالىلىرى پەقەت دېھقانلا بولىدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بولۇپمۇ سىلەر قىزلار كۆپرەك ئوقۇساڭلا ياخشى. مەن ئاياللار ئىچىدىن چىققان ئاتاقلىق، بىلىملىك ئاياللارنى كۆرسەم ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتىمەن. سەن تېخى كىچىك بولغاندىكىن ئوقۇساڭ ياخشى بولاتتى، قانداق دېدىم؟

— ئۇ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان قىزنىڭ كۈچلۈك، توم بىلەكلىرىنى تۇتتى، شۇ ۋاقىتتا خۇددى ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنى تۇتقاندەك، قىزنىڭ ئوتتەك تەپتى ئۇنى قىزىتىۋەتكەندەك بولۇپ ئۇنىڭ چېكىلىرىدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ قىزغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ ئۇنىڭغا يۆلەنچۈك، يانتاياق بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەندى. پەقەت ئۇلا قىزغا كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئەتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئۇنى ئالدىمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. بولمىسا بۇ بىچارە قىز بىرنەچچە يىلغىچە …

ئىككىيلەن جىمجىت تۇرۇپ قالدى.

— گۈلھەپىزەم، راستىنى ئېيتسام، ھەربىيلىككە بېرىشقا ئوتتەك قىزغىنلىقىم بار، لېكىن ساڭا تارتىشىپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن ماڭا قانداق قارايسەنكىن ؟ …

قىز يىگىتكە لەپپىدە قارىۋېلىپ، كۆزلىرىنى يەرگە ئاغدۇردى. يۈزلىرى لالىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ يەر ئاستىدىن ئەركىنگە سەپسېلىپ قاردى. يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن مۇھەببەت، ساداقەت، مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قىزنىڭ يۈرىكى سېلىپ لېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەستىن تەمتىرەپ

كەتتى. ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن:

— بىلمەيمەن، — دەپلا ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— گۇلھەپىزەم، توختىغىنا، توختىغىن، بىر ئېغىزلا گېپىمنى ئاڭلاپ باققىن.

يىگىتنىڭ سۆزى بىلەن قىز خۇددى جايىدا مىخلاپ قويغاندەك توختىدى-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

قىزنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرى چىگىش، كىشىنى بىھوش قىلىدىغان ناخشىغا ئوخشاش ئاجايىپ-غارايىپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈگە، مەدەتكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۆز سىرىنى پىنھان تۇتاتتى، جۇرئەتسىزلىنەتتى. يىگىت قىزنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەن بولسىمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى...

قىز يىگىتكە قارىيالماستىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە دېمەكچىدىڭ؟

— ھېلى دېگەن گېپىمگە جاۋاب بەرگىنە، خەت يازسام جاۋاب يازامسەن؟

— ئەگەر سەنلا ۋەدەڭدە تۇرۇپ خەت يازساڭ، مەنمۇ يازىمەن، قانچە يىلدا قايتىپ كېلەرسەن؟ — قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ئۈچ يىلدا كېلىمەن، ئۈچ يىل ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس. تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ سەن بىلەن...

— بولدى ... — قىز قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— ماقۇل، بۇ گەپنى قىلماي. سەن ھازىرمۇ ھاجىمدىن ساۋاق ئېلىۋاتامسەن؟

قىز تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ئەجەبلەندى.

— بۇنى نېمىشقا سوراپ قالدىڭ؟

— ئەينىدىن ھاجىم سىلەرنىڭ ئائىلىگە ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئاڭلىسام كېلەر يىلى ئاناڭنى ھەرەمگە يولغا سالارمىش، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، ھاجىم دادام ئانامنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ھەج قىلىش ئارزۇسى ئۈچۈن خالىس ياردەم قىلاي دەپتىكەن. ئانام ئۆمرۈم بويى ئاللادىن تىلىگەن جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ھاجىم ئېچىپ بېرىدىغان بولدى دەپ خۇشال بولۇپ يۈرۈدۇ. ھاجىم دادام تېخى خۇدا خالىسا سىلەرگە قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىم بار دەۋاتىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن خېيرىدەك ئادەم جۇمۇ. شۇڭا ئانام مېنى ئۇ كىشىنىڭ ئاش-تامىقىنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ساۋابىنى ئالغىن دەۋاتىدۇ. مەنمۇ ھاجىم دادامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋاتىمەن.

بۇ سادىدا، ئاقكۆڭۈل قىزنىڭ غەمسىز ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەركىننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا:

— بەلكى بەختىڭ ئېچىلىپ قالار؟ — دېدى تەنە بىلەن.

— شۇنى دېگىنە، شۇنداق بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، — قىز يىگىتنىڭ تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى قىلچە سەزمىدى.

— ھەي، سەن تېخى كىچىك. ھېچ نەرسىنى بىلمەيسەن. پۇل، كىيىم-كېچەك دېگەن بەخت ئەمەس جۇمۇ ...

— گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم. نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟

— ھەي، — دېدى يىگىت رەللى بو-

لۇپ، — مەن ساڭا دەپ قوياي، سەن پەخەس بول. ئەيندىن ھاجىم ئوبدان ئادەم ئەمەستەك تۇرىدۇ جۇمۇ!

ئۇ ئۆز كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئوچۇقلا ئېيتىپ تاشلىدى.

— ياق، — دېدى قىز رەنجىپ، — ھاجىم دادامغا تىل تەككۈزمە، يامان بولىدۇ.

— ھەي... — دېدى يىگىت ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى.

— ئەركىن!

قىز يىگىتتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك بولۇپ ئۇنى چاقىردى. بىراق يىگىت قىزنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سالدىمۇ، بىر دەمدىلا كۆزدىن يىراقلاپ كەتتى.

قىزنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. ئۇ ئەركىننىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى: ئۇ نېمە دېمەكچىدۇ؟

* *

ئەيندىن ھاجىم توپتوغرا 40 يىلدىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ دادىسى بىلەن ھەجگە ماڭغىنىدا بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىت ئىدى. ھازىر ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي بولدى.

ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، سوزۇق يۈز، ياپما قاپاق، چاچ ساقاللىرى سۈتتەك ئاقارغان كىشى بولۇپ، بېشىغا مىسقالى داكىدىن چاققانغىنا سەللە ئوراپ، ئاق چوڭچەندىن شىم، پەشمەت، پۇتىغا شىۋەكتەك ئاياق كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تۈكلۈك، گۆشلىرى بوشاپ كەتكەن بىلىكىدە چىسلالىق سائەت پارقىراپ تۇراتتى.

ئەيندىن ھاجىنىڭ ئۆز مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىشى بۇ يېزا خەلقى ئۈچۈن گۆھەر تېپىۋالغاندەكلا خۇشاللىق ئىش بولدى. ھاجىم ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن سائەتتىن باشلاپ يېزىدىكى قېرى ـ ياش، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال پەتە قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ھەتتا يىراق يېقىندىن ئاڭلىغانلارمۇ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار قىزىقىش، ھەيرانلىق، ئىتائەت بىلەن ئەيندىن ھاجىنىڭ 40 يىللىق ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىدى.

ئەيندىن ھاجىم ھەرەمگە ھەج قىلىشقا بېرىپ، شۇ يىلى ھەج قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىپ، كېيىنكى يىلغىچە دادىسى قازا تېپىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يات ئەلدە غېرىبلىق، مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. ناۋايغا شاگىرتلىققا كىرىپ كېچە ـ كۈندۈز كۈلگە مىلىنىپ نان ياقتى. كېيىندىن، ئۇستىۋېشىدىن قىسىپ يىققان پۇللىرى بىلەن ئۈچ قېتىم ھەج تاۋاپ قىلىشقا قادىر بولدى. ئۇ پۇل يىغىپ، ئۆزىنى رۇسلاپ ۋەتىنىگە قايتقۇچە ھەش ـ پەش دېگۈچە توپتوغرا 40 يىل ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ مانا شۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەرگىنىدە، كىشىلەر تىنالىرىنى چاكىلدىتىشىپ، ھەيران قىلىشىپ ئاڭلاشتى، ھاجىمنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، كۆزلىرىگە سۈرتتى. ھاجىم سۆزلەپ بەرگەن پاراڭلار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ يېزىدىكى پۈتۈن ئادەمگە يادا بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى سۆز ئارىلىقىدا يېزا ئاقساقاللىرىدىن بىرسى:

— ھاجىم، ئۆزلىرىدەك بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ يېزىمىزغا قايتىپ كېلىشى ئاللانىڭ

بىرگە قىلىغان شەپقىتى. ئاللا سىلىنىڭ
دانا ئەقىللىرى ۋە تەلىملىرى بىلەن قاراڭ-
غۇ قەلبىمىزنى يورۇتقۇسى. بالا - چاقى-
لار كېيىنرەك كېلەمدۇ قانداق؟ — دەپ
ئېھتىيات بىلەن سورىدى.
— پېقىر تېخى ئۆيلەنمىگەن. بىر-
نەنچىدىن ئۈنچىلىك مال - دۇنياغا ئىگە بولال-
مىدىم. چۈنكى ئۇ يەردىكى ئاياللار ناھايىتى
ھۆر، باي - اشاد، ئەركىن ياشايدۇ. ئۇ ئاياللار
مەيلى ئىشلىسۇن، مەيلى ئىشلىمىسۇن ئوخ-
شاشلا ئەتىۋارلىق. بىر يۈزۈش ئۆي، ما-
شىنا، ئالتۇن زىبۇ - زىننەتسىز توي كېپى-
نى قىلغىلى بولمايدۇ.
— ئەمىسە بۇ يەردىكىدەك تۆت كى-
يىملىك رەخت بىلەن خوتۇن ئالغىلى بول-
مايدىكەندە، — دېدى بىر دېھقان لوقما
سېلىپ.
— شۇنداق، — دېدى ھاجىم باش
لىڭشىتىپ، — ئايالنى ئېلىشمۇ تەس، ئۇنى
كۈتۈش، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشمۇ
تەس. قانۇن ناھايىتى چىڭ. ئاياللارنى
ئازراقمۇ خارلاشقا، كەمسىتىشكە، بوزەك
قىلىشقا يول قويمايدۇ، شۇڭا بۇ مۇمكىن-
چىلىك بولمىدى. ئىككى نەنچىدىن ئۇ
يەردە ئۆيلىنىپ قالسام ۋەتەنگە قايتىپ
كېلەلمەسلىكىمدىن ئەنسىرەپ ئۆيلۈك -
ئوچاقلىق بولۇشنى مەقبۇل كۆرمىدىم، —
دېدى ھاجىم سىپايىگەرلىك بىلەن.
— بەرھەق، بەرھەق ھاجىم، —
دېيىشتى چوڭلار، — ئۆزلىرىنىڭ رىسقى-
لىرى ياقا يۇرتتا بولغان بىلەن ئائىلە،
بالا - چاقىلىرى ئۆز ئانا يۇرتلىرىدا بولغۇسى.
قايسىمىز بولساق ئۆزلىرىدىن قىز ئايىماي-
مىز. خۇداغا شۈكرى، ئاللا ئۆمۈرلىرىنى
بەرسە، ئانا ۋەتەندە ئائىلىمۇ، مەزلۇملىرى-
مۇ بولغۇسى.
مانا شۇ سۆھبەتتىن كېيىن
ھاجىمنىڭ تېخى ئۆيلەنمىگەنلىكى توغرى-
سىدىكى ئۇچۇر شۇ كۈنىلا يېزىدىكى ئايال-
لارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولدى. سادda،
ئاق كۆڭۈل تول ئاياللار ھاجىمنى يوق-
لاش، تاماق كىرگۈزۈش، ھال سوراش،
دۇئاسىنى ئېلىش يولى بىلەن ھاجىم
بىلەن يۈز كۆرۈشتى ھەم مەخپى ئەلچى-
لەردىن ئۆزىنى بىكاھقا ئېلىشنى بىشارەت
بەردى. بۇ ئاياللارنىڭ كىچىكى 20 ياش-
تىن ھالقىغان ياش چوكانلار بولسا، چوڭ-
لىرى 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان موماي-
لار ئىدى. لېكىن ئەينىدىن ھاجىم ھەممە
كىشىگە ئوخشاشلا:
— پېقىر تېخى ئۆيلەنمىگەن، — دەپ
جاۋاب بەردى.
ھاجىمنىڭ بۇ سۆزىنى كىشىلەر چۈ-
شىنەلمەي قالدى. ھاجىم راستىنلا ھازىر-
غىچە ئۆيلەنمىگەنمۇ؟ گايى ئۇزۇن قۇ-
لاق كىشىلەرنىڭ ئەيىنىدىن ھاجىمنىڭ
تۇغقانلىرىدىن خەۋەر تېپىشىچە، ھاجىم 19
قېتىم ۋاقىتلىق خوتۇن ئالغانمىش. ئەينىدىن
ھاجىم ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن يېزىدىكى قېرىنداشلىرىغا بىردىن
ئات ھارۋىسى ئېلىپ بەردى. بۇ يېزىدىكى
كونىراپ ھۇلى ئېچىلگە، تېمى تېشىغا چى-
قىپ قالغان كونا مەسچىت چېقىلىپ ئور-
نىغا ھاجىمنىڭ پۇل چىقىرىشى ۋە باشچى-
لىقى بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە خىشتىن
مەسچىت سېلىنىپ «ئەينىدىن ھاجىم مەس-
چىتى» دەپ ئاتالدى. ئەيىنىدىن ھاجىم
ئۆزى ئىماملىققا سايلاندى. كىشىلەرنىڭ
تەلىپى بىلەن ھاجىمنىڭ يېڭىدىن سېلىن-
غان كەگىرى قورۇسىدا ھەر كۈنى كەچ
قۇرۇنلۇقى ئون ئوغۇل، تۆت قىز دىنىدىن

ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىندى، ھەر كۈنى كەچتە ھاجىمنىڭ قورۇسىدىن ئايەت يادلاۋاتقان بالىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. ئەينىدىن ھاجىمنىڭ كۈنلىرى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ھەقىقەتەن باياشاد، ئالدىراش ئۆتمەكتە، قىزلار بولسا نۆۋەت بىلەن ھاجىمنىڭ خىزمىتىنى بىجا كەلتۈرمەكتە ئىدى.

* *

نامازدىگەرگە ئەزان ئېيتىلدى. كۈن قىزىرىپ قورۇدىكى بىر تۈپ ئۆرۈك دەرەخىدە پىشىپ يېتىلگەن ئۆرۈكلەرنى يالتىرىتىۋەتتى. گۈلھەپىزەم سەينانى پاكىزە تازىلاپ سۇ چاچتى، ئاندىن تاماق تەييارلىقىنى تەقمۇ - تەق قىلىپ قويۇپ جەينىمازنى ئۈژمە سايىسىدىكى كاتقا سېلىپ سۈرە يادلاپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا «توك» قىلىپ بىر ئالما چۈشتى. قىز بۇ ئەتراپتا ئۆزىدىن باشقا بىرەر ئادەمنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمىغاچقا چۆچۈپ كېتىپ بېشىنى كۆتەردى.

ئەينىدىن ھاجىنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزى ئايشەمگۈل ئۆگزىدە كۈلۈپ تۇراتتى.

— ئايەت ئوقۇۋاتقاندا ئۇنى ئۈزۈپ قويسا گۇناھ بولىدۇ. بۈگۈن ماڭا چاقچاق قىلىپ ئايەتنى بۇزدۇڭ، ئىلاھىم گۇناھىم ساڭا بولسۇن، — دېدى ئۇ رەنجىگەن قىياپەتتە.

— ماقۇل چوڭ ئانا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماي، — ئايشەم مەسخىرىلىك كۈلدى.

— خەپ يېنىمغا كېلەرسەن، — دېدى گۈلھەپىزەم ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ، — شۇ ۋاقتىدا كۆرىسەن تېخى!

— ھازىردىن باشلاپ مېنى مۇشۇنداق باشقۇرغىلى تۇرساڭ، ئەتە - ئۆگۈن تېخى كۆرىدىغىنىم بار ئوخشايدۇ ھە، قۇشناچ.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ — قىزنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. ئايشەم گۈلھەپىزەمنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ باشقىچە بولۇپ كەتتى، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۆز سەيناسىغا چۈشۈپ كەتتى.

گۈلھەپىزەمنى نېمە ئۈچۈندۇر قورقۇنچ باسقاندەك بولۇپ بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. «قۇشناچ» — بۇ نېمە گەپ؟ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارمۇ قانداق؟ ئۇ سەينادا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. خۇددى قەپەزدىكى قۇش سۇغا، ساپ ھاۋاغا تەشنا بولغاندەك ئۇمۇ ھازىر بىرسىنىڭ ياردىمىگە، بىرسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە تەشنادەك ئىدى. «قۇشناچ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلىناتتى. ئايشەم ئۇنىڭغا نېمىشقا بۇنداق گەپنى قىلىدىغاندۇ؟...

ئىشىك قېقىلدى. ئۇ تىترىگەن قوللىرى بىلەن دەرۋازىنىڭ تاقىقىنى ئېلىۋەتتى. ئەينىدىن ھاجىم ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەينىدىن ھاجىمنىڭ ھوجرىسى شام يورۇقىدا گۇڭگا يورۇپ تۇراتتى. خۇپتەندىن كېيىن گۈلھەپىزەم داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئەدەب بىلەن:

— ھاجىم دادا. مەن چىقىپ كېتەي، — دەپ رۇخسەت سورىدى.

ئەينىدىن ھاجىم ئىنتايىن سىپايىلىق بىلەن؛

— سەل تەخىر قىل، قىزىم، — دېدى بوغۇق ئاۋازدا، — ساڭا ھازىر بىر نەرسە كۆرسىتىمەن.

ئەيىندىن ھاجىم ئورنىدا ئولتۇرغاچ بېلىدىن كېچە - كۈندۈز ئايرىمايدىغان تۆتلۈك بىرزىنت كەمەرنى يېشىپ يەرگە قويدى - دە، ئۇنىڭ ئىچ تەرىپىگە تىكىلگەن يەردىن ئىككى دانە تىللانى چىقىرىپ قىزغا ئۇزاتتى.

— بۇ نېمە ھاجىم دادا؟ — دەپ سورىدى قىز ھەيران بولۇپ.

— تىللا دېگەن شۇ.

— بۇنى نېمە قىلىدۇ؟

— تىللا دېگەن ناھايىتى قىممەت باھالىق نەرسە، ئۇنى خەجلىسەڭ پۇل، كىيسەڭ كىيىم، سالساڭ زىبۇ - زىننەت...

قىز بىر قولىدا شامنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر قولىدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان تىللالارنى كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ ئۆرۈپ-جۆرۈپ قارىدى.

— بۇ قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ — سورىدى قىز قىزىقىش بىلەن.

— ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن نادان قىز، سېپىنى سورىماي ئۈزۈمنى يە، دەپتىكەن، — ھاجىم خىرىلداپ كۈلدى، — بۇنى ئاناڭغا بەرگىن، چىشىنى سالدۇرۇۋالسۇن، — دېدى قىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

قىز گويا يامان بىر ئىشنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندەك ئىتتىكلا بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— ياق، ياق، ئۆزلىرى بىرەلا، — دەپلا تىللانى ھاجىمغا ئۇزاتتى. ھاجىم تىللا بىلەن قوشۇپ قىزنىڭ كۈچلۈك، تومبىلەكلىرىنى تۇتۇۋالدى. قىزنىڭ قوللىرىدا زەھەرلىك چار يىلان ماڭغاندەك بولۇپ سەسكىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا خېزىردەك ھۆرمەتكە ئىگە ئەيىندىن ھاجىمنىڭ بۇنداق قىلىشىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن قىزنىڭ قولىدىن تىللامۇ، شاممۇ چۈشۈپ كەتتى. شام قىزنىڭ كۆينەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، قىز قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان ئۆيدە مەر - مەر تاشتىن ياسالغان مەبۇتتەك قېتىپلا قالغاندى.

www.uyghurkitap.com

مائاقەتجان ھاجى

# شېئىرلار

## كۆردۈم

مەن شەپەقنى يۈزۈڭدە كۆردۈم،
غۇنچىلارنى نېپىز لېۋىڭدە.
كۆك ئاسماننى كۆزۈڭدە كۆردۈم،
مەجنۇن تالنى نازۇك بېلىڭدە.

كىرپىكلىرىڭ ئورمىنىم مېنىڭ،
قىلىچىمنى قېشىڭدا كۆردۈم.
ياۋ ئوقىدىن قورقماسمەن ئەمدى،
قالقىنىمنى بېشىڭدا كۆردۈم.

كۆردۈم سېنى، كۆردۈم سەن كەبى
پەرزاتنى پەلەكتە كۆردۈم.
مەيلى ئىشەن مەيلى ئىشەنمە،
يۈرىكىڭنى يۈرەكتە كۆردۈم.

## كۈلكە

تۇغۇلۇشتا يىغلاپ تۇغۇلدۇق،
ئۆلگەندىمۇ يىغلاپ ئۆلەرمىز.
دېمەك، بارى پەقەتلا يىغا،
ئېيتىڭ دوستۇم، قاچان كۈلەرمىز؟!

«تۇغۇلۇشتا يىغلاپ تۇغۇلدۇق،
ئۆلگەندىمۇ يىغلاپ ئۆلەرمىز.»
تەكرارلىماڭ بۇ سۆزنى يەنە،
بىز ھاياتتا كۈلۈپ ئۆتەرمىز.

تۇغۇلۇپ تا ئۆلۈپ كەتكىچە
بولغان ۋاقىت كۈلۈشكە قالدى.
ئاشۇ ۋاقىت — كۈرەش دەۋرىدۇر،
دېمەك، كۈلۈش — كۈرەشتە قالدى.

## كەڭ جاھان رازى ئانام ھۈنىرىدىن

ئانامنىڭ تەر تامچىغان پېشانىسى
قۇياشتۇر ئالەمگە نۇر تۆكۈپ بەرگەن.
نۇر سىڭىپ پىشقان ناننىڭ ھەر دانىسى
شەپەقتۇر زەر قۇياشنى تۇغۇپ بەرگەن.

ئىنسانلار بەختى ئۈچۈن ئەزىز ئانام
شەپەقنى ئېلىپ چىقتى تونۇرىدىن.
شۇ كۈندىن تاپتى ئالەم قۇياشىنى،
كەڭ جاھان رازى ئانام ھۈنىرىدىن.

## بىر تامچە ياش

بىر تامچە ياش تامچىلىدى كۆزۈڭدىن،
سۆيۈنمىلىكىم، ئازابىمۇ بۇ، شادلىقمۇ؟!
يىغلاتقىنى مەنمۇ
ياكى يۈرەككە
ۋىسال بەرگەن، ھىجران بەرگەن ياشلىقمۇ؟!

بىر تامچە ياش تامچىلىدى كۆزۈڭدىن،
كەچۈرگەيسەن يىغلاتقىنى مەن بولسام.
ئازاب يەيشى بولسا ئەگەر،
ئارمىنىم:
گۈل مەڭزىڭدىن ئاشۇ ياشنى سۈەۋرسەم.

## تۆمەن بويىدا

تۆمەن بويىنى بويلاپ
يارىم كېلىدۇ ئويناپ.
قامچا چاچلىرى بىلەن
كۆڭلۈم قۇشىنى ئۇۋلاپ.

يارىنىڭ قولىدا ئۈزۈك،
كۆڭلى ھەممىدىن تۈزۈك.
بىزنىڭ ئىشقىمىز، دوستلار،
بۇلاق سۈيىدىن سۈزۈك.

تۆمەن بويىدا بۇلاق،
گۈللەر چاچىدۇ پۇراق.
گۈلگە پۈركىنىپ يارىم
ئېيتىپ كېلىدۇ قوشاق.

يارىم كېلىدۇ ئويناپ،
كۆڭلۈم قۇشىنى ئۇۋلاپ.
مەنمۇ بارىمەن، دوستلار،
يارنى ئالغىلى تويلاپ!

ئەرشىدىن راشىدىن

## ئىككى غەزەل

1

ئىچۈن تۈنلەردە بىدارمەن، چۈشەنگەي ئۆزگىلەر ئاخىر،
شىجائەت، ئىجتىھادىمغا ئىشەنگەي ئۆزگىلەر ئاخىر.
كۈلەر ئەھبابىلەر شەكسىز كۆرۈپ شانىمنى ـ بەختىمنى،
ھەسەتتىن قان بولۇپ باغرى ئۆلەر ئەغيارىلەر ئاخىر.
كۆمۈلمەيدۇ ئىجات ـ مېھنەت، زاۋال يوقتۇر ئىجادكارغا،
ۋەلېكىن ئۇنتۇلار داغلىق ئېسىل شاھزادىلەر ئاخىر.
بوۋام مەھمۇد بۈگۈن كۆرمىك كۆڭۈللەر تەختىدە سۇلتان،
مازارىنى ئۇنىڭكى قاپلىدى گۈل ـ لالىلەر ئاخىر.
بەسى مۇشكۈل ئىرۇر بىلسەڭ، كى ھىجران دەشتىنى كەزمەك،
ۋىسالغا يەتكۈسىدۇر يەڭگۈچى مەردانىلەر ئاخىر.
كىشىكىم ئۆز ھاياتىدا ۋاقتىنى ئەيلىسە زايا،
جېنى ھەلقۇمغا يەتكەندە ئۇنىڭ قەدرىن بىلەر ئاخىر.
ھاياتىم دەپتىرىنىڭ بەتلىرى گەر قالسا ئاق ـ ئاپئاق،
بىلەرمەن، چەكمىكىم جەزمەن پىغانۇ ـ نالىلەر ئاخىر.
بارارمەن ئېتىلىپ ئالغا ئېشىپ تاغۇ داۋانلاردىن،
ھاياتىمغا بولۇپ شاھىت قالار ئەشئارىلەر ئاخىر.

2

ماڭا تۆھمەت تېشى ئاتتىڭ، تۇرۇپ ھېچبىر گۇناھىم يوق،
بىلىپ قوي، بىنەزەرمەن، سوغ كۆزۈڭدە باق، دەۋايىم يوق.
تونۇتتۇڭ كىملىكىڭنى «خوش» دېگەنگە ئىلتىپات ئەيلەپ،
ئاشۇ «خوش ـ خوش»قا ناقىسمەن، كەچۈر «لەببەي»گە رايىم يوق.
قەسەمبىللا، بولالماسمەن ساڭا ھەمدەستىخان ـ ئۇلپەت،
يېمەسمەن ئەجرىسىز لوقما، سېنىڭدەك ئىشتىھايىم يوق.
كۆتۈپ ئېھسان بوسۇغامغا كېلەر دەپ ئويلىما زىنھار،
يېتەرلىكتۇر نەسىۋەم، خەيرى ـ ئېھساندىن تامايىم يوق.
مېنىڭدەك «مۆرىمەس، پىخسىق» ساڭا ئىسسىق كۆرۈنگەيمۇ،
ئۆيۈمدە نېمىستى مول داستىخان، نەغمە ـ ناۋايىم يوق.
غادايغانغا غادايغاقمەن، ئېگىلگەنگە ئېگىلگەيمەن،
غادايدىڭ، مەن يېلىنماسمەن، ساڭا ھېچ ئىلتىجايىم يوق.
رەزىل ئىللەتنى تىللايمەن، سېنى ھەق يولغا چىللايمەن ـ
دېبان بۇ نەزمىنى يازدىم، بۆلەكچە مۇددىئايىم يوق.

ئىبراھىم ئىزاقى

## سەن بىلەن

تاڭدا كەلدىم باغقا سەيىر ئەتكىلى، يار، سەن بىلەن،
نە سەيىر، يەڭنى تۇرۇپ تەر تۆككىلى، يار سەن بىلەن.
تەرلىرىمدىن كەڭ دالاغا مەن بېرىپ ھال رەڭ بوياق،
خۇددى ئاق قەغەزگە ئۇز گۈل چەككىلى، يار سەن بىلەن.
سۇغىرىپ يۈرەك سۈيىدە ئىشقى ـ مېھرىمنى قېنىق،
ئۆستۈرۈپ گۈللەرنى پەرۋىش ئەتكىلى، يار سەن بىلەن.
ياڭرىتىپ مېھنەت كۈيىنى سۈبھىدىن تا شامغىچە،
باغۇ گۈلشەننى يەنە كېڭەيتكىلى، يار سەن بىلەن.
كۆكرىكىڭگە گۈل تاقاپ شانۇ ـ شەرەپ قۇچقانلىنىڭ
تۆھپىكارلىق روھىنى ئۆرلەتكىلى، يار سەن بىلەن.
ئەجرىمىزنىڭ قەنتىنى ئەل ـ يۇرت بىلەن بىللە چېقىپ،
يېڭى گۈلشەندە مۇرادقا يەتكىلى، يار سەن بىلەن.

يالقۇن ئۆمەر

## سازچى

كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى تارتىتىڭ ئەجەب مۇڭلۇق چېلىپ، سازچى،
ئاشۇ ئوتلۇق كۈيۈڭ بىرلە يۈرەككە ئوت سېلىپ، سازچى.
جاراڭلىق نەغمە ياڭراتساڭ جېنىم تەندە كېتەر يايراپ،
كېلەر دىلغا سېنىڭ مەرغۇللىرىڭ شادلىق ئېلىپ، سازچى.
كۆتۈرۈپ ئەۋجىگە سازنى، ئاتا قىلىپ كىشىگە يازنى،
چالارسەن خۇش ئاھاڭ بۇلبۇلنىمۇ ھەيران قىلىپ، سازچى.
بولۇپ ۋارىس مۇقام چولپانلىرى تۇردى، ئاماننىساغا،
ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭدىڭ گويا مەشئەل بىلىپ، سازچى.
بېغىشلاپ نەسلى سەنئەتكار خەلقىقە مەنىۋى ئىلھام،
بولۇپ دوستلارغا چىن ھەمدەم، رەقىب باغرىنى تىلىپ، سازچى.
بۈگۈن زوق - شوختا تولدۇرسەن كۆرۈپ نۇرلۇق كېلەچەكنى،
جاسارەت ئاشتى جىسمىڭدە يېڭى دەۋرىڭ كېلىپ، سازچى.
جاراڭلاتقىن مۇقامىڭنى، پەخىرلەنسۇن ئۈنىڭدىن ئەل،
بېغىشلاپ دىلغا مىڭ شادلىق، ھۇزۇر - ئىلھام بېرىپ، سازچى.

## كېلەچەك دىلبەرى

كېلەچەك دىلبىرى ئىلھام ھەۋەسلەر قوزغىدى مەندە،
ياساپ ھېس - تۇيغۇدىن فونتان، جاسارەت ئۇرغىدى تەندە.
شۇ بۇ جانان سۆزى قەلبىم تۆرىگە بولدى نۇر، ئاپتاپ،
كى ۋىجدان لەۋزىدىن قىلدىم ئاڭا ئىشقىمنى پەيۋەندە.
بېغىشلاپ قايتىمدىن نۇرسىز ھايات تەختىمگە زور ئىستەك
سۇغاردى چاڭقىغان دىلنى ئېسىل زەمزەم ئىلىم - پەندە.
ئاتا قىلغاچ مادار تەنگە ئۈمىد چولپانلىرىم كۈلدى،
ئۆمۈر باغىم ئارا قىلدى ۋىسالى بۇلبۇلۇم خەندە.

ئىلھام روزى

## ھەر كۈنى

كۆپ سېغىنغاچ، يار، سېنى بولدۇم پەرىشان ھەر كۈنى،
ئايرىلىش دەردى تېنىمنى قىلدى نىمجان ھەر كۈنى.
سەن قاچان كەتتىڭ قېشىمدىن شۇ ھامان دەردۇ ئەلەم

www.uyghurkitap.com



شادىمان كۆڭلۈم ئۆيىمنى قىلدى گۈمران ھەر كۈنى.
تۈن - كېچە ئۇيقۇ ياماڭلاپ ھېچ ماڭا كەلمەس يېقىن،
قەلبى تەختىمگە ئازاب بولغاچ ھۆكۈمران ھەر كۈنى.
مۇگدىشارمەن سۇرىتىڭگە ھەر بېقىپ بى ئىختىيار،
ياشلىرىم يامغۇرنى ھەتتا قىلدى ھەيران ھەر كۈنى.
دىل ئۆيۈمنى قاپلىغاچ چاچتەك قارا ھىجران تۈنى،
ئۆتمىدى قورقۇپ كېلىمدىن چاي بىلەن نان ھەر كۈنى.
يارنى كۆرۈپ شادىمان بولسام ئەيىبكە بۇيرۇماڭ،
گۈلنى بۇلبۇل كۆرسە شاد ئۇرماسمۇ خەندان ھەر كۈنى.
بىغۇبار قەلبىمنى تىلغاچ شۇم ئازابنىڭ خەنجىرى،
كۆپ تىلەپ ۋەسلىڭنى ئىلھام بولدى ۋەيران ھەر كۈنى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا

## مەن — تاغ . . .

تۇرىدۇ ياندىشىپ قاتار - قاتار تاغ
تىك تۇتۇپ قەددىنى پەلەكتە مەغرۇر.
ئەگىسە بېشىدا لالىرەڭ بۇلۇت،
چېھرىدە تەبەسسۇم پارقىرايدۇ نۇر.

قارىسام قادەتلىك ئاشۇ تاغلارغا،
ئاشىدۇ بارغانچە مۇھەببەت، زوقۇم.
قەلبىمدە قوزغىلىپ يۈكسەك ئىپتىخار،
ئۆزۈمنى تاغلارغا كېلەر ئوخشاتقۇم.

ئوخشايمەن تاققا مەن، تاغ ئۆزۈم گويا،
تاغلارنى قۇچاقلاپ، تاغلاردەك ئۆسكەن.
تاغلاردىن زوق ئېلىپ، تاغلارنى سۆيۈپ،
قەلبىمگە تاغلاردەك ئارزۇنى پۈككەن.

سۆيۈمەن شۇڭلاشقا ئاشۇ تاغلارنى،
تاغلارغا تۇتاشتۇر ھەتتا يۈرىكىم.
ئەل ئۈچۈن تەر تۆكۈپ، تاغلاردەك گويا
ياشاشتۇر، بىلسەڭلار، ئارزۇ - تىلىكىم!

مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى

## ئوخشىتاي مەن سېنى نېمىگە؟

چاچلىرىڭنى دېسەم مەجنۇن تال،
مەجنۇن تالدا يوقكەن خۇش پۇراق.
ھىدلاپ سېنى تاپىمەن جەزمەن،
كەتسەڭمۇ سەن قانچىكى يىراق.

جامالىڭنى ئوخشاتسام ئايغا،
ئاي سېنىڭدەك ئەمەسكەن ئوماق.
تەبەسسۇمىڭ، ھۆسنۈڭ ئالدىدا
ئاي دېگەن بىر نۇرسىز جىن چىراق.

تىنىقىڭنى دېسەم شوخ شامال،
شامال مېنى قىلالماس شەيدا.
تىنىقىمىز قوشۇلسا، جانان،
قۇتلۇق بايرام بولىدۇ پەيدا.

سىڭىپ كەتكەن سۆيگۈ - مۇھەببەت
ئىككىمىزنىڭ قەلب، تېنىگە.
بىلەلمىدىم ئېيتقىنا، يارىم،
ئوخشىتاي مەن سېنى نېمىگە؟

## تەشنالىق

ئەسلەيمەنكى چىلىپ كۆندە ساز،
سىنى تۈنجى كۆرگەنىدىن بىرى.
چىمەنلەرنى قىلىپ پايانداز
سەيلى قىلىپ يۈرگەنىدىن بىرى.

ئاق شايىغا پۈركىنىپ قاپتۇ
يازدا بىزلەر يايرىغان گۈلزار.
كۆمۈش قاردىن مۇنچاق تاقاپتۇ،
ئىككىمىز شاد ئوينىغان تالزار.

ئىز قوغلىشىپ ئۆتتىمۇ يىللار،
لېكىن سوۋۇپ قالماس ئىشقىمىز.

مەڭگۈلۈككە باغلانغان مەھكەم
ياشلىقتىكى كۆڭۈل رىشتىمىز.

چۈنكى دىلدا ساقلىنار ئەبەت،
مۇھەببەتنىڭ شېرىن چاغلىرى.
ۋاقىت ئۆتەر،
مېھرىمىز چىڭار،
ياشناپ بارار هايات باغلىرى . . .

جامالىڭغا تەشنامەن، دىلبەر،
سەن ئۆمرىمنىڭ گۈزەل باهارى.
ساداقەتلىك، پاكلىقتىن كېلەر
مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن باهارى . . .

خوجا ئابدۇللا ناسىرى

## ئايلا تۇرسا ئاسماندا

تاڭغا خۇشتار جىمى جانلىق - مەۋجۇدات،
بۇلبۇللارمۇ تاڭنى كۈيلەپ سايرايدۇ.
تاڭنى چىللاپ هارماس تۈندە خورازلار،
تاڭنى ئىزدەپ قۇياش ئارام ئالمايدۇ.
مەن ئېيتىمەن ئىراق شۇنى ئارماندا:
تاڭ ئاتمىسا، ئايلا تۇرسا ئاسماندا.

ماڭا راهەت بېرەر باهار كېچىسى،
سەيلىتىمەن يېشىل مەخمەل - دالادا.
كۆكسۈم تولۇپ-تولۇپ نەپەس ئالىمەن،
جېنىمغا جان قوشقان خۇش خۇي هاۋادا.
مەن ئېيتىمەن ئىراق شۇنى ئارماندا:
تاڭ ئاتمىسا، ئايلا تۇرسا ئاسماندا.

مېنىڭ سۆيگەن نىگارىمدۇر تولۇن ئاي،
يۇلتۇز گويا كۆكسىدىكى بولاپكا.
چېچەكتىكى خۇشبۇي ئۇنىڭ تىنىقى،
قارا چېچى ئوخشار يۇمشاق بۇلۇتقا.
يېنىپ تۇرغان شەهلا كۆزى بىر جۈپ كۈن
شۇڭا بولماس قەلبىمدە، هېچ كېچە تۈن.

قاپلار دىلنى قىيالماسلىق مۇڭ - پىغان،
تاڭ ئالسا گەر ئىككى ئاينى پىنهانغا.
دىل كۆكسىمنى زۇلمەت باسار شۇ هامان،
تەلمۈرىمەن ئاي مۆكۈنگەن تامانغا.
مەن ئېيتىمەن شۇڭا هەرئان ئارماندا:
تاڭ ئاتمىسا، ئايلا تۇرسا ئاسماندا.

ئوبۇل ئەزىزى

## تويۇۋال نەپسىم

مانا دۇنيا
قولۇڭدا سېنىڭ
تويۇۋال نەپسىم
يەپ كەتمىسۇن بىر كۆزۈڭنى،
هەسەت قىلىپ
يەنە بىر كۆزۈڭ.

## سۆيگۈ بىلەن گۈزەل بۇ دۇنيا

چىن سۆيگۈڭنى بەردىڭ سەن ماڭا،
ئۇۋلاپ ئالدىڭ سۆيگۈمنى يانا.
سەن يېنىمدا، شادلىقىم دەريا،
بەخت بىزگە بولدى چىن هەمراھ
شۇڭا دەيمەن: چىن سۆيگۈ بىلەن
گۈزەل ئىكەن بۇ سىرلىق دۇنيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى uyghurkitap.com

رىزۋانگۈل ھوسەيىن

## سېغىنىپ كەتتىم باھار قوينىغا

بۈگۈن سەھەر ئالەم باشقىچە،
قۇشلار خۇشال كېتىپتۇ سايراپ.
قېلىن توندىن قۇتۇلغان تۇپراق
يېنىك نەپەس ئېلىپتۇ ياپراپ.

بويى زىلۋا مەجنۇن تالمۇ ھەم
ياسىنىپتۇ چېچىنى تاراپ.
ئالما، ئۆرۈك چېچەكلىرىگە
گۈل قىسىپتۇ ئەينەككە قاراپ.

زىلال سۇلار قىرغاقنى سۆيسە،
كاككۇك چىللار ۋاپادارىنى.
بۇلبۇللارمۇ نەزمىسى بىلەن
چېكەر دىلنىڭ نازۇك تارىنى.

باغ - ھويلىلار تۈزۈشۈپ ھۆسن،
كىيىپ ئاپتۇ چىرايلىق ئەتلەس.
قىز - يىگىتنىڭ يۈرەكلىرىنى
تۇيغۇلارغا تولدۇرۇپ پەۋەس.

نەزەر سالسام گۈل تەبىئەتكە،
تارتتى كۆڭلۈم مەيلىنى پۈتۈن.
سېغىنىپ كەتتىم باھار قوينىغا،
قوشۇلسۇن دەپ ھۆسنىگە ھۆسن.

مۇھەممەت ئۆمەر

## قىز ۋە تۇپراق

چۈشۈپ بارار قىيماي مۈك ئارا
كىرپىكىدىن سىرغىغان تامچە.
توختاتسىچۇ زىناقلىرىدا
ئۈمىدىدىن بېرىپ سۆيۈنچە.
چۈشتى بىر جۈپ تامچە ئەركىلەپ
قىز كۆزىدىن، ئۈمىدى ئۆچتى.
يۇتۇۋالدى تۇپراق قەدىرلەپ،
قىز ئۈمىدى تۇپراققا كۆچتى.
ئۈستى ئۈندىن تۇپراقتا غۇنچە —
قىز سىيماسى بولۇپ ئۆزگىچە.

مۇھەممەتسەيدى مەتقاسىم

## ياشلىقىم ئىنتىلەر يېڭىلىقلارغا

دەريانىڭ بويىنى كېزىمەن خۇشال،
قەلبىممۇ دەريادەك ئويغاقتۇر ھامان.
لىرىك ھېس - تۇيغۇنىڭ قاناتلىرىدا
ئۇچىمەن يېپيېڭى ساھىللار تامان.

ھىدلارغا كۆمىدۇ مېنى چىمەنزار،
كېلىمەن ئۇپۇقرەڭ گۈللەر ئارىلاپ.
خىيالىم يەپلىرى چىرمىشار ئاڭا،
يېپيېڭى گۈللەرنى سۆيۈپ، ھارىلاپ.

ياشلىقىم گۈزەلدۇر يېڭىلىق بىلەن،
يېڭىلىق مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك.
يېڭىلىق ئىچىدە بولۇپ پاراۋۇز،
شۇ گۈزەل ئەتەمگە بېرىمەن گۈدۈك.

**مۇقارىپ يەھىيا**

## شائىرىڭمەن يىغلاي دەردىڭگە

كۆللەر ئازاب سالدىمۇ، ئەي قىز،
كىرپىكىڭدىن قۇرىماس ياشلار.
سىزىلمەيدۇ ياشلىق چىھىرىڭنى —
كۆزلىرىڭدىن ئۇتلۇق چاقناشلار.

ئېيتقىنا تېز، ئاھلىرىڭ نېمە؟
يا بىرسىگە قالدىڭمۇ كۆيۈپ؟
نىگارىڭ يا يۈز ئۆرىدىمۇ؟
يا بىر شالاق قاچتىمۇ سۆيۈپ؟

قاي جاراھەت قىيناركىن سېنى،
بۈگۈن يەنە ھۆل بوپتۇ مەڭزىڭ.
ئوخشاپ گويا سۈبھى پەيتىدە
شەبنەم سىڭگەن لالىگە چېھرىڭ.

ئېيتقىنا تېز، ئېيتقىن يوشۇرماي،
شائىرىڭمەن، يىغلاي دەردىڭدە.
ئەجەب ئەمەس مىسرالىرىمدىن
شىپا تېپەر قالساڭ ئەگەردە.

## قىزىلگۈلنى ئۆزمە، ئەي قىزچاق

قىزىلگۈلنى ئۆزمە، ئەي قىزچاق،
تۆكۈۋالسۇن پۇراقلىرىنى.
ھىدلىرىدا مەست قىلسۇن راسا
كەڭ زېمىننىڭ قۇچاقلىرىنى.

قىزىلگۈلنى ئۆزمە، ئەي قىزچاق،
قاراپ يىگىت كەتسۇن خىيالغا.
كۆرۈپ يارىنىڭ ھۆسنىنى ئۇنىدىن،
لەۋ تەگكۈزسۇن — يەتسۇن ۋىسالغا.

قىزىلگۈلنى ئۆزمە، ئەي قىزچاق،
سۆيۈۋالسۇن يۈزىگە شەبنەم.
مەڭزىنى ياش ھۆللىگەن قىزلار
تۇرۇۋالسۇن سىردىشىپ بىردەم.

قىزىلگۈلنى ئۆزمە، ئەي قىزچاق،
قېنىۋالسۇن تەبىئەت ئۇزاق.
قېنىۋالسۇن ئالەم ھۆسنىگە،
ھىجران ئېلىپ كەلگۈچە پىراق.

**گۈلجامال ئۆمەر**

## ئانا ئارزۇسى

بالام ساڭا كۈلۈپ باقار كېلەچەك،
كەشپىياتنىڭ باغلىرىدا ئاچ چېچەك.
ۋۇجۇدۇڭغا يولۇقتۇرما نۇقسانىنى،
ئەمەس ئەمدى يەنىلا سەن بىر گۆدەك.

سەگەك بولۇپ گۈل تىكەننى ئايرىشقا،
چىن گۈزەللىك، ياخشىلىققا زوقلان بەك.
باشقىلارنىڭ جۇۋۇسىدا تەرلەشنى
ھېسابلىغىن خۇددى زەھەر يۇتقادەك.

نادانلىقنىڭ تاغلىرىنى غۇلىتىپ،
مەرىپەتنىڭ ئىشقىدا يان گۈلخاندەك.
ئىجادىڭدىن چۈشسۇن ئەلگە يورۇقلۇق،
چاقنا مەڭگۈ نۇر پارلىغان چولپاندەك.

ئۆچمىسۇن ھېچ ئەجدادىڭنىڭ چىرىغى
يېتىلگىنسەن بوۋاڭ مەھمۇد كۈتكەندەك.
ۋەتەن ئەلنىڭ ياخشى ئوغلى بولساڭ سەن،
بولار ئىدىم گۈل بەختىمنى كۆرگەندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا ئېلى



(پوۋېست)

مۇقەددىمە

ئەنسىز سىگنال بېرىپ ئۆتكەن ساقچى ماشىنىلىرى ئەمدىلا چۇشۇشكە باشلىغان غازاڭلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر كونا قورۇ ئالدىدا توختىدى. ساقچىلاردىن بۇرۇن كېلىپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان بىر توپ ئادەملەر يول بوشاتتى. ساقچىلار ئاھالىلىكلەر كومىتېتى قوغداش خادىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ، قورۇنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى ئاچقاندا، ئۆيىنىڭ ئىچىدە قانسىز يۈزىنى ئىشىك تەرەپكە قىلىپ ئوڭ مەڭزىنى يەرگە چاپلاپ دۈم ياتقان 24 ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكاننىڭ جەسىتى كۆرۈندى. ساقچىلار تاپسا ئالدىدىلا توختاشتى.

كونا پوسۇندا سېلىنغان بۇ ئۆي ھەم ئېگىز، ھەم ئازادە ئىدى. غەرب تەرەپتىكى ئىككى چوڭ رۇجەكتىن قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرى چۈشۈپ تۇرغاچقا، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىدىكى نەرسىلەرمۇ سىرتتىكىلەرگە خۇددى كىنو ئېكرانىدىكى سۈرەتتەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قېنى ئاۋۋال سۈرەتكە ئېلىڭ، — دېدى رازۋېتكا سوراق بۆلۈمىگە ۋاقىتلىق

مەسئۇل بولۇۋاتقان ھۆسەن سۈرەتچى ساقچىغا بۇيرۇق قىلىپ.

سۈرەتچى ئاۋۋال جەسەتنى، ئاندىن ئۆي ئىچىدىكى مۇشۇ دېلوغا ئالاقىسى بار دەپ ھېسابلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل سۈرەتكە ئالدى. ھۆسەن سۈرەت تارتىلىپ بولغۇچە تاپسا ئالدىدا ئىككى قولىنى ئىككى بېقىنىغا تىرەپ، خۇددى ئىشىك ئالدىغا قاتۇرۇلغان ھەيكەلدەك جىم-جىت بىر پەس ئويلاندى. نەق مەيدانىنى قانداق تەكشۈرۈش، كىملەرنى قايسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە پىلان تۈزۈۋالدى. ئاندىن جىددىي، كەسكىن تەلەپپۇزدا ئاھالە كومىتېتى قوغداش خادىمىدىن سورىدى:

— ئۇنىڭ تۇغقانلىرى قېنى؟

— تېخى خەۋەر قىلىشقا ئۈلگۈرمىدۇق. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ ئېرى كوپېراتىپتا پېرىكازچىك ئىكەن. باشقا تۇغقانلىرىنىڭ نەدە، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇلار تېخى ئالدىنقى ھەپتە ئىچىدە قاتتىق ئۇرۇشۇپ سوتقىچە سۆرىشىپ بارغانىدى. شۇڭا بۇ ۋەقەمۇ شۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىسىمىكىن دەپ، ئۇنىڭ ئېرىنى ...، — قوغداش خادىمى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋالدى.

— ھىم، — دېدى ھۆسەنمۇ چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئىشەنچە، غەلىبە ئىپادىسى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈپ ئۆچتى. سۈرەتكە ئېلىش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن ساقچىلار بىر-بىرلەپ كىرىپ ئۆينىڭ ئىچىنى كۆزەتتى.

— قاتىل پىچاقنى سانجىپ قوچۇۋېتىپتۇ، — دېدى قانۇن دوختۇرى جەسەتنىڭ غولىدىكى پىچاق سېلىنغان جايىنى كۆرسىتىپ.

— قارىغاندا، قاتىل ناھايىتى خاتىرجەم ھەرىكەت قىلغان، مانا قاراڭلار، ئۇ قاتىللىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قان يۇقى پەلەي بىلەن ماۋۇ چامادان ۋە ساندۇقلارنى ئاقتۇرۇپتۇ. ئەنە ئاۋۇ ئىشكاپتىمۇ قان يۇقى تۇرىدۇ، — دېدى سۈرەتچى ساقچى. ئۇ، سۈرەتكە ئالغۇچە بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاقتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئېنىق رەسىمگە تارتىپ بولغانىدى.

ساقچىلار ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپە دائىرىسى بويىچە مەشغۇلات قىلىپ ئۇزۇنغا قالمايلا ئۆينىڭ ئىچىنى تەكشۈرۈپ بولدى. ھۆسەن ئەھۋالنى ئۆز كۆڭلىدە مۇنداق تەھلىل قىلدى: «بىرىنچى ئېھتىمال — ئۇنىڭ ئۆيىدە قىممەت باھالىق بىرەر نەرسە بار بولۇپ، ئۇنى ئۆي ئىگىسىدىن باشقا كىشىلەرمۇ بىلىدۇ. قاتىل ئەنە شۇ نەرسىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ، چوكاننىڭ ئېرى يوق چاغنى پايلاپ تۇرۇپ، ئۆيگە كەلگەن ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ھېلىقى نەرسىنى ئېلىپ خاتىرجەم چىقىپ كەتكەن. ئىككىنچى ئېھتىمال — ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان ھەمدە ئاجرىشىشنى خالايدۇ، بىراق ھەر ئىككىيلەن ئۆيدىكى ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. شۇڭا ئەر ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئاشۇ نەرسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ئىككى خىل پەرەزنىڭ ئىككىنچىسى ئەمەلىيەتكە خېلى يېقىن ...» ھۆ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەننىڭ بۇ تەھلىلى ئۆزىگە ياردى. شۇڭا ئۇ، شۇ كۈنىلا ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆلگۈچى چوكاننىڭ ئېرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئادەم ئورۇنلاشتۇردى.

## ئۇنىڭ ئېرى

ئۆلگۈچى چوكاننىڭ ئىسمى نەۋبەر ئىدى. بۇ ئىسىم شۇ مەھەللىگە نىسبەتەن يېڭىچەرەك بولغاچقا، مەھەللىدە ئۇ كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرمۇ نەۋبەر دېگەن بىر چوكاننىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. بىراق ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ ياتلىق بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېرى ئادىلدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئادىل كوپىراتىپقا تەۋە كەسپىي ئىشچى بولۇپ، ئاتا-ئانىسىدىن بۇرۇنلا ئايرىلغان. ئىككى ئاچىسىمۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قالغان بۇ تەۋەررۈك زېمىنىنىڭ يېرىمىنى خەققە سېتىۋېتىپ، كونىرىغان ئەمما ھېلىمۇ سۈپىتىدىن چۈشمىگەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ چىرىقىنى يورۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ، يەتتە يېشىدىلا ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ تەنھا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشتا پۇختا بولۇشنى، قىلغان ئىشىدىن چاتاق چىقارماسلىقنى ئادەت قىلىۋالغانىدى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە گىجىك كۆرۈنەتتى. ھەتتا بەزى قىزىقچى ياشلار ئۇنى «ئادىل ياپسا» دەپمۇ شاخو قىلاتتى. بىراق ئۇنى چۈشىنىدىغان خىزمەتداشلىرى ئۇنى خىزمەتتە ئەستايىدىل، تۇرمۇشتا رەتلىك، تەلەپچان دەپ ھېسابلايتتى. ھېچكىم ئۇنى قاتىللىق قىلار دەپ ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن بەزىلەر: «يۇۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە دېگەن مانا شۇ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېيىشتى. دېمىسىمۇ ئۇ يىل بويى باشقىلار بىلەن «سەن-پەن» دېيىشمەيتتى. دوستلىرى بىلەن بىرەر-يېرىم نۆۋەت ئىچىشىپ قالغان چاغلىرىدا قىزىپ قالسا، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كۈلكىلىك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ قىزىقچىلىق قىلغىنى بىلەن، باشقا ۋاقىتتا ئۇشۇق سۆزلىمەيتتى. مەيلى ئەمەلدار بولسۇن، پۇقرا بولسۇن ھەممىسىگىلا بىر خىل پوزىتسىيە تۇتاتتى. ھەتتا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە «ياخشىمۇسىز» دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىمۇ ئاغزىدىن ئۇنلۇكرەك چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى. «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېيىشىدىكەن. بىراق ئۇ ئالىسىمۇ ئېچىلماي قالمايدىكەن. مانا ھوسەن ئادىلنى ئاسانلا تۇتۇپ كەلدى ھەمدە ئۇنى تۇنجى سوراق قىلىش ئارقىلىق ئۆيىدە قانداق قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ، ئۆزى تەكشۈرۈپ تىزىملىۋالغان ماتېرىيال بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ھېچقانداق پەرق چىقمىدى. ئادىلنىڭ پۇختىلىقى شۇنىڭدىن بىلىنىدىكى، ئۇ ئۆيىدىكى چوڭ-كىچىك مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىردىن ئېيتىپ بېرەلىدى. ھەتتا نەچچە تال چوكا، نەچچە قوشۇق بارلىقىنىمۇ ئەينەن ئېيتىپ بەردى. ئۆيىدىن ھېچنېمە يوقالمىغان بولۇپ چىقتى. ئەمـ

سە قاتىل نېمە ئۈچۈن نەۋبەرنى ئۆلتۈردۇ؟ ئادىلنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بولغۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىكەن. ياق، ئۆيىدە ئاز-تولا پۇل ياكى دەرھال پۇلغا يارىغۇدەك بىر نەرسە ساقلىمايدىغان ئوغۇل بالا ئاز ئۇچرايدۇ. ئادىل يالغان سۆزلىگەن، ئۇ، بىر كونا سودىگەرنىڭ بالىسى، ئۇنىڭدا چوقۇم قىممەتلىك بىر نەرسە ياكى كۆپ مىقداردا پۇل بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغىنى بىلەن پۇلغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالمايدۇ. نەۋبەرنى ئۆلتۈرگەن باشقا بىرسى ئەمەس دەل ئادىلنىڭ ئۆزى. ئەر-ئايال ئىككىلىسى ئەنە شۇ پۇلنىڭ كويىغا چۈشكەن-دە، بىر-بىرىنى قەستلىگەن. نەتىجىدە ئادىل نەۋبەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، چامىدان ۋە ساندۇقتىن پۇل ياكى پۇللۇق نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يوشۇرغان، ئۆي ئۆزىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خاتىرجەم ھەرىكەت قىلىپ مەقسىتىگە يەتكەن. ھۆسەن ئاخىرى ئەنە شۇ قارارغا كەلدى.

ھۆسەن بۇ دىلونى ئىشلەش ئانچە قىيىنغا توختىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، رەسمىي سوراقنى باشلىماقچى بولدى. كاتىپ ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار تەق قىلىندى.

ھۆسەن دەسلەپىدە ئادىلنى ئاسانلا ئىقرار قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق بولماي چىقتى. «لىڭشىغان كۆتەكتىن قورق» دېگەن شۇ. ئادىل قارىماققا ئىلمى، ناھايىتى سىپايە سۆزلەپ ھازىرلا ئىقرار قىلىۋېتىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گەپنى ئەگىتىپ ئەزمىلىك بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ ھۆسەننىڭ ۋاقتىنى خېلى ئالدى.

— ھىم، — دەپ ئۇستەلگە قاتتىق بىر مۇشت ئۇرۇۋەتتى ھۆسەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — ھېلى راستىنى ئېيتار، مانا ئىقرار قىلار دەپ ئاغزىڭغا قاراپ ئولتۇرساق، بىزنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇۋاتامسىنا؟ نەۋبەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئالاھىتەن سېنىڭ پىچىقىڭنى ئىشلىتەمدۇ؟

— مەن يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ قانداق نىيەتكە كەلگەنىدە، قانداق تەييارلىق قىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ئۇنى مەندىن سورىغىچە ئۆزىڭىز تەتقىق قىلغىنىڭىز تۈزۈك! — دەۋەتتى ئادىلمۇ بوش كەلمەي. بىراق ئۇ يەنىلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسقان ھالدا يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى ھەقىقەتەن يۇۋاش ئىكەن دېگەن ئويغا كېلىدۇ. بىراق ھېلىقى گېپىنى ئاڭلىسىچۇ؟ بۇ تازا ئۇچىغا چىققان مۇغەمبەرلىك بولماي نېمە؟

ھۆسەن ئادىلنىڭ يۇقىرىقى جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇددى تويۇقسىز پەشۋا يېگەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئادىلنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سۆز چىقار دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ماھىر ئوۋچى، ئادىلنى بولسا تورغا چۈشكەن توشقان بالىسى ھېسابلاپ زور ئىشەنچ بىلەن سوراق قىلىۋاتاتتى. ئەكسىچە ئۇن نەچچە مىنۇتلۇق سوراقنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇ ھېچقانداق ئىقرارغا ئىگە بولالمىغانىنىڭ

ئۈستىگە مەسخىرە ئارىلاش رەددىيە ئىشىتىۋالدى. شۇڭا ئۇ قومۇش يېرىنىدەك قىيسىيىپ تۇرىدىغان كۆزىنى ئادىلغا مىختەك قاداپ، خۇددى سوقۇشۇشقا تەمشىلىۋاتقان قوشقاردەك بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن شەپكىسىنى ئېلىۋېتىپ، گەدىنىنى قاشلىغان هالدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

هۇسەن ئوراكۆز، بۇرنى هەم توم، هەم ئۇزۇن، دوقا ماڭلاي، ئىككى مەڭزى دومسىيىپ چىققان، چىرايى سۇس ئاچچىقسۇ رەڭگىگە ئوخشايدىغان، مىجەزى چۇس، تۇرقى سۇرلۇك، يېشى قىرىققا يېقىنلاشقان تىرىشچان قانۇن خادىمى ئىدى. ئۇ، بۇرۇن تۈرمىدە قاراۋۇل بولغان، ئاندىن مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا ئىشلىگەن. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە يۆتكەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزى مۇستەقىل هالدا مۇشۇ دېلونى ئىشلەۋاتاتتى. شاگىرت ئوۋچىغا ئېيىق يولۇققاندەك هۇسەنگە تۇنجى قېتىمدىلا ئادىلدەك جاهىل مۇغەمبەرنىڭ توغرا كېلىپ قالغىنىنى دېمەمسىز؟ ئۇ سوراقنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلەلمەي بىرنەچچە مىنۇت ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈردى.

ئادىل هېلىقىدەك يوغان سۆزلىگىنى بىلەن يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ تېنى بىلىنەر-بىلىنمەي تىترەۋاتاتتى. بەلكىم ئۇ هۇسەنگە قوپال سۆزلەپ قويغانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتىدىغاندۇ، ياكى بولمىسا جىنايىتىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتىدىغاندۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق مۇغەمبەرلىك ۋە ئەزمىلىك قىلىپ جىنايىتىنى يوشۇرۇپ قۇتۇلۇپ قېلىشنى خام خىيال قىلىۋاتامدۇ، تېخى.

هۇسەنمۇ ئالدىراپ ئۈستەلگە مۇشتلىغىنى بىلەن، ئادىلنىڭ ئالدىغا تاشلىغۇدەك ئەمەلىي پاكىتى يوق. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى پەقەت پەرەزگە ئاساسەن بولۇۋاتىدۇ، پەرەز دېگەن بەربىر پەرەزدە. شۇڭا، ئۇ ئادىلنىڭ رەددىيىسىگە قارىتا بىر نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئېيتە، تۈنۈگۈن سائەت ئۈچتىن بەشكىچە بولغان ئارىلىقتا سەن نەدە، كىملەر بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ سوراقنى داۋاملاشتۇردى هۇسەن. بۇ سوئال هۇسەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى سوئالى ئىدى. ئەگەر ئادىل بۇ سوئالغا پاكىتلىق جاۋاب بېرەلمىسە، هەرقانچە مۇغەمبەرلىك قىلغىنى بىلەنمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ.

— مەن، — دېدى ئادىل هۇسەنگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، — تۈنۈگۈن سائەت ئۈچ ئەمەس، ئىككىدىن ئالتىگىچە ئامبارچى ماموت، كاسسىر سادىقلار بىلەن بىرگە ئىدارىنىڭ كەسپىي بۆلۈمىدە هېسابات ۋە مال زاكاس قىلىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدۇم.

هۇسەن كاتىپنىڭ خاتىرىلىشىگە قانائەت قىلمىغاندەك قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئادىل ئىسپاتلىققا تارتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىۋالدى، ئاندىن سوراقنى داۋاملاشتۇردى.

— سېنىڭ تۈنۈگۈن سائەت ئىككىدىن ئالتىگىچە ئىدارىدە بولغانلىقىڭغا يەنە كىملەر ئىسپات؟

— ماموت بىلەن سادىقتىن باشقىلار تولۇق گۇۋاه بولالمايدۇ. ئەگەر ماموت

بىلەن سادىقنى ھازىر گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسىمۇ بىز ھازىر كېچىكتۇق. ئۇلار تونۇگۈن كەچتە كەچلىك پويىز بىلەن ئىچكىرىگە ماڭماقچى ئىدى، بەلكىم كېتىپ قالدى. مېنىڭچە، سىلەر ھەقىقىي قاتىلنى تۇتىمىز دېسەڭلار مەن بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، نىشانىنى باشقا ياققا بۇراپ سەگەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلساڭلار نەتىجە قازىنالايسىلەر. ئەگەر مەن بىلەنلا قالساڭلار...

ھۆسەننىڭ سورىقى شۇنىڭ بىلەن نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. ئۇ، ئادىل ئىسپاتقا تارتقان ماھۇت بىلەن سادىقنى سۈرۈشتە قىلىۋىدى، ئادىل ئېيتقاندەك ھەقىقەتەن ئىچكىرىگە كەتكەن بولۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ھۆسەننىڭ زور ئىشەنچىسى ئاجىزلاشقا باشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ دېلو ھۆسەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنىدى. ئەگەر ئۇ بۇ دېلونى ۋاقتىدا توغرا بىرتەرەپ قىلىۋەتسە، يېقىندا دەم ئېلىشقا چىقىدىغان بۆلۈم باشلىقى ئەزىزۇپنىڭ ئورنىغا دەسسىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ھۆسەنمۇ بۇنى بۇرۇنلا پەملىگەنىدى. شۇڭا ئۇ بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ بۇ دېلوغا تۇتۇنغانىدى. ئەپسۇسكى ئۇ ئازىراقمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. يامان بولغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى قېتىم سوراق قىلغۇدەك يوچۇقمۇ قالدۇرالمىدى. شۇڭا ئۇ ئىدارىنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن ئادىلنى ۋاقىتىنچە قويۇۋېتىپ، سىرتتىن كۆزەتمەكچى بولدى.

ئادىل تۇتۇلۇپ بەش كۈندىن كېيىن قويۇۋېتىلدى. بىراق ئادىلنى «قاتىل» دەپ تۇتۇپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى پاراڭ شەھەر ئىچىگە دېگۈدەك تارقىلىپ بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئادىل كىشىلەرنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرى، ئارقىسىدىن كۇسۇرلاپ ئەيىبلاشلىرىغا قارىماي، نەۋبەرنىڭ نەزىر ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈۋالدى. رازى قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى لايىقىدا رازى قىلدى. ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى يوقىلامدۇ، دەمسىز؟ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ «قاتىل» ھېسابلانغان بىر ئادەمگە قارىتا كىشىلەرنىڭ گۇمانلىق قارىشى تۇرغانلا گەپ. بىراق ئادىل كىشىلەرنىڭ ھەر خىل سۆز-چۆچەكلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇ ئەمدى ماگىزىنىنىمۇ ئاچماي، دوست-بۇرادەرلىرىنىمۇ ئىزدىمەي، زېھنىگە چۈشۈش-چۈشمەسلىكىگە قارىماي كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى.

تەبىئەت سائىتىنىڭ ستىرېلكىسى ئۆز رىتىمى بويىچە مېڭىۋېرىدۇ. ئۇ ھېچقاچان زېمىنغا ئېلىپ كېلىدىغان سوۋغىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مانا ھەش-پەش دېگۈچە دەل-دەرەخلەر تەبىئەت ئاتا قىلغان يېشىل تونىنى تاشلاپ قىش تۇمانلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاق تونغا ئورالدى، بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ھۆسەننىڭ يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولاتتى. چۈنكى ۋاقىت ھۆسەن بىلەن قېرىشقاندەك تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ، نەۋبەر دېلوسىنى تېزرەك ئېنىقلاشقا ئالدىرايتتى. بىراق پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك پاكىت، ئاساس قىلغۇدەك يىپ ئۇچى تېپىلمىدى. ئۇ ئىشخانىسىدا ئولتۇرغان كۈنلىرى، كىمدۇر بىرىسى تېلېفون بېرىپ ئۇ دېلوغا ئائىت مەسىلىنى خەۋەر قىلىدىغاندەك، ياكى بىر كىم كېلىپ

ئۇنىڭغا ئاللىقانداق ئىسپاتلىق ماتېرىيال بېرىدىغاندەك، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى بىلەن ئىشىكنىڭ قېقىلىشىنى كۈتەتتى. تېلېفون نۇرغۇن قېتىم جىرىڭلىدى. ئىشىكنى نۇرغۇن ئادەم چېكىپ كىردى، بىراق ھەممىسىلا باشقا ئىشلار ئۈستىدىكى گەپلەر بولۇپ چىقتى. ئاخىرى ئۇ يىغىنغا كېتىپ كېسەل مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرغىچە كېلەلمەيۋاتقان پېشقەدەم بۆلۈم باشلىقى ئېزىزۇپنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ھۆسەننىڭ بۇ دىلونى ئىشلەشكە قۇربى يەتمىدى. ئەگەر ئېزىزۇپ قايتىپ كەلسە، ھۆسەن بۇ دىلونى ئىسسىقىدىلا ئېزىزۇپقا ئۆتكۈزىدۇ ـ دە، گەدىنىدىكى يۈكتىن قۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېزىزۇپ كېلىپ بۇ دىلونى قولىغا ئالغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭمۇ بۇ دىلونى پاش قىلالىشى ناتايىن. ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا، ئىدارە ھۆسەننى كېرەككە كەلمىدى دەپ ھېسابلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەشكىل ئالدىدا تىلىمۇ تۇتۇلمايدۇ، دېگەن گەپ.

ۋاقىت ئۆتۈۋەردى. نەۋبەر دىلوسىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلمىغاچقا، ھۆسەننىڭ ئىچ پۇشۇقى كۆپەيگىلى تۇردى. ئىچى پۇشقانسېرى تولا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان خۇپىيانە كۆزەتكۈچىلەردىن ئادىلنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا «ئادىل ھېچنېمىگە قارىماي كىتاب ئوقۇش بىلەنلا بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پىسخىك ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغىنىنى بىلگىلى بولمىدى. ئىچكى رىڭگە مالغا كەتكەن ماۋۇت بىلەن سادىق پويىز ۋەقەسىگە ئۇچراپ يارىلىنىپ داۋالىنىۋېتىپتۇ» دېگەن دوكلاتلارنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ ئەرۋايى نەچچە گەز ئۆرلەيتتى.

— ماڭا كەلگەندە كويىقاپىنىڭمۇ ئاغزى ھىملىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ كايىدى ئۇ بۈگۈنمۇ يەنە شۇنداق دوكلاتنى ئاڭلاپ.

خۇدا ھۆسەننىڭ خىزمەت كۆرسىتىپ بۆلۈم باشلىقى بولۇشىنى خالىمىغاندەك نەۋبەر دىلوسىنىڭ سىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ تۇرۇۋالدى. پاكىت بولمىسا، ھۆسەنگە نېمە ئامال؟ ئادىل دېگەن مۇغەمبەرمۇ ئۆيىگە مۆكۈنۈۋېلىپ كىتاب ئوقۇغىلى تۇردى. ئۇمۇ بەلكىم بىرەر يىپ ئۇچى چىقىرىپ قويماسلىققا تىرىشىۋاتىدىغاندۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئېزىزۇپنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرى كەلدى، ئۇ قايتىپ كەلسە، ھۆسەننىڭ يۈكى يېنىكلىشىدۇ. بىر چوڭ مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن ئىشقا ئادەتتىكى ۋاقىتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن كەلدى ـ دە، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قارىماي دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئېزىزۇپنى كۈتكەچ، قولىنى ھەربىيچە جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىغا تىقىۋېلىپ، قارنى غاراسلىتىپ دەسسەپ مېڭىپ ئۇنىڭغا قىلىدىغان دوكلاتنىڭ تەرتىپىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېزىزۇپ قايتىپ كەلدى. ھۆسەن ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشىراق دوكلات قىلدى. ئېزىزۇپ ھۆسەننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— ۋاقىت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى كېچاڭ، — دېدى ھۆسەن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۈمىدسىز تەلەپپۇزدا، — بۇ دىلو دەرەخلەرنىڭ غازىڭى چۈشۈۋاتقاندا يۈز بەرگەنىدى.

مانا ھازىر غازاڭ ئۈستىگە قار چۈشۈۋاتىدۇ. بۇ دىلومۇ قار ئاستىدىكى غازاڭلاردەك كۆمۈلۈپ قالدى.

— ۋاقىت ئۆتسە نېمە بوپتۇ. شامال ئۆتمەيدىغان قاشا بولمىغاندەك، ئاشكارا بولمايدىغان سىرمۇ بولمايدۇ. كۆكلەپ تۇرغان پىلەكلەر ئارىسىدىن خەمەكنى تاپماق تەس. پىلەك قۇرۇسا خەمەكلەرمۇ ئاشكارا بولىدۇ. بىزنىڭ پرىنسىپىمىزغۇ پىلەكنىڭ ئۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئەمەس، بىراق يىپ ئۇچى بولمىغان بۇنداق دىلوغا نىسبەتەن مەلۇم ۋاقىتمۇ كېرەك، پەقەت زېرەكلىك بىلەن ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلىسەك، ھولمىسقا ئوخشاش ئىنسان ئەقلي يەتمەيدىغان سىرلارنى ئاشكارىلىيالايمىز، — دېدى ئېزىزۇپ ئالدىدىكى كىتابنى ۋاراقلاپ قويۇپ.

«سىزنىڭ ئېنىقلىغىنىڭىزنىمۇ كۆرەرمىز، مەسىلە ئۇنچە ئاسان ئەمەس. سىز خىيالىڭىزدا بۇرۇن ئىشلىگەن ئاددىي دىلولار بىلەن بۇ دىلونى ئوخشاش كۆرۈۋاتىسىز. ئەگەر شۇنداق ئاسان ئىش بولغان بولسا، سىز قېرىدا بار كاللا مەندىمۇ بار ئىدى، كۆرىمىز قېنى. سىزمۇ «سۇپ» دەپ رەم سالمايسىز. ماڭا ئوخشاش تەكشۈرۈسىز. سوراق قىلىسىز، يىپ ئۇچى تېپىلمىغاندا، قارمىقىڭىزنى بېلىقسىز كۆلگە سېلىپ ئاۋارە بولغىنىڭىزنى بىلىسىز. بىر ئېغىز «جاپالىق ئىشلەپسىلەر» دەپمۇ قويمىدىڭىزا؟» ھۇسەن ئىچىدە شۇنداق ئويلىدى-يۇ، بىراق ئۇنى ئېزىزۇپقا دېيىشكە پېتىنالمىدى.

— مانا، بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى ھۇسەن ياسالما كۈلۈپ قويۇپ.

— بولىدۇ. كۆرۈپ چىقاي، سىزمۇ تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ، ئەتىلا ئادىل بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى ئېزىزۇپ ھۇسەن بەرگەن ماتېرىيال ۋە نەق مەيداندا تارتىلغان سۈرەتلەرنى تارتمىسىغا سېلىۋېتىپ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئېزىزۇپ ھۇسەندىن ئالغان ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقماقچى بولۇپ ئىش ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كۆزئەينىكىنى تاقاپ كۆك تاشلىق ئارخىپنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ «نەۋبەر» دېگەن ئىسمىنى كۆردى-دە، خەتتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئاۋۋال ئۇنىڭ مېڭىسىدە قارا تۇتۇن پەيدا بولدى. بىردەمدىن كېيىن بۇ تۇتۇن دەھشەتلىك قۇيۇنغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ چوققىسىنى تېشىپ چىققاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىگەن ھالدا بىر ھازا ئېسىنى يوقىتىپ تىترەپ كەتتى. ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقتى دېگەن شۇ-دە. ئۇنىڭ يۈرىكىنى غايىبانە بىر قول كېلىپ مۇجۇغاندەك بولۇپ بېشى ئايلاندى. ئۇ، شۇ ھالەتتە بەش مىنۇتچە تۇرغاندىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ «نەۋبەر» دېگەن ئىسمىنى چۈشىدە جۆيلۈۋاتقان ئادەمدەك ئىككى نۆۋەت تەكرارلىدى. ئاندىن ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئادىتى بويىچە، قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە بىرەر كىشىدىن مەسلىھەت سورىغىنى ماڭغاندەك، يول تەرەپكە قاراشلىق دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ يولغا قاراپ ئۇزۇنغىچە قىمىرلىماي تۇردى. «قىز بولسا نەۋبەر بولسۇن، ئوغۇل بول-

سا...» ئۇ ئۆز ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپنى ئېسىگە ئېلىپ يەنە تەكرارلىدى. سىرتتا ئەتىگەندىن بېرى ياغقان قار ئەمدىلا توختىغان، ئەمما ماشىنىلاردىن چىقىدىغان ئۈزۈلمەس شاۋقۇن تېخىچە بېسىقمىغانىدى. ئۇنىڭ بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە مۇشۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشى بىر خىل ئادەت ئىدى. ئۇ، مۇشۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ بىر پەس تۇرۇۋالسىلا نى-نى چىگىش مەسىلىلەرنى ئۇڭشاشنىڭ يولىنى تاپاتتى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ دېرىزىدىن قايناق كوچىدىكى جۇشقۇن ھاياتنى كۆرىدۇ. شاۋقۇنلۇق سادانى ئاڭلايدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ئۆتكۈر تەپەككۇرىنىڭ ئىلھامچىسى. كىشىلەر جىمجىتلىقتا خىيال سۈرۈپ تەپەككۇر قىلسا، ئېزىزۇپ مۇشۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ كوچىغا قاراپ تۇرۇپ مۇرەككەپ زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىدۇ ياكى بىۋاسىتە كوچىغا چىقىپ رەتسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلمايلا ئاجايىپ ئەپچىل ھۆكۈم ۋە ئۇسۇللارنى تېپىۋالىدۇ. ئۇ، بۈگۈنمۇ ئەنە شۇ ئادىتى بويىچە دېرىزە ئالدىغا كەلدى. بىراق بۈگۈن بىرەر مۇرەككەپ دىلو ئۈستىدە ئويلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ ئۇنتۇلماس مىنۇتلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىشنى، يەنى «نەۋبەر» دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانىنى ئەسلەش ئۈچۈن دېرىزە ئالدىغا كەلدى.

## نەۋبەر دېگەن ئىسىم

قايدۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاياغ قىسمىغا جايلاشقان بۇ قەدىمىي يۇرت قاراشەھەر قىشتا، قايدۇ دەرياسى ۋە باغراش كۆلىدىكى قېلىن مۇزنىڭ تەسىرى بىلەن قولنى يەڭ ئىچىدىن چىقارغىلى بولمايدىغان، ئەتىيازلىقى دەريا ئېقىمىنى بويلاپ توختىماي چىقىپ تۇرىدىغان سوغۇق شامالدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، يازلىقى بولسا چەت يۇرتلاردىن كەلگەن كىشىلەر ئۈستىخىنى بار دەپ تەسۋىرلىشىدىغان باغراش پاشىسىنىڭ دەردىدە تۇرغىلى بولمايدىغان ئوسال تەبىئەتلىك بىر جاي. ئەمما بۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خەلق تەبىئەتنىڭ بۇنداق ئوسال مىجەزىگە ئاللىبۇرۇن كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئېزىزۇپ گەرچە بۇ يەرگە يېقىندىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىلى تاغلىرىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، بۇ جاينىڭ قەھرىتان سوغۇقىغا پىسەنت قىلمىدى. بىراق ئەتىيازنىڭ شور توپىنى ئۇچۇرۇپ توختىماي چىقىپ تۇرىدىغان قۇرغاق شاملى ئۇنىڭ يۈز-قولىنى يېرىۋەتكەنىدى.

«ئۇڭچىلارغا زەربە بېرىش» ھەرىكىتىدە كۈرەشكە تارتىلغان ئېزىزۇپ 1960-يىلى بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ قاراشەھەرگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. قىش كېتىپ ئەتىيازنىڭ شاملى باشلانغاندا، ئۇ شارائىتنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشىنى ئويلىغانىدى. بىراق، باھارنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ يۈز-قولىغا يېرىق ئېلىپ كەلگەندىن باشقا، ھېچقانداق ياخشىلىق ئاتا قىلالمىدى. دېمىسىمۇ بۇ يەردە نە باغ-ۋاران، نە ئۇچار قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ئۇچۇراتقىلى بولمايتتى. يېقىندىن بەرپا بولۇۋاتقان بۇ مەيداننىڭ شارائىتى ناچار، سۈيى تۇزلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك ئېغىر، تاماق غورىگۆل بولغاچقا،

ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان ئىلىك بوشاپ تەنلەر ئاجىزلىماقتا ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە كىمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم تۇرسۇن دەيسىز؟ بۇ يەردىكى جىنايەتچىلەرگە پەقەت ئاتا-ئانىسىنى، يار-بۇرادەرلىرىنى ئەسلەشلا كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. ئېزىزۇپنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئالدى-كەينىدىكى ئاكا-ئاچا، ئىنى-سىڭىللىرىمۇ كونا جەمئىيەتتىكى قىزىل، چېچەك، سوقۇر ئۈچەي دېگەندەك كېسەللەرنىڭ چاپلىشىشى بىلەن ئۆلۈپ تۈگىگەن، پەقەت ئېزىزۇپلا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەت كادىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ خادىدەكلا يالغۇز بالا بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ كۈنلەردە ئائىلىدىن باشقا ئويلىغۇدەك، سېغىنىپ ئەسلىگۈدەك بىرەر كىشىسىمۇ يوق ئىدى. بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا تۇرىدىغان دوستلىرىنى ئويلاشقا ئۇنىڭ رايى بارمايتتى. چۈنكى ئۇلار ئېزىزۇپ تارتىپ چىقىرىلىشى بىلەنلا شامال ئۇچۇرغان ئەخلەتتەك يوقىلىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى. ھەتتا بەزىلىرى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى تونۇماس بولۇۋالغانىدى. پەقەت ئۇنىڭ ۋاپادار ئائىلىسىلا كىشىلەرنىڭ ھەرنېمە دېيىشىگە ۋە ۋەزىيەتنىڭ بېسىمىغا قارىماي ئۇنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كەتكۈچە ئۇنىڭ ھالىدىن ئالاھىدە خەۋەر ئېلىپ تۇرغانىدى. شۇڭا، ئېزىزۇپ پەقەت شۇ ۋاپادار سۆيۈملۈك ئائىلىسىنىلا ئەسلەيتتى، سېغىناتتى. بەزىدە كەتمەننىڭ دەستىسىنى دۇتار قىلىپ، ئوڭدا يېتىپ ناخشا ئېيتقۇچىلارغا جۆر بولۇپ غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازراق بولسىمۇ ئارام، ئازادىلىك بېغىشلايتتى.

— ئېزىز، — دېدى بىر كۈنى قاراۋۇل چۈشتە ئارام ئالغاچ كىيىم يايماپ ئولتۇرغان ئېزىزۇپنى چاقىرىپ، — ئۆيىڭدىن ئادەم كەپتۇ، ئېسىكدە بولسۇن، كۆرۈشۈش ۋاقتى بەش مىنۇت...

«ئۆيىڭدىن ئادەم كەپتۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ئېزىزۇپنىڭ قۇلىقىغا قاراۋۇلنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى كىرمىدى، چۈنكى ئېزىزۇپنىڭ ئۆيىدىن كەلسە، دەل ئۇ سېغىنىۋاتقان سۆيۈملۈك گۈزەل ئائىلىسىلا كېلەتتى. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن سۆيۈملۈك ئادىمىنى كۆرۈش قامالغان، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان گۇناھكار ياش ئۈچۈن نېمىدېگەن چوڭ بەخت-ھە؟ ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى. بىراق جىنايەتچىلەر ئۈچۈن قاراۋۇلنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاش، سىرتقا چىقىش بۇيرۇقى بېرىلگەندە ئاندىن چىقىش شەرت ئىدى. قېرى قاراۋۇل سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىشىگە بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى بىرنەچچە بەلگىلىمىنى يادقا ئوقۇپ، ئېزىزۇپقا ئەستايىدىل ئىنزاھلاپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا «رۇخسەت» قىلدى.

ئېزىزۇپ سىرتقا بېشى بىلەن ماڭدىمۇ ياكى پۇتى بىلەن ماڭدىمۇ ئۆزى بىلمەي قالدى. ئۇ، سىرتقا چىققاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان ئايال دائىم پەدازدىن قالمايدىغان شەھەرلىك گۈزەل دىلبەرگە ئوخشىمايتتى، چۈنكى دىلبەرنىڭ مەڭزىدىكى ئەڭلىك، قاش كىرپىكىدىكى سۈرمە، لېۋىدىكى سۇرۇقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان، دائىم

www.uyghurkitap.com



پوكۇس چىقىرىپ ياسىۋالىدىغان كۆركەم دولقۇنسىمان چاچلىرىمۇ چىلىك چىگىۋالغان يىپ ياغلىقىنىڭ ئاستىدا باستۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا نە تويلۇق يېڭى كىيىمى، نە چىرايىدىكى شادلىق كۆرۈنمەيتتى. شادلىق ۋە شوخلۇقنىڭ يوقلىشى تەبىئىي ئىش، چۈنكى ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا خورلانغاندۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆزى ۋە پېشانىسى نېمە ئۈچۈن ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغاندۇ؟ ئېزىزۇپ بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دىلبەرنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئۆتتۈشكە ئۈلگۈردى. ئادەمنىڭ چىرايى-تۇرقى ھەرقانچە ئۆزگەرسىمۇ، ئۇنىڭ كىشىگە تونۇشلۇق بېرىپ تۇرىدىغان كۆز نۇرى ئۆزگەرمىسە كېرەك، ئېزىزۇپنىڭ كۆزىگە دىلبەرنىڭ كۆزىدىكى ئەنە شۇ نۇر تۇن قاراڭغۇسىدىكى چىراغدەك ئاجايىپ ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ، ئەنە شۇ نۇردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئالغا ماڭدى. دىلبەرمۇ شۇنداق قىلدى. ئىككى تونۇش تەن مەھكەم چاپلاشتى. ئىككى تونۇش تىنىق بىر-بىرىگە ئۇرۇلدى، تەنلەر تىترىمەكتە، يۈرەكلەر سوقماقتا، ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە سېكۇنت ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ، بىر-بىرىنىڭ مېھرىلىك قۇچاقلىرىنىڭ راھىتىدىن ھوزۇرلاندى. ئاندىن تىترەپ تۇرغان لەۋلەر مىدىرلاشقا جۈرئەت قىلدى.

— ئامان تۇرۇپسىز دىلبەر.

— سىزمۇ مەن پەرەز قىلغاندىن كۆپ ياخشى تۇرۇپسىز، — دېدى دىلبەر ئېزىزۇپنىڭ قۇچىقىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا.

— دادامlar سالامەتمۇ؟

— ئۇلار ھازىرغىچە سىزدىن ئاغرىنىپ يۈرىدۇ.

— نېمىشقا ئاغرىنىدىكەن، بەش يىللىق جازادىن قورقۇپ «ئاق» نى «قارا» دېسەم، يەنە نەچچە ئادەمنىڭ بېشىغا قارا كۈن چۈشەتتى. جازا مۇددىتى تۈگىگەندە ئۇبدانراق بېقىۋالسام بولمامدىمۇ؟

— نېمىسىنى دەيسىز، ئۇلار سوۋېتكە كېتىمىز دەپ پاسپورت ئېلىپ بولدى، — دېدى دىلبەر ئېزىزۇپقا ياشلىق كۆزىنى تىكىپ تۇرۇپ.

— نېمە؟ سىز ئۇلارنى توسمىدىڭىزمۇ؟ نەسىھەت قىلمىدىڭىزمۇ؟

— توسمىدىڭىزمۇ دەپ قاپسىز، ئۇلار تېخى مېنىمۇ ئېلىپ كېتىمىز، دېيىشىۋاتىدۇ.

— ياق، — دەۋەتتى ئېزىزۇپ تەلۋە ئادەملەردەك ۋارقىراپ، — مۇمكىن ئەمەس. «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېغىر» دەپتىكەن. ۋاقىتلىق ھادىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي...، — ئېزىزۇپ ئاچچىقىنى باسالماي دىلبەرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىۋەتتى. دىلبەر ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئېزىزۇپنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— ئاۋۋال گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاڭ. مەن ھازىر بالا ئەمەس، بەلكى ئانا بولۇپ قالدىم. سىزگە پەرزەنتىڭىزنى كۆرسەتمەي ئېلىپ كېتىشىمگە ئىشىنەمسىز؟

ئېزىزۇپ دىلبەرنىڭ سۆزىنى دەرھاللا چۈشەندى بولغاي، ئۆزىنىڭ خاتا ھالدا قوپاللىق قىلىپ قويغىنىنى بىلىپ ئۆز قولىغا ئىشەنمىگەندەك قايتا سورىدى:

— ئېمە، پەرزەنتىم بولدىما؟ — ئېزىزوۆپنىڭ باياتىنقى ئاچچىقى ئەمدى خۇشاللىققا، ئىشەنچكە ئايلانغاندى. ئۇ باياتىندىن بېرى دىلبەرنى كۆرمەي تۇرغاندەك ئۇنىڭ تۇرقىغا قايتا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى.

— سىز ھېلىغىچە بىلمىدىڭىزمۇ؟ مانا مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇ مىدىرلاۋاتىدۇ، بۇندا تۇرۇپ قانداقمۇ كېتەلەيمەن، — دېدى دىلبەر كېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك قىينىلىپ سۆزلەپ. ئۇنىڭ چىرايىمۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، كۆزىنى ئېزىزوۆپنىڭ كۆزىدىن ئېلىپ قاچتى، ئاندىن يۈزىنىمۇ يان تەرەپكە بۇرىۋالدى.

— راست ئېيتىۋاتامسىز دىلبەر، ئېيتقانلىرىڭىز راستمۇ؟

— ئۇلار سىزنى ئېلىپ ماڭغاندا ئىككى ئايلىق بولغان...

— ئاھ، — دېدى ئېزىزوۆپ دىلبەرنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەي، ئۇنىڭ شۇ تاپتا كىچىك باللاردەك سەكرىگىسى، دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتقۇسى، دىلبەرنى بېشىدىن ئۇستۈن كۆتۈرۈپ چۆرگۈسى، ھەتتا كاتتا بەزمە قۇرۇپ زىياپەت بەرگۈسى كەلدى. بىراق ھېچقايسىسىنى قىلمىدى، چۈنكى شارائىت ئۇنداق قىلىشقا يار بەرمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى دىلبەرنىڭ قورسىقىدىكى بالىدەك تېپىرلاپ كەتتى، ئۇ بارلىق غەم-قايغۇ، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ھاياجان ئىچىدە ئاسمانغا قاراپ چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىپ بىر پەس تۇردى. ئۇ، شۇ پەيتتە تەڭرىگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتماقتا، بولغۇسى پەرزەنتىگە بەخت تىلىمەكتە ئىدى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىپ، گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى دىلبەر ئېزىزوۆپنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ، — بىر گەپنى ئاڭلىسىڭىزلا باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەنسىز، ئەمدى ۋاقىت قىستاپ قالدى. بۇ نۆۋەت كەتسەم يەنە كېلەلىشىم ناتايىن. شۇڭا ئاتا بولغان كىشىنىڭ بالىنىڭ ئىسمى ھەققىدە قانداق مەسلىھەتى باركىن؟ ئاڭلىۋالاي دېگەنىدىم.

— ئەقلىڭىزگە بەرىكەت ياغسۇن سۆيۈملۈكۈم، — ئېزىزوۆپ دىلبەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ ھەقتە مەن بۇرۇنلا ئويلىنىپ قويغان. ئوغۇل بولسا، جەۋھەر، قىز بولسا نەۋبەر قويايلى. قانداق بۇ ئىسىملار بولامدىكەن؟

— جەۋھەر، — دېدى دىلبەر ئېزىزوۆپقا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، — بۇ ئىسىم ھەم مەنىلىك، ھەم ئاڭلىنىشتىمۇ چىرايلىق ئىسىم ئىكەن. بىراق نەۋبەر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— مانا قاراڭ، مەكتەپ كۆرمىگەن ئادەمدەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ «نەۋ» دېگەن يېڭى، «بەر» دېگەن نوتا، ياكى مېۋە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كلاسسىك ئۇيغۇر تىلىدىكى ناھايىتى چىرايلىق ئىسىملارنىڭ بىرى، — دېدى ئېزىزوۆپ دىلبەرگە ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ. دىلبەر نېمىلەرنى ئېسىگە ئالدىكىن ئىشقىلىپ ئۇنىڭ كۆزىدە بىرخىل ئۈمىد نۇرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئېزىزوۆپ ئېيتىپ بەرگەن بۇ ئىسىملارنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى.

* *

ئېزىزوۆپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان بۇ قىسقىغىنە سۆھبەتنى ئەسلىگەندە يۈرىقى ھەربىر ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەر كۆز ئالدىدا ھازىرلا

بولۇپ ئۆتكەندەك ئەينەن كۆرۈندى. بۇ ئۇنىڭ قەلب ئازابىغا بىردەملىك ئارام ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خىيالى ئۈزۈلگەن ھامان ساقايماس كۆڭۈل يارىسىغا تۇز ياكى لازا تۆكۈلگەندەك بولۇپ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى. «مەن راستىنلا ئۇنى ئىزدەشتە بىپەرۋالىق قىلدىممۇ-يا؟ ياق. دىلبەرنىڭ سوۋېتكە چىقىپ كەتكىنى ئېنىق تۇرسا، بالىنى تاشلاپ كېتىشى ناتايىن. يۇرتىنى ۋە مېنى تاشلاپ كەتكىنى بىلەن، جان-جىگەرى بولغان تۇنجى بالىنى تاشلاپ كېتىشكە ئەلۋەتتە كۆزى قىيمايدۇ. «نەۋبەھار» دېگەن ئىسىمنى مەندىن باشقىلار قويامتى؟ ئەگەر نەۋبەھار — مېنىڭ قىزىم مۇشۇ تۇپراقتا بولسا، نېمە ئۈچۈن مېنى ئىزدىمەيدۇ؟ ئانىسى دىلبەر قاياققا كەتتى؟ دىلبەرنىڭ ئالدىدا مەن نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، ئۇنىڭ مېنى ئىزدىمەيدىغىنىغا، بالىنى ماڭا كۆرسەتمەيدىغىنىغا نېمە ئاساسى بار؟ مۇمكىن ئەمەس، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس». ئېزىزۇپنىڭ كۆڭلىدە بولۇۋاتقان تالاش-تارتىشلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مۇمكىن ئەمەس دېگەن ھۆكۈم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئەمدى ئۇ نەۋبەھار توغرىسىدا يەنە ئويلىنىشتىن ۋاز كېچىپ دېرىزە ئالدىدىن ياندى. دېمىسىمۇ دىلبەر ئېزىزۇپنىڭ يېنىغا ئاشۇ نۆۋەت بىر قېتىملا بېرىپ كەتكەن پېتى ئېزىزۇپنىڭ قاماق مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر بىرەر پارچە خەت ياكى خەۋەر بەرمەي يوقاپلا كەتكەنىدى. ئېزىزۇپ بۇ كۈنلەردە تېخى ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان پەرزەنتى ۋە ئۇنىڭغا ئانا بولۇپ قالغان ياش ئايالىنى شۇقەدەر سېغىندىكى، بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق خېيىم-خەتەرگە قارىماي قاماقتىن قېچىپ چىقىپ، ئايالىنى ئىزدەپ بارغۇسى كەلدى. بىراق ئايالىدىن خەۋەر كەلمىگەچكە، ئۇنى سوۋېتكە دادىسى بىلەن بىرگە چىقىپ كەتتىمىكىن، دەپ پەرەز قىلدى. يەنە تۇرۇپ دىلبەرنىڭ ھېلىقى ۋاقىتتىكى ۋەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ: «قانداقلا بولمىسۇن كەتمىگەندۇ» دەپمۇ ئويلايتتى. پەرزەنتىنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغۇسى، ئۇنى بىر كۆرگۈسى، ھېچ بولمىغاندا سۈرىتىنى بولسىمۇ كۆرگۈسى كېلەتتى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىناتتى. ئۇ، ئەنە شۇنداق ئارمان بىلەن لىق تولغان شېرىن خىياللار، ئىنتىزارلىق كۈتۈشلەر ئىچىدە نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى قاماق مۇددىتىنى تۈگەتتى. ئۇ، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قاماقتىن بوشىغان كۈنىلا دىلبەر تۇرۇۋاتقان ئۆيگە (ئېزىزۇپ قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن دىلبەر ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ۋاقىتلىق تۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەتكەنىدى) قاراپ يولغا چىقتى. رەھىمسىز قىشنىڭ نەشتەردەك سوغۇقى يېلىڭ ھەم كونا كىيىملىك ئېزىزۇپنى مۇزلىتىشقا ئالدىراتتى. بىراق ئېزىزۇپ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلىپمۇ قويماي غۇلجا شەھىرىگە باردى. ئۇ دۈگدىيىپ مېڭىپ قېيىن ئاتىسىنىڭ كونا قورۇسى ئالدىغا بارغىنىدا يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ، بەدىنى مۇزلاشنىڭ ئەكسىچە قىزىپ تەرلەپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە ئايالى ۋە بالىسى ھەرخىل ھالەتتە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھاياجىنىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، يوچۇقتىن قورۇ ئىچىگە قاراپ باقتى. ئادەم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن دەرۋازىنى قاقتى. قورۇ ئىچىدە مۇزلىغان ئىشىكنىڭ غەلىتە غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مانا ئادەم بار ئىكەن. چىقىۋاتقىنى

ئۇنىڭ بەش يىلدىن بۇيان سېغىنغان گۈزەل ئايالى دىلبەر. بەلكىم ئۇ سۆيۈملۈك بالىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدىغاندۇ، ئېزىزۇپ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇنىڭ بەدىنى ياپراقتەك تىترەشكە باشلىدى. بەلكىم دىلبەر چىقىپ ھېلىقى قېتىم كۆرۈشكەندىكىگە ئوخشاش ئاۋۋال بىرئاز تەمتىرەپ، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كېلىپ ئېزىزۇپنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتار. ئۇ چاغدا ئېزىزۇپنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتمەسمۇ؟ نەچچە يىللىق ھىجران ئازابىغا چىدىغان يۈرەك ئەمدى ۋىسال شادلىقىغا چىدىماي يېرىلىپمۇ كەتمەس. دەرۋازىنىڭ تاپقىقى ئىچىدىن شاراقلاپ ئېچىلدى. دەرۋازا ئىچىدىن دىلبەر ئەمەس، ئېزىزۇپقا قىلچە تونۇش بولمىغان بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى.

— بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى يوقمىكىن؟ — سورىدى ئېزىزۇپ. ئۇنىڭ ھاياجىنى بېسىلمىغانلىقى ئۈچۈن، گەپلىرىمۇ قولاشماي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن قىلىدىغان سالامنىمۇ ئۇنتۇپ تۇپتوغرىلا شۇ سوئالنى سورىغانىدى.

— كىمنى دېمەكچىسەن بۇرادەر، ھازىرقى ئىگىسى مانا مەن بولىمەن. بۇرۇنقى ئىگىسىنى سورىساڭ، بارلىق بالا-قازانى مۇشۇ ھويلىغا تاشلاپ قويۇپ سوۋېتكە كەتتى. ياپىرىم شۇ نېمىلەرنى ئىزدەيدىغان قاپ يۈرەك ئادەملەرمۇ بارمىدۇ؟ ئۇنى ئىزدەيدىغانلارنى بالا-قازا ئىزدەپ يۈرىدۇ...

— خاتا كېلىپ قاپتىمەن بوۋا، — دېدى ئېزىزۇپ بوۋاينىڭ سۆزىنى دەرھال چۈشىنىپ. ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەستىنلا ئارقىغا بۇرۇلدى. مانا ئەمدى ئېزىزۇپقا ھەممە ئىش ئايان بولدى. دىلبەرنىڭ بەش يىلدىن بۇيان ئېزىزۇپقا خەت-خەۋەر بەرمىگەنلىكىنىڭ سىرىمۇ يېشىلدى. دېمەك، دىلبەر ئاتىسى بىلەن سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن گەپ. ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ دېمىسىمۇ دادا بولغان ئادەم بالىنى ئەلۋەتتە يات بىر ئادەمگە، بولۇپمۇ قامالغان بىر جىنايەتچىگە تاشلاپ كەتمەيدۇ-دە. «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا» دېگەن گەپ بار. ئېزىزۇپ ئايالىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەنلىكىنى بىلىدىغان، ئەمما بېقىپ چوڭ قىلىشقا قىلچە ئەجرى سىڭمىگەن بالىسىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ-يۇ، دىلبەرنىڭ دادىسى يىگىرمە نەچچە يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ باققان بالىسى دىلبەرنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى قىيامدۇ؟! دىلبەر ئېرىنىڭ ئالدىدا كەتمەسلىككە ۋەدە قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ بالىلىق بۇرچى بار ئەمەسمۇ. ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان دادىسىنى «كەتسەڭ، ئەنە يول» دەپ يولغا سېلىپ قويۇش ئەقىللىق بالا ئۈچۈن ئەلۋەتتە تۈزكورلۇق بولىدۇ-دە. ئېزىزۇپ ئاڭسىز ئادەم ئەمەس، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا لىللا باھا بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا توغرا يەكۈنلەپ، ئايالىدىن ئارتۇقچە رەنجىپمۇ كەتمىدى. پەقەت ئۇ قېيىن ئاتىسىنى بىرئاز قاغىدى. كېيىن ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن يەنە سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى-دە، باشقىچە ئۇچۇر ئالالمىغاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىن كەتتى. ئۇنداق قىلمىسا، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۇنىڭ بېشىغا يەنە يېڭى بالا-قازا ئېلىپ كېلەتتى.

ئېزىزۇپ غۇلجا شەھىرىدىن شۇ يانغىنىچە ئىككىنچى ئۇ يەرگە ئاياغ باسمىدى.

www.uyghurkitap.com

باشقا ئايال ئېلىشنىمۇ ئويلىمىدى. ئەگەر «نەۋبەر» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقمىغان بولسىدى، يۇقىرىقى ئىشلارنى ئەسلەشنىمۇ خالىماس ئىدى. بۇ ئەسلىمىدىن كېيىن ئۇ ئايالى دىلبەرنى ۋە قېيىن ئاتىسىنى كۆڭلىدە قاغاپ قويدى. ئېسىنى يىغىپ، ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئارخىپتىكى يازما ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل كۆرۈشكە باشلىدى.

## توي ۋە ئۆلۈم

ئېزىزۇپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئادىل ئەتىگەندىلا سوراق بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىندى. ئۇ، بۇ يەرگە ئۆتكەندە بىر نۆۋەت كىرگەن بولغاچقا، بىر كىمنىڭ كۆرسىتىشىنى كۈتمەيلا سوراق ئۈستىلىدىن ئىككى مېتىرچە نېرىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇققا بېرىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قارا سۆكنا كەپكىسى، بويىنىغا ئورىۋالغان قىلىن يۇڭ شارپىسى ۋە ماش رەڭ سۆكنا پەلتوسى ئاق پېشماق چىرايىغا ئالاھىدە ياراشقان ھەمدە ئۇنى كىشىگە بىر ھاكاۋۇر، ئېسىل سۈپەت يىگىتتەك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سوراقنى باشلىدى ئېزىزۇپ سوراق قائىدىسى بويىچە.

— ئادىل، — دېدى ئادىل پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان قولىنى تىزىغا چۈشۈرۈپ.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئوتتۇز ئىككىگە.

— بۇنىڭدىن بۇرۇن توي قىلغانمۇ؟

— ياق، پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا توي قىلغان.

— قاچان؟

— بۇ يىل سەككىزىنچى ئايدا.

— نېمىشقا ئوتتۇزدىن ئاشقۇچە توي قىلمىغان؟

— ئوقۇشقا بېرىش نىيىتىم بار ئىدى.

— نېمىشقا ئوقۇشقا بارماي توي قىلىۋالدىڭ؟

— ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا تاسادىپىي توي قىلىشقا توغرا كەلدى، — دېدى ئادىل چوڭ تىنىپ قويۇپ.

— ئەخمەق! — دەۋەتتى ئېزىزۇپ ئۆزىنىڭ سوراقچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تەبىئىي ھالدا كۈلۈپ قويۇپ، — توي قىلىشمۇ تاسادىپىي بولامدىكەن، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى بارغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق مەن تاسادىپىي توي قىلىشقا ئۆزۈمنى ئۆزۈم مەجبۇر قىلغان.

— قېنى سۆزلىگىنە ئاڭلاپ باقايلى.

— ئۆتكەندە، — ئادىل سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي ئېزىزۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھۆسەنگە ۋە يان تەرەپتە ئولتۇرغان كاتىپ ئايالغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنمىدى؟ — ئېزىزۇپ ھۆسەنگە قارىدى.

— ھە، — دېدى ھۆسەن كۆرۈۋاتقان خاتىرە دەپتىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— ئۇنداقتا سوراق خاتىرىسىگە يېزىلماپتىغۇ؟

— ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسىنى سوراق خاتىرىسىگە يازمىساقمۇ ئىشخانىدىكىلەرگە ياد بولۇپ كەتتى. ئادەمنىڭ قۇلىقىنى يادىتىۋېتىدىغان زېرىكەرلىك قۇرۇق گەپ، قىزىقسىلا ئاڭلاپ كۆرسىلە بولىدۇ، — دېدى ھۆسەن سوراقنىڭ ئادىلدىن يۆتكىلىپ ئۆزىگە قارىتىلىپ قالغانلىقىدىن تېرىكىپ.

— قىزىقىش-قىزىقماسلىق ئەمەس، پەقەت دىلوغا مۇناسىۋەتلىكلا بولىدىكەن ھەممىنى قالدۇرماي ئاڭلاش ۋە خاتىرىلەش كېرەك. بۇ ئادەتتىكى ساۋات ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئېزىزۇپ ھۆسەننىڭ تېرىكىۋاتقانلىقىنى بىلىپ. ھۆسەن ئۈن چىقارمىدى. ئەگەر يەنە سۆزلىسە بۇ بىر ئىش قىلسا ئۇجور-بۇجۇرىغىچە قالدۇرماي قىلمەن دەيدىغان گىجىك بۆلۈم باشلىقىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— ئەلۋەتتە نەۋبەر دىلوسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى، بىراق ئۆتكەندە نەزەرگە ئېلىنمىدى، — دېدى ئادىلمۇ روھىي جەھەتتىن جانلىنىپ.

ھۆسەن گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، ئېزىزۇپ «ھاي» بېرىپ ئىشارە قىلدى. ھۆسەن ئادىلغا ھۆرپەيگەن ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئېزىزۇپ ئادىلنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئادىلنىڭ ئۆز تويى توغرىسىدىكى بۇ ھېكايىسى ئەسلىدە ھۆسەن ئېيتقاندەك زېرىكىشلىكمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېكايىسىنى خۇددى چۆچەكچى مومايلاردەك راۋان، چۈشىنىشلىك تىللار بىلەن ئىخچام بايان قىلىشقا باشلىدى:

— ئاۋغۇستنىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرى ئىدى. بىر شەنبە كۈنى كەچتە ئادىتىم بويىچە ئىشتىن چۈشۈپلا كۇتۇپخانىغا بېرىپ ئوقۇپ بولغان كىتابلارنى يېڭى كىتابلارغا ئالماشتۇردۇم، ھەپتىلىك گېزىت ۋە ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ژۇرناللارنى تاللاپ ئوقۇدۇم. سائەتنىڭ ئون ئىككى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قاپتىمەن. پەقەت كۇتۇپخانىنىڭ قوڭغۇرىقى ئۇرۇلغاندىلا ۋاقىت توشقانلىقىنى بىلىپ ئۆيگە قايتتىم. ھاۋا تۇمانلىق بولغاچقا ئەتراپ ئادەتتىن تاشقىرى قاراڭغۇ ئىدى. يول ياقىلىرىدىكى چىراغ ۋە گاھ-گاھ چېقىلىۋاتقان چاقماقنىڭ يورۇقى بولمىسا بۇنداق تۇمانلىق كېچىدە شەپەرەڭدەك سەزگۈر ئادەم بولسىمۇ، تېنەپ-تەمتىرىمەي يول ماڭالماس ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى مېنىڭ ئۆيۈمگە بارىدىغان يولنىڭ بىر چاقىرىمچە يېرىدە قويۇق ئورمانلىق بولغىنىدىن باشقا جايلىرى ئوچۇقچىلىق بولغاچقا، مېڭىش بەكمۇ قىيىن ئەمەستى. مەن چوڭ كوچىدىن قايرىلىپ ئۆتۈپ ھېلىقى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان كوچىغا كىرگىنىمدە تۈن قاراڭغۇسىنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. «قورققان يەردىن جىن چىقىپتۇ» دېگەندەك، ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا ئالدى-كەينىمگە قاراپ كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز بىر ئايالنىڭ «ئادەم بارمۇ؟» دەپ ئەنسىز تۈۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن دەرھال

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورنۇمدا توختىدىم، بۇ ئاۋاز يەنە بىرنەچچە نۆۋەت تەكرارلاندى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىسام، قاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، ئەمما يېقىنلا بىر جايدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىدىم-دە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىۋالدىم. شۇ ئەسنادا قاراڭغۇ ئورمانلىق ئىچىدىن غۇۋا بىر گەۋدە يۈگۈرۈپ چىقىپ، دەل مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ھالسىزلانغانلىقىدىن يىقىلىپ چۈشتى، مەن دەرھال سەرەڭگە يېقىپ قارىسام ئۇ ئايال كىشى ئىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويمىسام بولامدۇ؟ مەن شۇنى ئويلاپ ئۇنى يۆلەشكە تەمشىلىۋىدىم، ئىككى يېنىمدا ئىككى گەۋدە پەيدا بولدى. مەن ئەھۋالنى چۈشەندىم، ئۇلار يامان نىيەتلىك ئادەملەر بولسا كېرەك. ئەمدى بىر ئۇتتىشىدىغان بولدۇق. «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەن گەپ بار. بىر ئايال كىشىنى بۇزۇقلار دەپسەندە قىلماقچى بولۇۋاتسا، ئازراق خەتەردىن قورقۇپ تاشلاپ كەتسەم، ئۆزۈمنى قانداق يىگىت ھېسابلىيالايمەن؟ ئەمدى يەنە ئويلىنىپ تۇرۇشقا ۋاقىت قالمىغانىدى.

— نېمە ئادەم سىلەر؟ — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلمىغاندەك قىياپەتتە ئۆزۈمنى مەغرۇر تۇتۇپ.

— جىنىڭدىن تويغان بولساڭ، كەلمەمسەن زەيپانى! — ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دەپلا ماڭا تەلۋە قوشقاردەك ئېتىلدى. يەنە بىرسىمۇ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولدى. مەن ئۇلار بىلەن ئۇزۇن ئېلىشمايلا ئۇلارنى يەڭدىم. «خۇداغا شۈكرى، ئون يىلدىن بۇيانقى چامباشچىلىق مەشقىنىڭ نەتىجىسىنى بىر كۆردۈم» دېدىم ئىچىمدە. ھېلىقى ئايال تېخىچە ھاسىراپ ياتاتتى. مەن بېرىپ ئۇنى يۆلىدىم، ئۇ ماڭا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا چاقماقنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىنى غىل-پال كۆرۈشكە ئۈلگۈردۈم. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىرىپ كوڭلىكىنىڭ ئالدى كىندىكىگە كەلگۈچە يىرتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئەگەر ئۇ قولى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى قاماللاپ تۇتۇۋالمىغان بولسا، كۆكسى مانا مەن دەپ سىرتقا چىقىپ قالار ئىكەن. بەلكىم قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بەدىنى قارا تەرگە چۆمگەنىدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— نەۋبەر.

— ئۆيىڭىز نەدە؟

ئۇ بىردەم ھاسىرىغان ھالدا تۇرۇپ قالدى. مەن يەنە سورىدىم:

— ئۆيىڭىز نەدە مەن ئاپىرىپ قوياي.

— ئۆيۈم بولغان بولسا، ھېلىقى بۇزۇقلارنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىنىپ بۇ يەرگە كەلمىگەن بولاتتىم، ئاكا. مەن بۇ يەرگە مۇساپىر. شۇڭا ئۇلار مېنى دەپسەندە قىلماقچى بولۇشتى، — دېدى ئۇ دىمىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش ئىپادىلىرىنىڭ بولغىنىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ ئاۋازىنىڭ بوغۇلۇپ چىقىۋاتقانلىقى ۋە بەدىنىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭ بىر ئاز

ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مەن ئويان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر قونالغۇ جاي تاپالمىدىم. چۈنكى ئىككى ئاچامنىڭ ئۆيى يىراقتا، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە بولسا، مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئاخىر مەن ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئەگەر مېنىڭ ئۆيۈمدە بېرىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان نىيەتتە بولمايدىغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا ماقۇل بولدى. بىز ئۆيگە بارغۇچە، قاتتىق يامغۇردا قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن مۇزلاپ كەتكەنلىكىمىزدىن ھەر ئىككىلىمىزگە ئۇشۇق گەپمۇ خوش ياقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئىچكەركى ئۆيدىن ئورۇن تەييارلاپ بېرىپ، ئۆزۈم تاشقارقى ئۆيدە ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنى ناشتا قىلىشقا چاقىرسام ئاۋازى چىقمىدى. مەن ھەيران بولۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ قارىسام، ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەي غال - غال تىترەپ يېتىپتۇ، مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئۆيدە دورا يوق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا گەپ - سۆز سورىمايلا قايناق سۇ قويۇپ بېرىپ ئىشقا كەتتىم. چۈشلۈكى ئىشتىن يېنىشىمدا دورا دۇكىنىدىن دورا ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يىرتىق ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. تۈرلۈك ماللار دۇكىنىدىن بىر كۆڭلەك سېتىۋېلىپ ئاپىرىپ بەردىم. پېشكەل يامغۇر ئۇنىڭ ئاغرىپ ئىككى كۈن يېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۈچىنچى كۈنى چۈشلۈكى ئىشتىن قايتىپ كەلسەم، ئۇ مەن ئەكىلىپ بەرگەن كۆڭلەكنى كىيىپ ئۆزىنى ئوبدانلا تۈزۈۋاپتۇ. مەن كىرگەندە ئۇ قايسىبىر ناخشىنى دىمىقىدا ئېيتقاچ، پېشايۋان ئاستىدا كىر يۇيىۋاتقان ئىكەن. ئۇ، مېنى كۆرۈپلا ناخشىنى توختىتىپ، ماڭا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراپ: «كېلىڭ، ئاكا» دېدى.

— نېمانچە ئاۋارە بولۇپ يۈرىسىز؟ — دېدىم مەن نەۋبەر دۈۋىلىۋالغان كىر كىيىملەرگە قاراپ، — ئۆزۈم يۇيىۋالاتتىم.

— ھېچقىسى يوق، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ قولۇمدىن كېلىدىغىنىنى قىلىپ قوياي. يوتقانلىرىڭىزنىمۇ سۆكۈپ قويدۇم. ئۇنىمۇ يۇيۇپ تىكىپ بېرىپ كېتەي. ھېچبولمىغاندا يېپىنغان چېغىڭىزدا مېنى ئەسلەپ قالارسىز، — دېدى ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ. شۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئاجايىپ تاسادىپىي ئۇچراشتىكى، قەلبىم ئاسمىنىدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ قاراسلاپ چاقماق چاققاندەك بولۇپ كەتتى. توك سىمىغا تېگىشكەندە چاچرىغان ئوتتەك يۈرىكىمدە پەۋقۇلئاددە بىر ئوت پەيدا بولۇپ ئۇلغىيىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ پەرۋاسىزلا كۆزىنى قولىدىكى كىرگە يۆتكىدى. مەن ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ چىراي تۇرقىغا ئىنچىكە سەپسېلىپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ بەش ئەزايىنىڭ ھەممىسىگە جاھاندىكى بارلىق گۈزەللىك مۇجەسسەم بولغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى يازغۇچىلاردەك دەل جايىدا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چىراي - ھۆسنى ئەڭ ماھىر يازغۇچى ياكى شائىرلار تەسۋىرلىگەن گۈزەللەردىن قېلىشمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ قىزىرىپ پىشقان ئاق ئالمىدەك سۈزۈك چېھرىگە، كىمخاپ ئۈستىگە گۈل چەككەندەك يارىشىپ تۇرغان كىچىككىنە قاپقارا مېڭىلا

باشقىلاردا ئاز ئۇچرايدىغان ئالاھىدە گۈزەللىك ئالامىتى ئىدى. ئۇنىڭ زىلۋا بويى بىلەن تېخى ھېلىلا يۇيۇپ تاردۋالغان ئۇزۇن قارا چاچلىرى خۇددى مومام ئېيتىپ بەرگەن ئەپسانىلاردىكى ئاسماندىن چۈشىدىغان پەرىلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. «ياق! — دېدىم مەن خۇددى شېرىن چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان بالىلاردەك كۆزۈمنى بىرنەچچە قېتىم چىمىلدىتىۋېتىپ، — نېمىشقا ئۇنىڭغا قاراۋېرىمەن؟ مەن ئۇقۇشقا بېرىپ ئىلىم - پەندە نەتىجە ياراتماقچى ئىدىمغۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ۋۇجۇدۇمدا بۇنداق غەيرىي تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول قويسام بولامدۇ؟» مەن شۇلارنى ئويلاپ كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن مەجبۇر يۆتكىدىم. بەلكىم شۇ چاغدىكى ياۋايى ھەۋەسنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك، ئەتىسى ئاخشىمى چاتاقنىڭ چوكى چىقتى.

ھاراق دېگەن ئاقىللار ئېيتقاندەك، ئاز ئىچسە كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ ئەقىلگە بەركەت ياغدۇرۇدىغان، كۆپ ئىچسە، ئادەمنى تەلۋىلىك يولىغا باشلاپ رەسۋا قىلىدىغان نەس بىر نېمە ئىكەن. ساق ۋاقتىمدىلا گۈزەل غايە، ئۇلۇغ ئىستەكلىرىمنىڭ ئىلھامى بىلەن كۆڭلىمدە پەيدا بولغان ھەرقانداق غەيرىي ھېسسىياتلىرىمدىن غالىپ كېلىدىغان مۇستەھكەم ئىرادەم بىر مەستلىك بىلەنلا بوشاپ كەتتى. ئۆز ۋەدەمگە ئۆزۈم ئەمەل قىلالمىدىم.

ھېلىقى كۈنى چۈشتە ۋۇجۇدۇمدا ھېلىقىدەك غەيرىي ھېسسىيات پەيدا بولغاندا دەل ۋاقتىدىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانىدىم. بىراق ئەتىسى چۈشتە ئىدارىدە بىر دوستۇمنىڭ تويىغا بېرىپ، دوستلارنىڭ «كۆڭۈل» دەپ تۇتقان ھاراقلىرىنى تويغۇدەك ئىچىپتىمەن. «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قالدى» دېگەندەك ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ، چۈشتىن كېيىن ماگىزىنىمنى ئاچالماي ياتقاننىڭ ئۈستىگە، كەچلىكى ۋېچىركا دەپ كىرىپ يەنە ئىچىپتىمەن. سايغا چىققان خېچىرنى تۇتۇۋالغىلى بولمىدى. ئاندا ئىچىپ، مۇندا ئىچىپ ئاخىر ئۆيگە قانداق كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. پەقەت ئىنشىكتىن ئوقىتىن ئاجرىغان چاقتەك دەلدەڭلەپ كىرىپ كارىۋاتقا يىقىلغىنىم ئېسىمدە. بىردەمدىن كېيىن نەۋبەر مېنىڭ بېشىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ چاي ئىچكۈزدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر جۈپ پىيالىنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك چوقچىيىپ تۇرغان يۇمران كۆكسى مېنىڭ يۈزۈمگە ئوبدانلا تېگىپ تۇرغاچقا، ئۆزۈم مەست بولساممۇ كۆزۈمنىڭ قىزىرىپ ھاۋايى ھەۋىسىمنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدىم. بىراق تېنىم لايدەك ئېزىلىپ قانداقتۇر بىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەتىسى سەھەردە ئويغانسام ئۇنىڭ بىلەن تۇغما يالىڭاچ يېتىپتىمەن. بۇ ھال مېنى قاتتىق چۆچۈتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تېنىمگە تىترەك ئولۇشۇپ، ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ باستى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، بارغانسېرى يۈرىكىم بۇزۇق سائەتتەك رېتىمسىز سوقۇشقا باشلىدى. كۆز ئالدىمدا بۇ جىنايىتىمنىڭ ئاقىۋىتى — ساقچىلارنىڭ قولۇمغا كويزا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىشلىرى، گەجگەمدىن تۇتۇپ سوت مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشلىرى، ئالىي مەكتەپكە بېرىشنىڭ ئورنىغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بېرىپ، قارا كىيىمنى كىيىپ ئىشلەشلىرىم

كۆرۈنگەندەك بولدى.
مەستلىك غالجىرلىقىدا بۇ قىزنىڭ ئىپپىتىگە تېگىپ قانچىلىك ھوزۇر ئالغانلىقىمنى بىلسەمچۇ كاشكى! ئۇنىڭدىن كۆرە ساق ۋاقتىمدا پاك لېۋىگە بىرەرنى سۆيۈۋالغان بولسام قانچىلىك يايراپ كېتەر ئىدىم؟ مانا ئەمدى بېشىمنى تاشقا ئۇرغىنىم بىلەنمۇ ئۇنىڭ بۇزۇلغان ئىپپىتى ئەسلىگە كەلمەيدۇ. ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان بۇنداق يامان ئىش قىلىش ئەمەس، يامان خىياللارنى كۆڭلۈمگە ئەكېلىپمۇ باقمىغان ئادەم ئەمدى نېمە بولدۇم. رەسۋاچىلىق دېگەن مۇشۇمۇ، ۋاي ئىسىت... ئادەم ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەت بولغىنىدەك، ھايات ئۈچۈنمۇ پاكلىق، شەرەپ، ھىمايە قاتارلىقلار قىممەت ئەمەسمۇ؟!

مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، تاماكا چەكتىم، خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدىم؟!

— نېمە بولدى چىنىدىماس،— دېدى بىردىنلا نەۋبەر زۇۋان سۈرۈپ،— مەستلىكتە مەجبۇرلاپ قىلدىغىنىڭنى قىلدىڭ، ئەمدى ماڭا ئىگە بولۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاۋاتامسەن؟ سەن ئىگە بولمىساڭ، بۇ رەسۋاچىلىقتىن مەن قانداق قۇتۇلىمەن. تايانچىم يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، مېنى بالا - قازاغا ئىتتىرمەكچىمۇ؟ بولۇدىغان ئىش بولدى. ئەمدى ئىگە بولۇشنى خالىمىساڭ، مېنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋەتكىن.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنى ئېلىش قارارىغا كەلدىم. بىز كېلىشىپ قالدۇق. بىر ھەپتىدىن كېيىن توي گۇۋاھنامىسى ئېلىپ، ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ ئەل قاتارى توي مەركىمىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈۋالدۇق. نەۋبەرنىڭ گۈزەللىكىگە ھەسەت قىلىشقانلار گەپ تېپىشتى. بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالغانلىقىمغا ھەيران قىلىشتى. نېمىلا بولمىسۇن مېنىڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى. تويدىن كېيىن ئىككى ھەپتىگىچە تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم، كۆڭۈللىرىمىز ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كىتاب ئوقۇشتىن باشقا پائالىيەت بولمايدىغان ئۆيدە ئىككىمىزنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى بېسىلمايدىغان بولدى. بويتاقلىقىمنىڭ جاپاسىنى ئۇزۇن تارتىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ئايالىم ۋە ئۆز ئۆيۈمنىڭ راھىتىدىن خېلىلا سۆيۈنۈپ روھلىنىپ قالدىم. ھاۋا ھەمىشە ئوچۇق بولمىغىنىدەك، تۇرمۇشمۇ دائىم خاتىرجەم ئۆتمەيدىكەن. توي قىلىپ ئىككى ھەپتە بولغاندا نەۋبەر توغۇلغان كۈنى تولغانلىقىنى، ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ توغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش زىياپىتى بېرىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن خاتىرلەش ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدۇم ھەمدە گەپ - سۆز قىلمايلا يۈز سوم پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇپ خالىغان كىيىمنى ئېلىپ كىيىشىنى ئېيتتىم. ئۇ، ناھايىتى خۇشال بولدى. كەچتىكى زىياپىتىمىز كۆپ ئادەم تەكلىپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىراق «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، ئەمدىلا خاتىرجەم، باياشاد تۇرمۇش قوينىغا كىرگىنىمدە تەقدىر ماڭا يەنە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى. بىز ئۆيدە زىياپەت بىلەن قاپتىمىز، شۇ ئاخشىمى ماگىزىنىمغا ئوغرى چۈشۈپ ئىككى مىڭ سومدىن ئارتۇق نەق پۇلنى ئېلىپ كېتىپتۇ. نېمە ئامال؟ ئوغرىنىڭ ئالغۇسى كەلسە، زىياپەت بولمىغان كۈندىمۇ ئېلىۋېرىدۇ - دە، شۇڭا نەۋبەرگە قىلچە تاپا - تەنە

uyghurkitap.com

قىلمىدىم. دادامدىن قالغان زېمىننى ساتقان پۇلنىڭ تويدىن ئاشقىنىنى يوقالغان پۇلنىڭ ئورنىغا سېلىپ قويۇپ، ئەھۋالنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغە مەلۇم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئائىلىمىز ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. دەردىمنى ئۆزۈم بىلىپ بارلىق ئامال بىلەن نەۋبەرنى تۇرمۇشتا قىيناپ قويماسلىققا تىرىشتىم. چۈنكى مەن نەۋبەر بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ ئامالسىزلىقتىن توي قىلغان بولساممۇ، تويدىن كېيىن مەن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. مانا ئەمدى ئوقۇشقا بېرىشقىمۇ رايىم قالمىدى. ئوقۇشقا بارالمىغانلىقىمغا پۇشايمانمۇ قىلمايمەن. ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئورناۋاتقان مۇھەببەت مېنى بارلىق پۇشايماندىن خالىي قىلىۋەتكەندىن سىرت، يەنە باشقا يېڭى غەيرىي ئارزۇلارنىڭ بولۇشىغىمۇ يول قويمايدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، كىتاب ئوقۇش، سودىدا پايدىنى كۆپەيتىش، ئەل ـ ئاغىنىلىرىم بىلەن تاماشا قىلىشتىن بىراقلا قالغاندىن باشقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلاش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارغا بېرىش، ھەتتا ۋاقتىدا ئىشقا بېرىپ ۋاقتىدا ئىشتىن يېنىشلارنىمۇ ئۇنتۇغانىدىم. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم پەقەت نەۋبەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرۈش، ئۇنىڭغا ياخشى يېگۈزۈش، ياخشى كىيگۈزۈشلا ئىدى. بۇلار مېنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ساددىلىقىم بولسا كېرەك، ئاخىر كېلىپ تەقدىر مېنى بوزەك قىلدى. چۈنكى خىيال بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا سىرلىق توسۇقلار، قىلتاقلار بولىدىكەن. مەن پۈتۈن خىيالىم ۋە پۈتۈن ئامالىم بىلەن نەۋبەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، تۇرمۇشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۈشلۈكى ئۆيگە كەلسەم، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى ئىششىغان، كىيىملىرى قان تۇرۇپتۇ. مەن قاتتىق چۆچۈدۈم. لېكىن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغىچە، ئۇ خۇددى غالجىر ئىتقا ئوخشاش ئېتىلىپ كېلىپ ياقامغا ئېسىلدى ۋە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ مېنى تىللاشقا باشلىدى.

— ۋاي خوتۇن، ساراڭ بولدۇڭمۇ، نېمە ئىش بولغىنىنى ئېيتمايلا ياقامغا ئېسىلغىنىڭلا نېمىسى؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران بولۇپ.

— نېمە ئىش دەيسەنا تېخى، ئوقماس بولۇۋېلىپ قۇتۇلماقچىمۇ سەن؟ ئۆيگە سولاپ ئۇرۇشنى ئۇرۇۋېلىپ ئەمدى سوتقا بېرىشتىن قورقۇۋاتامسەن؟

مەن قوشنىلارنىڭ مېنى ئەيىبلىشىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپمۇ باقتىم. ئۇ تېخىمۇ تەلۋىلىك قىلىپ تۇرۇۋالدى. قوشنىلار چىقىپ ئارىغا چۈشۈپ باقتى، لېكىن نەتىجىسى بولمىدى. ئۇ ئاخىر مېنى سوتقا ئېلىپ ماڭدى. ئاياللار كوسۇرلاپ ئەرلەر ئەيىبلاپ قىلىشتى. مەن ئويلىدىم. ئايالىمغۇ بىشەملىك بىلەن مېنى سوتقا ئېلىپ ماڭدى. قوشنىلارمۇ مېنى ئەيىبلىگەندۇ. بىراق سوت دېگەن قانۇن ئورنى، ئۇ يەردە كىشىنىڭ بىشەملىكى، كۆز يېشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، پەقەت پاكىت ئىسپات سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا نەۋبەر نېمە دەر؟ نەۋبەر ئەخمەقلىق قىلىۋاتىدۇ. مەن قوشنىمىز باتۇر بىلەن ئىشتىن بىرگە كەلگەن تۇرسام، ئۇ ئۆيگە كىرىپ بولغۇچىلا نەۋبەرنىڭ غەۋغاسىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، مەن شۇنى ئىسپاتقا تارتسام بەرىبىر مەن يېڭىمەن.

سوتقا بارغىنىمىزمۇ ياخشى بولدى. چۈنكى ئۇلار ئىسپات سۈرۈشتە قىلىپ كەلسە، مېنىڭ ئۇرغىنىم يالغان بولۇپ چىقسا، ئۇ چاغدا نەۋبەر ئۆزىنى زادى كەم ئۇرغانلىقىنى ئېيتماي قۇتۇلالمايدۇ. مەن شۇلارنى ئويلاپ سوتقا قانداق كېلىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. ئادەمنىڭ كۆزى بىر خۇشاللىقتا، بىر غەزەپلەنگەندە كۆرمەي قالىدۇ، دەيدىكەن. مەن ھېس قىلدىم، ئىزاچىلىقتىمۇ ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىكەن. يولدا كەلگۈچە مەن ھېچكىمنى كۆرمىگەندەك تۇرىمەن، ئادەم كەم بولمايدىغان بۇ كوچىدا بەلكىم دوستلار، تونۇشلار ئۇچرىغاندۇ. يېقىنلىرىم ئۇچرىغان بولسا، ئەيىبلىگەندۇ، كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورلار ئۇچرىغان بولسا، مەسخىرە قىلغاندۇ. چۈنكى بىز شەرمەندىلەرچە سۈرۈشۈپ ماڭدۇقتە. نەۋبەرنىڭ يۈز-كۆزىدە ئىششىق، بۇرنىدىن ئاققان قان پاختەك تۆكى رەڭلىك پىلاتىنىڭ ئالدىنى بوياپ بولغانىدى. «خەپ» دېدىم مەن ئىچىمدە، مېنى شەرمەندە قىلماقچى بولۇۋاتىسەنمۇ، ئۆزۈڭنىڭ شەرمەندە بولۇشۇڭنى ئويلىمايۋاتىسەن. سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۈندەۋاتقان قانداق بىر سىرلىق كۈچتۇ؟ سوتقا بېرىپ ئۆزۈڭ يېڭىلىپ شەرمەندە بولغاندا، مېنىڭ يۈزۈمگە قانداق قارارسەن؟

سوتچىلار ئاۋۋال ئۇنىڭدىن، ئاندىن مەندىن گەپ سورىدى. بىراق ئەستايىدىل سۈرۈشتۈرمەيلا ھەممىسى مېنى ئەيىبلىگىلى تۇردى. مەن ئىشتىن بىرگە كەلگەن قوشنىمىز باتۇرنى ئىسپاتقا تارتىپ، سوتچىلارنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولماي تۇرۇۋالدىم. نېمىسىلا دېگەن بىلەن قانۇن ئورنى بىلەن تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن. ئۇلار بىردەمدىلا مېنى گەپ قىلالماس قىلىپ، داۋلى بىلەن كۆمۈۋەتتى. تېخى يەنە چىڭراق تۇرسام، جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىم ھەققىدە مېنى ئاگاھلاندۇرغانمۇ بولدى. مەن ئامالسىزلىقتىن نەۋبەرنى داۋالىتىشقا ۋەدە بېرىپ تۆۋەنامە يازدىم. بۇنداق قىلىشتىن باشقا چارىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى بۇ يەردە مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغان ئادەم ھەققەتەن يوق. ئەگەر ئۆيۈمدىكى تۆت تام ۋە قەدىناس بىساتلىرىمنىڭ كۆزى ۋە تىلى بولغان بولسىدى، مەن يېڭىلمەيتتىم. ئەمدى مەن كىمدىن يامانلايمەن؟ قانۇن ئادىل ھۆكۈمچى دېگەن بىلەن ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ ئەۋلىيا بولمىغاندىكىن ئۇنداق ياكى مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپ قويمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قويىنىمدا ياتقان ئايالىم قاراپ تۇرۇپ ۋاپا قىلىشنىڭ ئورنىغا جاپا قىلىپ ماڭا تۆھمەت چاپلاۋاتسا، ئۇنىڭغا تېگىشلىك پاكىت تېپىپ بېرەلمەي تۇرۇپ، مەن بىلەن ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان قانۇن خادىملىرىدىن «مېنى ئاقلىمىدىڭلار» دەپ يامانلاشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ مەن ئاخىر نەۋبەرنى دوختۇرغا ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىپمۇ چىقتى، بىراق مېنىڭ كۆڭلۈم چىۋىن يەۋالغاندەك غەشلىكتە ئۆتتى. كېيىن مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئەھۋالنى چىرايلىقمۇ سوراپ كۆردۈم، يامانلىقچە ھەيۋە قىلىپمۇ باقتىم، لېكىن ئۇ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەرمىدى.

— بولدى سورىماڭ، كېيىن بىلىپ قالارسىز. ئەمدى يەنە سوراپ يۈرمەڭ، قاراڭ، — دېدى ئۇ ئوڭ قولى بىلەن مەيدىسىنى تۇتۇپ يەرگە ئېگىشىپ خۇددى ئۆپكىسى ئاغزىدىن چىقىدىغاندەك بىرنەچچە نۆۋەت «ھۆ» قىلىۋېتىپ، — سېزىكلىكىمنىڭ دەردىنى

www.uyghurkitap.com



تارتىسامۇ بولار، — شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆزىدىن لۆممىدە ياش قۇيۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن تۇنجى پەرزەنتىمنىڭ تۆرەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى قايتا قىستىمىدىم. لېكىن ھامان بىر كۈنى بۇ سىرنىڭ ئاشكارا بولۇدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئەمدىلىكتە ئۇ سىر يېشىلمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ سىرلىق ۋەقە يۈز بەردى.

ئۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى مېنىڭ مىجەزىم يوق، ماگىزىن ئاچقىلى بارماي ئۆيدە ئارام ئالغانىدىم. چۈشلۈكى سائەت ئىككىدىن ئەمدىلا ئاشقاندا ئامبارچى سادىق مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. نېمە ئىشلىقىنى ئۇقسام، ئۇلار ئىچكىرىدىكە مالغا ماڭماقچى ئىكەن، باشقا ماگىزىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەكەلدۈرۈدىغان ماللارنى زاكاس قىلىپ رەسمىيەت بېجىرىپ بوپتۇ. پەقەت مەنلا قاپتىمەن. شۇڭا بۈگۈن چۈشتە ئارامىمۇ ئالماي ئىشخانىغا بېرىشىم كېرەك ئىكەن. مەن مىجەزىمنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي سادىق بىلەن بىرگە ئىشخانىغا كەتتىم. سائەت ئالتىلەردىن ئاشقاندا، ساقچىلار مېنى ئىشلەۋاتقان يېرىمدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. ئەھۋالنى بىلسەم، ئايالىم نەۋبەھەر ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

ئادىلنىڭ ھېكايىسى شۇ يەردە ئاخىرلاشتى. بۇ، ھېكايە ھوسەن دېگەندەك «ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان قۇرۇق گەپ» بولماستىن، كىشىنى چۆچۈتىدىغان، ئويغا سالىدىغان سىرلىق ھېكايە ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىلنىڭ باياتىمۇ خېلىلا راۋان بولغاچقا، ئېزىزۇپ خۇددى بۇ بىر قاتار سىرلىق ۋەقەلەر ئارىسىدا ئۆزىمۇ باردەك ھېسقا كەلگەن بولسا كېرەك، ئادىلنىڭ ھېكايىسى تۈگەپ بىرنەچچە مىنۇتقىچە چوڭقۇر خىيالدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— نەۋبەھەرنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى ئۇ، خېلىدىن كېيىن.

— ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، غۇلجىدا تۇغۇلغانىكەن. بىراق ئاتا-ئانىسىدىن كىچىككىدىلا ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئاتا-ئانىسىنى بىلمەيدىكەن، — دېدى ئادىل.

سوراق شۇ يەرگە كەلگەندە ھوسەن ئالدىراش ئىشخانىغا كىرىپ، يەنە بىر قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېزىزۇپقا ئېيتتى ۋە جىددىيلەشكەنلىكىدىن تىترەپ تۇرغان قولىدىكى نەق مەيداننىڭ ئادرېسى يېزىلغان قەغەزنى ئېزىزۇپنىڭ ئالدىغا قويدى. ئېزىزۇپ يانچۇق خاتىرىسىگە ئۆزى بىلىدىغان بەلگىلىك ھەرپلەر بىلەن بىر نېمىلەرنى ئاندا-مۇندا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئادىلنى كاتىپ ئايال خادىمغا تاپشۇرۇپ ئىشخانىدىن دەرھال قوزغالدى.

## قاتىلنىڭ قاتىلى

بۇ قېتىمقى قاتىللىق ۋەقەسىمۇ يەنە شەھەر چېتىدىكى بىر كونا قورۇدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى مەيداندىكى كۆرۈنۈش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە سىرلىق ۋە پاجىئەلىك ئىدى.

تاملىرى پارچە-پارچە كونا خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان ھويلىنىڭ ئىچىدە كۆل رەڭ دىكادىن تىكىلگەن پاختىلىق چاپىنىنىڭ پەشلىرى ۋە ئوڭ قولى قوشۇلۇپ يەڭلىرىگىچە قانغا بويالغان بىر ئەر كىشى قارغا مىلىنىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. قورۇنىڭ يان تەرىپىدىكى

ئىشىك قوۋۇقلىرى كىرىلىشىپ قارىداپ كەتكەن پاكار كونا ئۆيىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئەر كىشى باش قىسمى پۈتۈنلەي قانغا بويالغان ھالدا ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ كېلىدىكى پىچاق سانجىلغان جايدىن ھېلىمۇ سىرىق سۇ ئارىلاش سۇس قىزىل قان ساقىپ چىقماقتا. ئۆي ئىچىدىكى زەيىنىڭ پۈرىقى بىلەن يەردە چېقىلىپ ياتقان بوتۇلكىدىن تۆكۈلگەن ھاراقنىڭ قاڭسىق بۇسىغا ئارىلىشىپ بىر خىل غەلىتە پۇراق پۇراپ تۇراتتى. تاماق ئۈستىلى، بوتۇلكا، رومكا ۋە پىيالە قاتارلىق نەرسىلەر ئوتى تېخى ئۆچۈپ قالمىغان كونا مەشنىڭ يېنىغا ئۆرۈۋېتىلگەن، تاماق ئۈستىلى بىلەن مەشنىڭ ئارىلىقىدا يېنىغا ئۆرۈلگەن ئالىيۇمىن چەينەكتە تۆكۈلمەي قالغان قايناق سۇدىنمۇ تېخىچە ھور چىقىپ تۇراتتى.

ئېزىزۇپ يېڭى ياققان قار ئۈستىدىكى ئاياغ ئىزلىرىنى مەخسۇس قانۇن سۈرەتچىسى سۈرەتكە ئېلىپ بولغۇچە، دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ تۇردى، ئاندىن قانۇن دوختۇرى بىلەن ھويلىدا قارغا مىلىنىپ تۈگۈلۈپ ياتقان كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئالا - چىپار بولۇپ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دوختۇرغا «نېمە ئىش» دېگەندەك سوئال نەزەرى بىلەن جىددىي قارىدى.

— بىر خىل زەھەرلىگۈچى خىمىيىلىك دورا بىلەن زەھەرلىنىپتۇ. قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك، — دېدى، دوختۇر ھوسەنگە بۇرۇلۇپ قاراپ.

— بولىدۇ، سىز دېگەندەك بولسۇن. بۇ ئىشنى بۇلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، بىز ئۆيدىكى كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى، — ئېزىزۇپنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقۇچە قانۇن دوختۇرى يېنىدىكى يەنە بىر دوختۇرغا باش ئىشارىسى قىلىپ «شۇنداق قىلىڭلار» دېگەننى بىلدۈردى - دە، ئېزىزۇپ بىلەن ئۇ تەرەپكە ماڭدى. ئېزىزۇپ بىلەن قانۇن دوختۇرى ئۆيگە كىرگەندە سۈرەتچى ئۆي ئىچىنى ۋە مەشنىڭ يېنىدا ئوڭدىسىغا ياتقان نامەلۇم كىشىنى سۈرەتكە ئېلىپ بولغانىدى.

— بۇ، ئاللىبۇرۇن جان بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپتۇ، — دېدى دوختۇر ئېزىزۇپقا.

— شۇنداق، بويۇن تومۇرى كېسىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە غولىدىن سېلىنغان پىچاق ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ زەخىملەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، — دەپ قوشۇپ قويدى سۈرەتچى.

ئېزىزۇپ جەسەتنى دۈم قىلىپ كۆردى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ دوختۇرغا گەپ - سۆز قىلماي ئۆز ئادەملىرىگە قاراپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېدى:

— ھەممىڭلار ئۆز ۋەزىپە دائىرەڭلەردە مەشغۇلاتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار.

ساقچىلار ئۆز مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كەتتى. دوختۇر بىلەن ئېزىزۇپ سىرتتىكى زەھەرلەنگۈچى كىشىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ بۇرنىغا كىسلارود نەيچىسى سېلىنىپ بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنىڭ نەپەس ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئەمدى دوختۇرلار ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا سۈرگە دورىسى ماڭغۇزۇپ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلىرىنى تازىلاشقا كىرىشتى.

— قاراڭ، — دېدى قانۇن دوختۇرى ئېزدىزۇپىقا زەھەرلەنگۈچى كىشىنى ئىما قىلىپ، — بىردەمدىلا نەپەس ئېلىشى ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭدا يەنە ھاراقنىڭ مەسلىكىمۇ بار، قارىغاندا ئۇ ئىچكەن دورىنىڭ زەھىرى ئانچە كۈچلۈك بولمىسا كېرەك.

ساقچىلار ئۆز ۋەزىپىسى دائىرىسىدىكى مەشغۇلاتىنى تۈگەتتى. ھەممەيلەن بۇ ھادىسە ھەققىدە پەرەزلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى. بىراق ھېچكىم بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلەشمىدى. چۈنكى ھازىر چارلاش، ئېنىقلاش ۋاقتى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا بىر كىشى ئۆز پەرىزىنى يەنە بىر كىشىگە ئېيتماسلىقى، ھەممەيلەن مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆيدىكى جەسەتنىڭ ئىچى يانچۇقىدىن چىققان بىر تۇتام قانغا بويالغان پۇلنى كۆرگەن ھۇسەن: «مۇشۇ پۇلغا كۆزى قىزىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن يەكۈننى چىقاردى ۋە ئۇنى بىر نەچچە سەپدىشىغىمۇ ئېيتتى. بىراق ھېچكىم ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئېزدىزۇپچۇ؟ ئۇ خۇددى ھېچقانچە چوڭ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشلىرىنى ئالدىرىماي بېجىرىدى. يانچۇق دەپتىرىگە يەنە بىرنەچچە بەلگىلىك ھەرپلەرنى يازدى، ئۇ ھەرپلەرنىڭ بەزىلىرىنى سىزىقچە بىلەن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ قويدى. ئاندىن ساقچىلارغا ئايرىم - ئايرىم ئىش تەقسىم قىلىپ، بىرلىرىنى دوختۇرخانىغا بېرىپ زەھەرلەنگۈچىنى نازارەت قىلىشقا، بىرلىرىنى مۇشۇ مەھەللىلىك ئاھالىلەرنى ساقلاش خادىمى بىلەن ماسلىشىپ، ئامىمىدىن كەڭ دائىرىدە ئەھۋال ئىگىلەپ داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا، يەنە بىرلىرىنى بولسا، ئىشخانىغا بېرىپ ئادەتتىكى ئىشلىرىنى بېجىرىشكە بۇيرۇدى.

زەھەرلەنگۈچى دوختۇرخانىدا تولۇق بىر ھەپتە ياتتى. بۇ، بىر ھەپتە ۋاقىت جەريانىدا ھېچكىم ئۇنىڭدىن بۇ دېلوغا ئائىت گەپ سورىمىدى. شۇڭا ئۇنى سوراق قىلغۇچە بولغان بىر ھەپتىدىن بۇيان جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋە دوختۇرخانا قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بار جايلاردىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىختىيارىي مۇنازىرىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇردى. ھەممە كىشى ئۆزلىرىنىڭ پەرىزىنى ئېيتتى، بىراق ھېچكىم چوقۇم شۇنداق دەپ ئېيتالمىدى. قانۇن خادىملىرى بولسا، كىشىلەرنىڭ سوئاللىغا «تېخى ئېنىق ئەمەس» دېگەن جاۋابتىن باشقا ئېنىقراق بىر نەرسىمۇ دېمىدى. چۈنكى زەھەرلەنگۈچى تېخى سوراق قىلىنمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەق مەيداندىكى ئەھۋال ھەقىقەتەن مۇرەككەپ ئىدى. ئۆلگۈچىگە كىم پىچاق سالدى؟ زەھەرلەنگۈچى نېمە ئۈچۈن زەھەر ئىچتى؟ ئەگەر زەھەرلەنگۈچى ئۆلگۈچىگە پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ پۇلىنى ئالدىمىكىن دېسە، جىمجىت يوشۇرۇنۇۋالماي نېمە ئۈچۈن زەھەر ئىچىۋالدۇ؟ زەھەرلەنگۈچى ئۆلگۈچىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، جىنايىتىدىن قورقۇپ كېتىپ زەھەر ئىچىۋالغانمۇ دەيلى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان ئادەم زەھەرنى ئىچىپ بولۇپ، نېمە ئۈچۈن يەنە سىرتقا دومىلاپ چىقىپ «مېنى قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ؟ ئەگەر ئۆلگۈچى بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى ئۈچىنچى بىر ئادەم قەستلىگەن دېسەك، ئۇ ھويلىدىكى قارنىڭ ئۈستىدە زەھەرلەنگۈچىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىز يوق، ئەمىسە زەھەرلەنگۈچىنىڭ ئوڭ قولى، يىڭى ۋە پەشلىرىدىكى قان نەدىن چاچرىغان؟ بۇلار بىر سىرلىق تېپىشماق ئىدى. شۇڭا، بۇ

ئىشقا ھېچكىم ئالدىراپ بىر نېمە دېيەلمەي قالدى.

لەۋبەر دىلوسىدا ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ھۆسەن بۇ ئۆۋەت يەنە بىر قېتىم تەلەي سىناپ بېقىش كويىدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئالدىراش ئىشلىدى. ھەتتا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى ۋە ئېزىزۇپ ئورۇنلاشتۇرغان ساقچى خادىملارنىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ ماتېرىيال توپلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسا، بىرەر يىپ ئۇچى تېپىپ بۇ دىلونى ئۆزى مۇستەقىل پاش قىلىپ ئۆتكەنكى كەمتۈكىنى تولدۇرۇش شۇنىڭ بىلەن كېچىكىپ بولسىمۇ خىزمەت كۆرسىتىپ تەشكىلنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىش، بۆلۈم باشلىقى بولۇش ئۈچۈن شەرت ھازىرلاش ئىدى. ئۇنىڭ پەرىزىچە بۇ قېتىم ئىگىلىگەن ماتېرىيال خېلى ئىشەنچلىك بولۇپ، نەتىجە قازىنىشقا ئۈمىد بار ئىدى. شۇڭا، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ روھى خېلىلا كۆتۈرەڭگۇ ئىدى.

ئېزىزۇپ بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقتەك خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ باشقىلارغا گەپ - سۆز قىلماي ئۈزۈندىن - ئۈزۈن خىيال سۈرەتتى. باش كۆتۈرمەي ماتېرىيال كۆرەتتى. قۇرلىرى ئاستىغا قىزىل، كۆك سىيادا سىزىقچە تارتىلغان لوگىكا كىتابىنى ئوقۇپ خاتىرە دەپتىرىگە بىر نېمىلەرنى يازاتتى. خەرىتىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ بىر نېمىلەرنى سىزاتتى. ھۆسەن ئېزىزۇپنىڭ يەكۈنىنىڭ قانداق بولىدىنىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، پات - پاتلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرەتتى، ئېزىزۇپنىڭ باشقا بىر ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە كۈلگۈسى كېلەتتى ۋە «لوگىكا كىتابىدىن دىلوغا ئائىت نېمە چىقاركىن؟ ئۇ دېگەن كىتاب، كىتاب بولغاندىمۇ مەكتەپ باللىرى ئوقۇيدىغان دەرسلىك تۇرسا، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنىڭغا قادىلىۋالغىنى نېمىسىكىن؟ ئەمەلىيەتتە باش قاتۇرماي كىتابقىلا ئېسىلىۋالغان بىلەن مەسىلە ھەل بولامتى؟ ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسەتمەكچى، ئەگەر شۇنچە بىلىمى بولسا، جىنايەتچىنى سوراققا تارتمايلا مەسىلىگە ھۆكۈم چىقارسا بولماسمىدى» دەيتتى ئىچىدە مەسخىرە قىلىپ، بىراق ئېزىزۇپقا بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمايتتى.

زەھەرلەنگۈچى بىر ھەپتىدىن كېيىن رەسمىي سوراققا تارتىلغاندا، ئېزىزۇپ خاتىرە دەپتىرىدىكى «خەرىتە» لىرىدىن بىرنەچچىسىگە توغرا، بىرنەچچىسىگە خاتا بەلگىنى ئۇردى. بىراق، يېڭى گەپ ئاڭلىغاندەك ھەيران قالمىدى. ھۆسەن ۋە باشقىلار بولسا، پەرەزلىرى زەھەرلەنگۈچىنىڭ ئىقرار ۋە ئەمەلىي پاكىتلىرىغا يېقىنلاشمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ھەممە كىشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ زىددىيەتلىك دۇنيانى ئۆز خىيالىدا توغرا چۈشىنىمەن دەپ ھېس قىلىدىغاندۇ، چۈنكى جەمئىيەتكە سەن قانداق پوزىتسىيىدە قارىساڭ، ئۇ ساڭا شۇنداقتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق تەجرىبىگە باي، كۆزىتىشكە ماھىر ئادەملەرلا مەسىلىگە ئانچە يۈزەكى قارىمايدۇ ھەمدە ئالدىراپ يەكۈن چىقارمايدۇ. ئۇلار ئېزىزۇپقا ئوخشاش ھەر خىل ئېھتىماللىقنىمۇ ئويلاپ قويۇشنى بىلگەنلىكتىن، يېڭى ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئانچە ھەيران قالمايدۇ. بىراق، ھۆسەن بۇنداق

قىلىشنى تېخى ئۆگىنىۋالمىغانىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ رازۋېتكا كەسپىنى قىلىۋاتقىلى ئۇزۇن بولمىغانلىقىمۇ بىر سەۋەب، ھەممىدىن مۇھىمى باشقىلارنى كۆرەلمەسلىك، ئۆزىگە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشىنىپ كېتىش قاتارلىقلار سەۋەبچى ئىدى. ئۇ، بۇرۇن تۈرمىدە قاراۋۇللۇق قىلغان بولغاچقا، جىنايەتچىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇ يەردە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن بولاتتى. ئەمدى رازۋېتكا بۆلۈمىدە ئۇنىڭ بۇ ئادىتى تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىللەت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزى ئۇنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەدېسىلا قاراملىق بىلەن يەكۈن چىقىرىپ نەتىجىدە تامغا ئۇسۇپ قالاتتى. ئۇ، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدىغۇ! بۇنىمۇ تولا ئەيىبكە بۇيرۇغىلى بولمايدۇ. ھېلىغۇ ھۇسەندەك ياش رازۋېتكىچى ئىكەن، خېلى پېشقەدەم ئەربابلارمۇ شەخسىي غەرەزنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قالسا ئاسانلا تېيىلىپ چۈشىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ئادەملەرنىڭ خېلى بىر قىسمىدا شۆھرەت پەرەستلىك تېخى يوقالغىنى يوق. ئۇلارمۇ ھۇسەنگە ئوخشاش قۇرۇق تامغا بىرنەچچە قېتىم ئۇسۇۋالسا، ئاستا ـ ئاستا ئۆز يولىنى تاپىدۇ. ئەمدى ھۇسەنمۇ ھېس قىلغاندۇ. بەلكىم كىچىككەنلىكىنى بىلگەندۇ. ئۇ تېخى يەنە بىرنەچچە نۆۋەت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرار. بۇغۇ مەيلى، يامان بولغىنى تېخى تونۇگۈنلا ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى نىكاھ رەسمىيىتى ئۆتمەي ناتونۇش ئەرنىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى گەپ ئىدارىدە بىر بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بۈگۈنكى سوراققا قاتنىشىشقا بەل باغلىغانىدى. نەتىجىدە بۈگۈنمۇ تەلىيى تەتۈر كېلىپ قالدى. شۇڭا ئۇ سوراقخانىدا بىھۇدە ئولتۇرغانلىقىنى سېزىپ، بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق ئۇنداق قىلىشقىمۇ ئىمكان بولمىدى.

زەھەرلەنگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى ئوسمان ئۆزىنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئىكەن. ئېزىزۇپ بۇ ئىسىملارنىمۇ بەلگىلىك ھەرپلەر بىلەن خاتىرىسىگە ئېلىۋالغاندىن كېيىن سوراقنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئوسماننى سەن ئۆلتۈرۈپسەن، نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈردۈڭ؟ ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ ئوسمان بىلەن نېمە مۇناسىۋەتلەرنى قىلىشقان؟ بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەيسەن، بىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئېزىزۇپ ئالدىرىماي سۆزلەپ.

— ئوسماننى ئۆلتۈرگەن بولساڭ، نېمىشقا زەھەر ئىچتىڭ؟ — دېدى ھۇسەن سۆز قىستۇرۇپ.

— مەن ئېيتاي، — دېدى ئەخمەت ھۇسەنگە بىر قېتىم باش ئېگىپ قوللۇق بىلدۈرۈپ، — مەن ئەسلىدە يېتىمچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن بولغاچقا مۇقىم بىر شەھەرنى يۇرتۇم دەپ ئېيتالمايمەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تۇرپانغا ئورۇنلىشىپ ئاز ـ تولا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتاتتىم. بەختىمگە قارشى ئوسمان سىڭلىم نەۋبەرنى ئالداپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئىزدەپ تاپالماي يۈرسەم نەۋبەردىن خەت باردى، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ دەرھال ئۈرۈمچىگە كەلسەم، كۈتۈلمىگەن پەيتتە ئوسماننى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم.

— زەھەرلى نېمە ئۈچۈن ئېچىتتىڭ؟ — دېدى ھۆسەن ئۈستەلگە مۇشتلاپ.

— ئۇ سىڭلىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىدى. مەن ئۇنى تۇتۇۋالسام مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ھاراققا زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپتۇ، مەن ئۇنى سەزمەي قاپتىمەن. زەھەرنىڭ تەسىرى ئۆزىنى كۆرسەتكەندە، مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئىرىك قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى، ئىرىك قۇتۇلمىسام بۇ، بۇزۇق ئادەم جەمئىيەتتە يوشۇرۇنۇپ قىلىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئامال بولسا، مۇشۇ خەتنى سىلەرگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پىچاق تىقىۋالدىم — دېدى ئەخمەت يانچۇقىدىن پۇرلاشقان كونۋېرتنى چىقىرىپ. ئىشىك تۈۋىدە نازارەت قىلىپ تۇرغان ساقچى خەتنى ئەخمەتنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئېزىزۇپنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ خەت كىمنىڭ؟ — سورىدى ئېزىزۇپ.

— ئوسمان ئۆلتۈرگەن نەۋبەرنىڭ ئۆلۈشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ماڭا يازغان خېتى، — دېدى - دە، ئەخمەت ساپان سۆرەپ ھېرىپ كەتكەن ھۆكۈزدەك ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئېزىزۇپ كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەتنى چىقىرىۋېتىپ، ھۆسەنگە تىكىلىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزى ھۆسەننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا، ھۆسەننىڭ كۆزى قارىغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىپ قالغان جەرەندەك قاچىدىغان جاي تاپالماي قالدى.

— ئاۋۋال سىز كۆرەمسىز - يا؟ — دەپ قويدى ئېزىزۇپ ھۆسەننىڭ ئەندەرەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ.

— ياق، يا، ئاۋۋال ئۆزىڭىز كۆرسىڭىزمۇ ئوخشاش، — دېدى ھۆسەن يېنىدىكى كائىپقا ۋە ئىشىك تۈۋىدىكى قاراۋۇلغا غىل - پال قاراپ قويۇپ.

ئېزىزۇپ بۇ خەتنى ئاچتى. ئاجايىپ ئىش ھە؟ يەر يۈزىدە ئازراق بولسىمۇ يوشۇرۇن سىرى بولمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، بۇ سىرلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇنداق ئۆزلۈكىدىن ئاشكارىلىنىدۇ، بەزىلىرى قاتتىق قىيىن - قىستاقلار ۋە مەجبۇرلاشلار ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ. يەنە بەزى سىرلار بولسا، يوشۇرۇش ھاجەتسىز بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىرلىق سۈپىتىنى يوقىتىدۇ. ياكى كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا داۋاملىق يوشۇرۇنۇپ، ئادەم ئۆلگەندە جەسەت بىلەن بىرگە قارا تۇپراققا كۆمۈلىدۇ.

ئادەمنىڭ تۇۋا دېگۈسى كېلىدۇ. ھۆسەن نەۋبەر دىلوسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ نەچچە كېچىنى چالا ئۇيقۇدا ئۆتكۈزدى. نەچچە كۈنلەپ دەم ئالماي ھېرىپ چارچاپ ئىشلىدى. ئۇ چاغدا ھېچقانداق يوچۇقى تېپىلمىغان بۇ سىرلىق گۆرنىڭ ئىشىكى ئەمدى ئۆزلۈكىدىن ئاشكارىلىنىشۋاتقانلىقى قىزىق ئىشتە! تەقدىر راستىنلا ھۆسەننى كۆزگە ئېلماپتۇ. ئۇنداق بولمىسا نەۋبەر دىلوسى ھۆسەننىڭ قولىدىكى چاغدا — بۇنىڭدىن بىر ھەپتە، ئون كۈن بۇرۇن خەت بۇ ئاشكارىلانماي، ئەمدى ئېزىزۇپنىڭ قولىغا ئۆتكەندە توشقان ئۇۋىسىدىن چىققاندەك ئۆزلۈكىدىن ئاشكارا بولامدۇ؟ ھۆسەن بەلكىم سەۋرسىزلىكىدىن ئەمەس تەلىيىدىن ئاغرىنىۋاتىدىغاندۇ. ياكى ئېزىزۇپنى يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كەلمەي بالدۇر كېلىۋېلىپ تەييارغا ئىگە بولۇۋالدى دەپ قاغاۋاتىدىغاندۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەمدى بىز ئېزىزۇپنىڭ قولىدىكى خەتكە كېلەيلى. خەت سىزىقسىز

ئېپىز قەغەزگە 80 - يىللارنىڭ بېشىدا ئەمەلدىن قالغان يېڭى يېزىق بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ رەتلىك ۋە ئېنىق ئىدى. ئېزىزۇپ سېرىق چىرايىغا يارىشىدىغان كۆكۈش كۆزلىرىنى يېنىك ئۇۋۇلىۋېتىپ كۆزەينىكىنى تاقاپ خەتنى ئۈنسىز ئوقۇشقا باشلىدى.

## نەۋبەرنىڭ خېتى

ئاكا، ھەيران بولماڭ، مەن ئاجىزلىق ۋە ئەقىلسىزلىكىمدىن سىزگە ۋاپا قىلالمىدىغاننىڭ ئۈستىگە، بالايىئاپەت تېرىپ بېرىش ئالدىدا تۇرغان نەس باسقان بەختسىز سىڭلىڭىز نەۋبەر بولىمەن. مەن ھازىر ئۇرۇمچىدە، گويا قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ، قانداقتۇر بىر تۆمۈر تىرناقنىڭ ئىلكىدە سىقىلغاندەك، ۋەھىمە ئىچىدە ئاماسىز تۇرۇۋاتىمەن. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا نۇرغۇن كەچۈرگۈسىز گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۈم. بۇ ئىشلارنى سىزگە ئېيتىپ بەرسەم بەلكىم بەدىنىڭىزگە زەھەرلىك يىلان يۆگۈشۈۋاتقاندەك يىرگىنەرسىز. قورقۇنچ ھېس قىلارسىز. بىراق مەن ھازىر بۇ ئىشلارنى سىزگە ئېنىق ئېيتمىسام، سىز كېلىپ ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز، مېنىڭ تېنىم چۆكۈپ كېتىۋاتقان بۇ چوڭقۇر ئىپلاس پاتقاقتىن قۇتۇلۇشقا زادىلا ئامالىم يوق. ئۆزىڭىز بىلىسىز، مېنىڭ بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقا ھېچقانداق تايانچىم ۋە ياردەمچىم يوق. شۇڭا مەن يەنىلا سىزدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەت ياردەم سورايمەن. ئەسلىدە تەقدىر ئۆلۈمگە بۇيرۇغان شۇم پېشانە بىر قىز ئىدىمەن. ئانام ۋە سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ بۇ كۈنگە ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ئەجرىڭلارغا، بولۇپمۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان ئاكىدارچىلىقىڭىزغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشۇم، ئۆمۈر بويى خىزمىتىڭىزنى قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ۋە ۋىجدانىم ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. ئەسلى جىنايەتلىرىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشقا لايىق ئىدىم. بىراق مەن بۇنداق سىرلىق ۋە بىھۇدە ئۆلۈپ، سىز قاتارلىق بىرنەچچە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى مەڭگۈ غەش قىلىشقا، شەيتان ئويۇنىغا ئوخشاش سىرلىق ۋە ئىپلاس ئىشلارنى سىزدىن ۋە جەمئىيەتتىن يوشۇرۇپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. سىزگە ئېيتسامۇ - ئېيتمىسامۇ ئوخشاش، مەن بەربىر ئۆلۈمگە لايىق. بىراق سىز قايىل بولۇڭكى مەن ئەقىلسىزلىق قىلىپ يولدىن ئېزىپ مۇشۇ جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن، سىزنىڭ قولىڭىزدا سىزنىڭ جازايىڭىز بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ جان بېرىشكە رازىمەن.

سىز بىلىسىز، نى - نى قەھرىتان سوغۇقلاردا كىشىلەرنىڭ تونۇرلىرى ۋە ئاشپەزلەرنىڭ ئوچىقى ئالدىدا قاسماق چاپانىنى يېپىنىپ ئاچ قورساق تۈننى ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمىزدىمۇ، ياكى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئېغىر ئەمگەك قىلغان چاغلىرىمىزدىمۇ سىزدىن بىسوراق بىرەر ئىشنى قىلمىغان ۋە سىزگە بىرەر ئېغىز يالغان سۆزلەپ باقمىغان. مەن پەقەت سىزنىڭ پاناھىڭىزدا، سىزنىڭ شەپقىتىڭىز بىلەن بۈگۈنكىدەك ئادەم بولغانىمەن. ئىشىنىڭكى ھازىرمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قىلىۋاتقان سۆزۈمنىڭ بىرىمۇ يالغان ئەمەس. ئالدىنئالا ئېيتىۋالاي، سىز ماڭا ھەرقانچە نەپرەتلەنسىڭىزمۇ، مېنى چايناپ پۈركۈۋەت-

كىيگىنىز كەلگەنلىدىمۇ، خېتىمنى سەۋرى قىلىپ ئوقۇڭ ھەممە ئۆتكۈر كاللىڭىزنى ئىشلىتىپ، مېنى بۇ ئىپلاس پاتقاق چوڭقۇرلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ.

سىز قەشقەر تەرەپكە كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى چۈشلۈكى ئۆيگە تۇساتتىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى دەرھال تونۇيالماي سورىدىم:

— سىلى كىم بولىلىكىن؟

— ۋاي تونۇمايۋاتامسىز، ھېلىقى چاغدا، ۋاي سىز مۇشۇ بالىڭىزنى تۇغقان ۋاقتىڭىزدا، مەن سىلەرگە 300 سوم پۇل بەرمىدىممۇ؟ — دېدى ئۇ كوماك چىشىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ. مەن ئۇنىڭ ئوسمان قاۋان دېگەن ھېلىقى سېخىي سودىگەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىر ئاز خىجالەت بولدۇم.

— ھە راست، ھېلى ئوخشىتىپراق ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنچە قىلالماي قاپتىمەن، سەمىرىپ كېتىپسىز. كىيىمىڭىزمۇ پوزۇر بولۇپ كېتىپتۇ. ھە، قاياقتىن كېلىشىڭىز. ئاكامنى ئۇچراتتىڭىزمۇ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ. ھېلىقى 300 سوم پۇلنى سۆيلەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قوشۇپ قويدۇم، — ئۇقەت قىلىمەن دەپ، ئۆيدىكى پۇلنىڭ ھەممىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى.

— ۋاي مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز. مېنى بۇياققا شۇ ئەخمەت ئەۋەتتى. سىز بۇ يەردە ئۇ «پۇلنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ كەتتى» دەپ قاقشاپ ئولتۇرغىنىڭىز بىلەن، ئۇنىڭ سودىسى قالتىس يۈرۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى سىزنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىشقا ئەۋەتتى. ئۆزى بىر ماشىنا قوي تېرىسى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ماڭدى. ئۇ سىزنى ئېلىپ ئىچكىرىگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىر ماشىنا تېرىنى ئىچكىرىگە تارتىۋالسا، مىليونېر بولدۇڭلار دېگەن شۇ. قانداق، قالتىسمىكەن؟ تېز بولۇڭ، قۇلىقىڭىزنى خۇش ئېتىپ ئولتۇرماي كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ كېلىڭ، بالىڭىزغا قاراپ تۇرغىدەك ئادەم يوقمۇ؟

مەن ئوسماندىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى، يەنە كېلىپ خۇش خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايلا قالدىم. مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى يىرماسلىق ئۈچۈن ئەكبەرنى قوشنىمىز لاۋمانىڭ قاراپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئوسمان بىلەن بىرگە شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچىگە ماڭدىم. ئۈرۈمچى دېگەن ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغان بۇ شەھەردە ئادرېسسىز ئادەمنى ئىزدەپ تېپىش مۇمكىنمۇ؟ مەن كېلىپ ئۈچ كۈنگىچە سىزنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئوسمان مەن بىلەن ھەر كۈنى بىرنەچچە نۆۋەت ئۇچرىشىپ تۇردى. ئۇمۇ سىزنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىراق مېنىڭ ئىزدىشىم بىلەن ئۇنىڭ ئىزدىشى ئوخشىمايتتى. مەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى بىلەن پويىز ئىستانسىسى ئارىلىقىدا بويۇنۇمنى قىسىپ يۈردۈم. ئۇ بولسا، بىردەم كىچىك ماشىنا، بىردەم موتوتسىكلىت بىلەن چېپىپ يۈردى. ئۈچ كۈن ئىچىدە مەن ئوسماندىن ئالغان 50 سوم پۇلنىمۇ ياتاق بىلەن تاماققا ئىشلىتىپ تۈگەتتىم. «قانداق قىلغۇلۇق، ئوسماندىن يەنە ئازىراق پۇل سوراپ ئېلىپ ئۆيگە قايتايمۇ؟» مەن شۇ خىيالدا قاتناش بېكىتىدە تۇرسام ئوسمان پەيدا بولدى. ئۇ

مېنىڭ قايتماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ - «ئەخمەق، ئەخمەتكە ئاۋارىچىلىق تېرىپ بەرگەنسىز كېلەۋاتامدۇ؟ بىر نەچچە ئون سومنىڭ كارايىتى چاغلىق. تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن سىزنى كەچتە بىر تونۇشۇمنىڭكىگە ئاپىرىپ قويىمەن. ئانچە - مۇنچە جاھاندارچىلىق قىلدىمىكىن دېسەم، پۇلنى تۈگىتىپ تۇرۇپسىز» دەپ ئەيىبلىدى. راست دېگەندەك ئۇ كەچتە بىر جىپ ماشىنا بىلەن كېلىپ، مېنى تونۇشىنىڭكىگە ئېلىپ ماڭدى. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ تونۇشىنىڭ بۇ ئۆيى ھەممە رەزىللىكلەرنى قىلىشقا بولىدىغان پاسكىنا بىر ماكان ئىكەن. يېرىم يالىڭاچ ئىككى چوكان بىردەم ئۇنىڭ، بىردەم بۇنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرۇپ، ئەرلەرگە ھاراق ئىچكۈزىدىكەن. ئەرلەر بولسا، قەرت بىلەن ئۇتۇشماق ئوينايدىكەن..

— بۇ، بىزنىڭ بىر باي دوستىمىزنىڭ ئايالى بولىدۇ. ئىسمى نەۋبەر، ياۋروپاچە،— دېدى ئوسمان مېنى مازاق ئارىلاش تونۇشتۇرۇپ. ئۆينىڭ ئىچىدە شاڭخو كۆلكىسى كۆتۈرۈلدى. مەن ئىزاچىلىقىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ ئىشىك تۈۋىدىلا بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئوسمان بولسا، ھەمراھلىرىنىڭ ئويۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇتتۇلۇپ پۇلى تۈگەپ سورۇندىن قوغلانغان بىر ھىڭگاڭ چىش كېلىپ مېنى ئولتۇرغۇزمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى، قىلىقلىرى شۇنداق تېتىقسىز ئىدىكى، مەن ئادەم نەسلىدىنمۇ ئاشۇنداق مەخلۇق تۇغۇلۇپ قالىدىكەن دېگەننى تۇنجى قېتىم ئاشۇ ئۆيدە ھېس قىلدىم. ھاراق ۋە تاماكىنىڭ بۇسى، بەدقىلىقلار مېنى بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن «نېمىلا كۆرسەم كۆرەي» دېگەن ئويغا كېلىپ «غىپپىدە» ئۆيدىن چىقتىم. قاراڭغۇلۇقتا قانچىلىك يۈگۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئەمدىلا تار كوچىدىن چىقىپ چوڭ كوچىغا قايرىلىشىمغا ئارقامدىن بىر موتوتسىكىلىتتا ئىككى ئادەم كېلىپ ئاغزىمغا لۆڭگە تىقىپ قولۇمنى كەينىمگە قايرىدى - دە، موتوتسىكىلىتقا ئولتۇرغۇزۇپ ياندۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. مەن ۋارقىراش ۋە تىپىرلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ھېلىقى ئوسماننىڭ تونۇشىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدىم.

— ئاسمانغا چىقىپ كېتەرمىكىن دېسەم يېنىپ كەپسىزغۇ؟ ئاگاھ بولۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن بىسوراق بىر قەدەممۇ ماڭمايسىز. بولمىسا كۆرۈۋدىغىنىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ،— دېدى ھويلىدا تۇرغان ئوسمان كاچىتىمغا ئىككىنى سالغاندىن كېيىن. مېنىڭ يۈزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئۇلار مېنى ئايرىم بىر ئۆيگە سولاپ ئىشىكنى تاقىدى. مەن ئەتىسى كەچكىچە شۇ ئۆيدە ياتتىم. ئۇلار ئىچىشىپ مەست بولۇشقاندىن كېيىن مۇشتلاشتى. بىر بىرىنىڭ پۇلىنى بۇلۇشۇپ ئۇزاققىچە جودالاشتى، ھەتتا بۇ جودا ئەتىسى كەچ كىرگىچە بېسىقمىدى. ھېلىقى ئىككى چوكاننىڭ سەت چىرقىراشلىرىمۇ كېچە - كۈندۈز بېسىلمىدى. ئەتىسى ئوسمان قاپاقلىرى ئىششىغان ھالەتتە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى ۋە:

— ھەممىسى سەن قانجىقنىڭ كاساپىتى. بىر ئوبدان كېلىۋاتقان ئامەت سېنى ئىزدەيمەن دەپ ئارىلىقنى ئۈزۈپ قويۇپ قولۇمدىن كەتتى. بىر سومكا پۇلنىڭ ھەممىسى تۈگىدى. ئەمدى مەن سېنى ساتىمەن، سېنى پۇل قىلىمەن،— دەپ مەست

ھالدا دەلدەڭشىپ كېلىپ چېچىمدىن تۇتۇپ كارۋاتقا يىقىتتى. مەن مىلىك تىركەشكىنىم بىلەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيتتىممۇ؟ ئاخىرى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدىم.

— جېنىم ئاكا، مېنى قويۇۋېتىڭ، مېنىڭ قېشىمغا يېقىن كەلمەڭ، سىز ئەخمەتنىڭ دوستى ئەمەسمۇ؟ نېمە دېسىڭىز قىلاي، مېنىڭ بەدىنىمنى تۇتقۇچە بولماڭ،— دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن. مەن ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى قىلدىم. چۈنكى بۇ ئەسلى بىر تەلۋە نەرسە. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇلنى ئۇتتۇرۇپ ئاچچىقىدا ھاراقنى ئىچىۋېرىپ تېخىمۇ تەلۋىلەشكەن. بۇ پەيتتە ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مېنىڭ يىلىنىشلىرىم تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ رەھمى كېلىپ قالدىمۇ ئۇ مېنى قويۇۋەتتى، خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كارىۋاتنىڭ بېشىغا سانجىپ قويۇپ بىردەمگىچە كالىدەك ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئوسمان،— دېدى سىرتتىن بىرسى كىرىپ، تۇر ئورنىڭدىن، تۇرە، كەچ كىرىپ قالدى ئازىراق ھەرىكەت قىلايلى. ماشىنا كەلدى.

ئۇ ئىككىيلەن مېنى ئېلىپ ماشىنىغا چىقتى. بىز يولۇچىلار بېكىتىگە بېرىپ چۈشتۇق، شوپۇر ئوسماننىڭ ھەمراھى بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. مەن نېمە ئىش قىلىدىغىنىمىزنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇردۇم.

سىز بىلىسىز، مەن كىچىكىمدىن سىزگە ئەگىشىپ چوڭ بولغان. بەدىنىمىز ئېچىلىپ قالسىمۇ، قورسىقىمىز ئاچ قالسىمۇ تىلەپ يەپ، ياماپ كەيسەكمۇ بىر كىمنىڭ نەرسىسىنى بىسوراق ئالمىغانىدۇق. ئەمدى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. مەن بۇنداق بولۇشىنى ئاخشامقى مەنزىرىدىنلا بىلىپ بولغانىدىم. بۇلار ھەرگىزمۇ ھالال ئەمگەكى بىلەن ياشايدىغانلار ئەمەس. كىملەرنى قايسى شۇملۇقلار كۈتۈپ تۇرۇدىكىن؟

— ۋاي ئەخمىقەي،— دېدى ئوسماننىڭ جىگجىك ھەمراھى ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ،— ھەرىكەت قىلساڭ بەرىكەت كېلىدۇ. قولۇڭدا بىر ئوبدان قورالىڭ تۇرسا، نەگە ئاتساڭ شۇ يەرگە تېگىدۇ،— ئۇ بېشى بىلەن مېنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى،— قېنى ئىشقا سالامسەن؟!

ئوسمان ئەمدى مەستلىكتىن بىر ئاز تۇزۇلۇپ قالدى. مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ھىجىيىپ:

— ھە، ئۇ توغرا دەيدۇ نەۋبەر. ھەرىكەت قىلساق بەرىكەت دېگەن شۇ. سىزدىن ھېچ كىشى گۇمان قىلمايدۇ. مەن ھە دېگەندە «شاپپىدە» ھەرىكەت باشلاڭ، قالغىنىنى كېتىۋېتىپ ئۆگىنىۋالسىز. بەغەرەزلىك قىلسىڭىز كۆكسىڭىزنى كېسىپ، قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن، بىلدىڭىزمۇ؟— دېدى ۋە مېنىڭ ھەيكەلدەك تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ئوڭ مۈرەمنى سىلكىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى — خۇدايىم بۇ دۇنياغا ياراتقان بەندىسىنىڭ ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا رىسىق ئاتا قىلغان. بىراق ئۇنى بىر خىل ئۇسۇلدا بەرمەيدۇ. قاراڭغا ئاۋۇ پىسكاپتا ئولتۇرغان مەخلۇقنى، ئۇ كۈن بويى بىكار ئولتۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەپ، پۇلنى خەجلەپ سەمرىگەن ئەمەلدار، قاراڭ، ماۋۇ بۇرۇتىنى تولغاپ ئالچاڭلاپ كېتىۋاتقان ھىلىگەر سودىگەر بولسا، ساددا پۇقرانى قاقتى-سوقتى قىلىپ

پۇل تاپىدۇ. ئاۋۇ سەللە يۆگىۋالغان مەككار سوپىنىڭ مېڭىشىنى كۆرمەمسىز، قاياقتىن پوشكال پۇرايدىكىن دەپ تىمىسقىلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارغا خۇدا ئاشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق رىسقىنى تېپىپ يېيىشكە بۇيرىغان. بىزگىچۇ؟ بىزگىمۇ خۇدا بەرگەن رىسق بار.

— راست دەيسەن ئاداش، قارا ئاۋۇ شاپ بۇرۇت سەھرالىقنى، قارا ئەنە!— ئوسماننىڭ ھەمراھى بادام دوپپا كىيىۋالغان ئېگىز بويى شاپ بۇرۇت كىشىنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى.

— ھە، توغرا، ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان تومەپايدەك قىلىدۇ. بولۇڭ، بېرىپ بىر نېمە دەپ ئىشنى توغرىلاڭ،— ئوسمان مېنى تېز ھەرىكەت قىلىشقا ئالدىراتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— نېمە دەيمەن.

— قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراڭ. ئىش ئەپلەشسە ئۆزىڭىز بىلىپ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بىز سىزگە قاراپ ماسلىشىپ ئىش قىلىمىز. تېز بولۇڭ. ئۇ كېتىپ قالغىلىۋاتىدۇ، مېڭىڭ دەيمەن.

تېخى ھېلىلا كۆچۈكلىنىپ ھەجىيىپ سۆزلەۋاتقان ئوسمان مانا ئەمدى خۇددى ياۋا توڭگۇزدەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ مېنى كۆز ئالدىمىزدىكى رەزىل ئىشنى قىلىشقا زورلىدى. ئۇنىڭ نەپسى ئالدىرايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئادەم ئالداش يولىغا مەجبۇرىي قەدەم قويدۇم. مۇشۇ پەيتتە مەن ئاشۇنداق قىلمايمۇ ئوسماندىن قۇتۇلالمايتتىم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، دىمىم سىقىلىشقا باشلىدى. مەن ھېلىقى شاپ بۇرۇت بىلەن ياندىشىپ ماڭدىمىيۇ بىر نەرسە دەپ سۆز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم.

— قىزىم،— دېدى شاپ بۇرۇت،— ماڭا بىلىنەر-بىلىنمەس ئېگىلىپ سالام بىلدۈرۈپ،— دۆڭكۆۋرۈك دېگەن يەرگە قانداق ماڭسا بارغىلى بولىدۇ؟— ئۇنىڭ تەلەپپۇزى سەھرالىقلارغا خاس قوپال بولسىمۇ تۇرقىدىن كىشىگە يېلىنىش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

— يول دېگەن تولا،— دېدىم مەن زورىغا كۈلۈپ،— قەيەردىن كەلگەنتىلە؟

— قەشقەردىن كېلىشىم،— ئۇ شۇنداق دەپ يەنە قوشۇپ قويدى،— قەشقەرنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىدىن كەلگەندىم. بۇ يەرگە كېلىپ بېشىم قېيىپلا قالدى.

مەن ئۇنىڭ راستىنلا ساددا ئىكەنلىكىنى تۇرقى ۋە سۆزىدىن بىلىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يۈرەكلىكرەك ھالدا سورىدىم.

— دۆڭكۆۋرۈكتە نېمە ئىشلىرى بارىدى؟

— ياقۇپ ئىمام دەيدىغان بىر زەرگەر بار دېۋىدى، شۇنى ئىزدەيتتىم، قىزىم.

— قىزىق گەپقۇ بۇ «ئېشەكنىڭ دۈمبىسى قىچىشسا، تۈگمەن ئالدىغا ئۆزى بېرىپتۇ» دېگەندەك مەن سىلىگە نەق ئۇچراپتىمەن،— دېدىم مەن يالغان سۆزلىگەننىڭ ئۇستىگە يالغان كۈلۈمسىرەپ، تۇرقۇمنىمۇ سۆزۈمگە ماسلاشتۇرغان ھالدا چاندۇرماي.

— ھە، قىزىم سىلى ياقۇپ ئىمامنى تونۇملا؟

— ئۇنىڭ نەۋرىسى بولىمەن،— مەن ئۆز سۆزۈمنىڭ راستقا ئايلىنىۋاتقانلىقىغا

راستىنلا كۈلگۈم كېلىپ كۈلۈۋەتتىم. بىراق يۈزۈم قىزىپ، يۈرىكىم يەنىلا گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى.

— خۇدا بېرىپتۇ، قىزىم. مېنى باشلاپ بارسىلا تاپان ھەققى بېرىمەن، — دېدى ئۇ تېخىمۇ يېلىنغان ھالدا. بۇ چاغدا مەن ئوسمان كېلىۋاتامدىكىن دەپ ئارقامغا قاردۇد-دىم، ئۇ ئارقىمىزدىنلا ماڭغان ئىكەن، مېنىڭ ئارقىغا قارىغىنىمنى كۆرۈپ «بارىكاللا» دېگەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن «قارس» چىقىرىپ قويدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بىردەمدىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشىدۇ. ئوسمان بۇ ساددا ئادەمنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ چوقۇم بوزەك قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملەپ بولدى. ئۇلار بۇ ئادەمنى قاتتىق ئۇرۇۋېتەرمۇ؟ بەلكىم ئۇرار، ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرمىسا ئۇنىڭ پۇلىنى ئالغىلى بولمايدۇ-دە، ئۇ چاغدا بۇ ئادەم مېنى ئەلۋەتتە قاغايدۇ. مەن شۇلارنى ئويلىسام بۇ ئىشنى قىلغۇم يوق. بىراق ئامال قانچە؟ ئەمدى قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇ يولغا ماڭغان ئىكەنمەن، بىر لۆۋەت تەۋەككۇل قىلىپ كۆرەي. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولسا بولسۇن. ئازىراق پۇلغا ئىگە بولۇۋېلىپ ئوسماننىڭ قولىدىن قۇتۇلسام، ئىككىنچى بۇنداق يولغا ماڭمىسام بولىدىغۇ؟

شۇنداق خىياللار بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ قىزىلتاغدىكى يېمەكلىكلەر بازىرىغا كۈن ئولتۇرۇپ چىراغ يېقىلغان مەزگىلدە يېتىپ كەلدۇق. مەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش كويىدا شاپ بۇرۇتقا تاماق يەۋېلىپ مېڭىشنى ئېيتسام ئۇنىڭغا خۇش ياقتى. بىز ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغان يېمەكلىكلەر بازىرىغا كىرىپ شاپ بۇرۇتنىڭ تەلپىي بويىچە بىر قاچىدىن چۆچۈرە ئىچتۇق. بۇ چاغدىمۇ مېنىڭ مېڭەمدىن يەنىلا بىردەمدىن كېيىن قانداق ئىشلار بولۇپ كېتەر، ئوسمان بۇ ئادەمنى بەك ئۇرۇۋېتەرمۇ؟ ئۇرسىغۇ مەيلى، پىچاق تىقىۋەتسە قانداق بولار؟ دېگەن قورقۇنچلۇق خىياللار كەتمەيدى. بىراق بۇ شاپ بۇرۇت ھەممىلا نەرسىگە قىزىقىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تاماقنى يېدى.

بىز تاماقخانىدىن چىققاندا، ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى تاماقخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كاۋاپ يەپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ چىققىنىمىزنى كۆرۈپ يەۋاتقان كاۋاپلىرىنى قويۇپلا، ئالدىمىزدا قارا كۆرسىتىپ ماڭدى. بۇنى شاپ بۇرۇت قىلچىمۇ سەزمەيتتى. مەن چوڭ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى كىرىپ كەتكەن قاراڭغۇ ئارقا كوچىغا شاپ بۇرۇتنى باشلاپ ماڭدىم. مانا بۇ كوچىدا ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان ۋەھشىلىكنى كۆرىمەن. ئۇلار بۇ قېرىنى ئۇرىدۇ، بۇلايدۇ. بۇ ئىشلارنى ئويلىغىنىمدا تېنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ تىترەپ كەتتىم. بىراق شاپ بۇرۇت قېرى غەمسىز كېتىۋاتىدۇ. ئۇ تېخى قانداق شېرىن خىياللارنى قىلىۋاتىدىكىن؟ ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى قاراڭغۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇنى مەنمۇ كۆرمەي قاپتىمەن. ئالدىبۇرۇن تەييارلىنىپ تۇرغان ئوسمان خۇددى مارىلاپ چىشلەيدىغان ئىتقا ئوخشاش شەپە چىقارماي كېلىپ شاپ بۇرۇتنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئېسىلىپ ئۇنىڭ گېلىنى سىقتى. دەل شۇ چاغدا ئوسماننىڭ ھەمراھى شاپ

بۇرۇتىنىڭ ئاچ بېقىنىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر نەچچىنى تەپتى. شاپ بۇرۇت ئۈن چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرەمەي يىقىلدى. ئۇ يىقىلغاندىن كېيىنمۇ ئوسماننىڭ ھەمراھى يەنە بىر نەچچىنى قاتتىق تەپتى، ئاندىن ئوسمان بېرىپ ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى قويماي ئاقتۇرۇپ قۇرۇقدىدى. ھەمراھى خورجۇننى ئالدى، بىر دەمچىلىك پاجىئە شۇنىڭ بىلەن شەپىسىز تاماملاندى.

بۇنداق قەبىھ بۇلاڭچىلىق ھەرقانچە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئوسماندەك ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر ئۈچۈن بىر قېتىملىق كورت ئويىنىغانچىلىك بىلىنمەيدىكەن. مانا ئۈچەيلەن ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك خاتىرجەم مېڭىپ ئوسماننىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئوسمان پۇلنى ساناپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

— ئاران يۈز يىگىرمە كويدىن تېگىدىكەن، سانىۋېلىڭ، ئەتىگىچە يەنە تاپىمىز،— دېدى ئوسمان پۇلنى ئالدىمغا تاشلاپ.

— ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغۇچىلىك ئىش بولماپتۇ-دە، ئوسماننىڭ ھەمراھى نارازى بولغان ھالدا پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— نېمە دېدىڭ؟ سەنمۇ يېڭى چاغدا بىز بىلەن تەڭ پۇل ئالاتتىڭ. بۈگۈن نەۋبەرىنىڭ ئالغىنىغا قورسۇقۇڭ ئاغرىۋاتامدۇ، تايغان!؟ نېمىلا بولمىسۇن نەۋبەر بىر ئاز ھۈنەر ئۆگەندى. ئۇ، بۇ ئىشتا ماھىر بولۇپ كەتسە، بىزنى پۇل بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ،— دېدى ئوسمان كارىۋات ئۈستىدىن بىر بوتۇلكىنى ئېلىۋېتىپ. بىراق ھەمراھى ئۇنىڭ گېپى تۈگىگىچىلا چىقىپ كەتتى.

— خورجۇندا نېمە باردۇ؟— دېدىم مەن يەرگە تاشلاقلىق تۇرغان خورجۇننى ئېلىپ.

— نېمە بولماقچى؟ قاسماق كىيىم باردۇ تايىنلىق،— دېدى ئۇ پىيالىگە بۇلدۇقلىتىپ ھاراق قۇيۇۋېتىپ.

مەن خۇرجۇننىڭ بىر بېشىدىكى پومزەكنى ئالسام، راست ئوسمان دېگەندەك باش ياغلىقىغا ئورالغان كىيىم ئىكەن. كۆڭلۈم تۇيغاندەك پومزەكنى يېشىپ كىيىملەرنى بىردىن كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. كىيىملەر ئارىسىدىن يەنە بىر ياغلىققا ئورالغان كىچىك پومزەك چىقتى.

— پىچاق بارمۇ، نېمە،— دېدىم مەن پومزەكنىڭ ئېغىر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ. ئاچكۆز ئوسماننىمۇ دىققىتىنى مېنىڭ قولۇمدىكى پومزەككە بۇرىدى. كۈتۈلمىگەن ئامەت. كىچىك پومزەك ئىچىدىن بىزنىڭ چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان بايلىق چىقتى.

— ئالتۇن، زىخچە ئالتۇن!!!— توۋلىۋەتتىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئوسمان چاچراپ قوپۇپ ئاغزىمغا قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن بىرنى سالدى.

— نېمە ۋارقىرايسەن!؟— دېدى ئۇ قولۇمدىكى ئالتۇنغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ. دەل شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلدى. مەن قاتتىق ھودۇقۇپ كەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ خۇرجۇن ۋە كىيىملەرنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىۋېتىشكە ئۈلگۈردۈم. ئوسمان ئالتۇننى ئالىيۇمىن چەينەكنىڭ ئىچىگە تاشلىدى. «قىڭغىر كۆڭۈلدە قىيسىق خىيال» دېگەندەك

ئۆزىمىزچە خۇدىكسىنىپ قاچىدىغان جاي تاپالماي قالدۇق. ئوسمان خەنجىرىنى ئېلىپ كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

«ئىشىكنى قاققان كىمدۇ؟ ساقچىمىدۇ؟ ئەگەر ساقچى ئارقىمىزدىن پايلاپ كەلگەن بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ چاغدا مەن باش جىنايەتچى بولدۇم دېگەن سۆز ياكى ھېلىقى شاپ بۇرۇت يالغاندىن يېتىۋېلىپ بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئىز بېسىپ كەلگەندىمۇ؟ ئۇ بولسىغۇ ئوسماننىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يېتەر. بىراق ساقچى كەلگەن بولسا، ھەممىدىن قورۇق قالغاننىڭ ئۈستىگە يەنە جازاغا تارتىلىدىغان گەپ...» كاللامدا ھەر خىل ئەندىشىلەر تۇغۇلدى. ئوسماننىڭ پېشانىسىدىمۇ چىپىلداپ سوغۇق تەر چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىشىكنى ئېچىۋىدى، نەدىكى ساقچى بولسۇن، ئوسماننىڭ ھېلىقى ھەمراھى ئىكەن. ئۇ، بوسۇغىدا تۇرۇپلا ئوسماننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئوسمان كۈلۈمسىرىگەن ھالدا رازىلىق بىلدۈرۈپ، بىرنەچچە قېتىم باش لىڭشىتتى. مەن ئۇلارنى «يەنە قانداق شۇملۇقلارنى پىلانلىدىكىن، مېنى تارتمىسا بولاتتى» دەپ ئەنسىرەپ تۇرسام، ئوسمان ماڭا گەپمۇ قىلماستىن، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ ھەمراھى بىلەن بىرگە كېتىپ قالدى. مەن بولسام قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىمدىن بىر ھازاغىچە جايىمدا مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدىم.

پۇل دېگەن نەرسە يوق بولسا، ئادەمنى تۇرلۇك جەبىر - جاپاغا، ھەتتا ھەر خىل يامان كويلارغا سالىدىغان، كۆپ بولسا كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلمايدىغان، ھەتتا قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە باشلايدىغان مېھرى ئىتتىك شەيتان نەرسىكەن. مانا ئالتۇننىڭ چىقىشى بىلەن تىنچ كۆڭلۈم بېسىقتۇرغۇسىز ساراسىمىگە چۈشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئالتۇننى ئالماي كېتىشكە بولمايدۇ. قاراپ تۇرۇپ ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسەممۇ تۈگىمەس بايلىقنى خەققە تاشلاپ كېتىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ تۇغۇلۇپ مۇشۇنچە بولغۇچە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە نېمە كۈنلەرنى تارتمىدىم؟ خۇدانىڭ كۆزى بار ئوخشايدۇ. بەلكىم بۇ ئالتۇن مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمنىڭ بەدىلىگە كەلگەن بولسا كېرەك. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ئالماي كېتىشكە بولمايدۇ. ئوسمانمۇ بۇ ئىشتا بوش كەلمەيدۇ. ئۇ ئاچكۆزنىڭ ماڭا بۇ ئالتۇننى ئىككى قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويۇشى ناتايىن. ئاۋۋال مەن بۇ ئالتۇننى ئوسمان تاپالمىغۇدەك قىلىپ يوشۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك. مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ ئاخىرى ئۇنزىخچە ئالتۇننى بەلگىلىك ئۇن خىشنىڭ ئاستىنى بىرەر غېرىچچە كولاپ، قوزۇق قاققاندەك يەرگە قېقىۋەتتىم، ئاندىن توپىنى جايىغا تىندۇرۇپ، ئۈستىگە خىشنى ئەسلىدىكى پېتىچە ئورنىتىپ قويدۇم. بىر كېچە ئاشۇ ئىشلار بىلەن ئۆتتى.



ئاكا، شۇ كۈنلەردە ئەگەر مەن سىزنى ئۈرۈمچىدە تاپقان بولسام، ھالاكەت پاتقىقىغا بۇنچە چوڭقۇر پېتىپ كەتمىگەن بولاتتىم. «پۇل ئادەمنىڭ ۋىجدانى، ئىمانى ھەتتا ئەقلىنىمۇ بۇلغايدۇ» دېسە ئىشەنمەيتتىم. مانا ئەمدى پۇل ئۈچۈن ئۆزۈم ئاشۇ يىۋاغا ماڭغىلى تۇردۇم، ئالتۇننى يوشۇرۇپ بولغۇچە تېنىمنى قورقۇنچ باسقىنىنى بىلەن، ئەمدى كېلىپ ئۆزۈمنى ئوسماننىڭ كارىۋىتىغا تاشلاپ ئوڭدا ياتقىنىمدا بۇ پۇل بىلەن كۆرۈدىغان ھالاۋەتلىرىمنى ئويلاپ ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا چۆكۈپ كەتتىم.

قارىڭ، ئۇزۇنلۇقى چارەك كېلىدىغان ئون زىخچە ئالتۇن. ماڭا ئۇنىڭ بەشى تەگدى دېسەممۇ، بىرى ئون مىڭ يۈەندىن بولسا، بەشى ئەللىك مىڭ يۈەن دېگەن سۆز. ئەگەر ئۇنى ساق - سالامەت نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇۋالسام ئۆمۈر بويى تەر ئاققۇزماي، پۇلنىڭ ئۈستىدە ئېغناپ يېتىپ يېسەممۇ يېتىدۇ، ئەمەسمۇ؟...

ئوسمان شۇ كېچىدە چىقىپ كەتكەنچە ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدىكى ئاليۇمىن چەينەككە قاراپ ئالتۇننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى نەدە قويغانلىقىمنى سورىدى.

— نەدە بولماقچى،— دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي،— مۇشۇ ئۆيىڭىزنىڭ ئىچىدە بار.

— ئۆينىڭ نەرىدە، ھازىر تېپىڭ.

— قاچان ئاكامنى تېپىپ بەرسىڭىز شۇ چاغدا ئالتۇننى تېپىپ بېرىمەن. ئۆيگە سولاپ قويۇپ كېتىسىز، يەنە گەپ قىلمىسا كېلەر - كەلمەستىن ئالتۇننى سورايسىز؟!

— خاپا بولماڭ، سىزگە ئوبدان بىر ئاكا تېپىپ بەرمەكچىمەن،— دېدى ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ ھىجىيىپ،— خىيالىڭىزدا ئاكامنى شۇنداق ئاسان تاپىمەنمىكىن دېمەڭ، بىزنىڭ قولۇمىزدىكى تۆمۈر ياكى قەلەي ئەمەس ئالتۇن. ئۇنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش ئاسان ئەمەس، خىيالىڭىزدا ئەمدى پۇلغا ئىگە بولدۇم، كېتىمەن دېمەكچىما، كېتىمەن دېسىڭىزمۇ كەتكۈزمەيمەن. مېنىڭ گېپىمگە كىرسىڭىز بىر مەزگىلدىن كېيىن چۈشىڭىزگىمۇ كىرمىگەن بايلىققا، ئابرويغا، ھۆرمەتكە ئىگە بولىسىز. قارىڭ مايەردە بىر ماگزىنچى بار، كىتاب خالتىسى بىر نېمە ئۇ، بىز ئۇنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرسەك بىرنەچچە مىڭ سوم نەق پۇلغا ئېرىشىمىز. ئاندىن ئىككىمىز ئالتۇننى ئېلىپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ چەت ئەللىككە ساتىمىز ...

— نېمىدەپ تىلىڭىزنى چاينايسىز؟ مەن ئەمدى سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرمەيمەن،— دېدىم مەن ئۇنىڭ شۆلگىيىنى چاچرىتىپ سۆزلەۋېرىشىدىن زېرىكىپ.

— كىرمەيمەن؟ گېپىمگە كىرمىسىڭىز ماۋۇ نېمە بېقىنىڭىزغا كىرىدۇ،— ئۇ خەنجىرىنى چىقىرىپ تامغا گاچچىدە سانجىپ قويدى.

— ھىم،— دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ،— سەن تېخى ماڭا ھەيۋە قىلماقچىمۇ؟ گېپىڭ بولسا چىرايلىق قىلساڭ خالىسام ئاڭلايمەن. بولمىسا خەنجەر - پەنجەرىڭدىن قورقىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. ھەيۋەڭنى ئاقىدىغان يەرگە بېرىپ قىل.

— ئەخمەق،— دېدى ئۇ يەنە زەھەرلىك كۈلۈپ،— ياخشى گېپىم شۇ. مېنىڭ گې

پىمگە كۆلسىڭىز زىيان تارتمايسىز، پۇل بولسا، ھەممە بولىدۇ. ئەخمەتكە ئىشەنگىنىڭىز
بىلەن ئۇ ئالىلىقاچان سىزدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭمۇ پۇلنى كۆرگەندە كۆزى قىزارغان
گەپ، ئىچكىرىدە قانداق قىزلارنى يېتىلەپ يۈرىدۇ، كىم بىلىپتۇ...
ئارىدا ئۇرغۇن تالاش - تارتىشلار بولدى. مەن كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ ھەۋىسىگە پە-
سەنت قىلمىغاندەك تۇرغىنىم بىلەن ئەمەلىيەتتە ھاياتىمدىن ئەنسىرەيتتىم، يەنە كې-
لىپ ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى ئورۇنلۇقتەكمۇ قىلىدۇ. ئەگەر ئالتۇنىنىڭ يېرىمىنى ئالغىنىم
بىلەن ئۇنى نەدە پۇلغا ئالماشتۇرىمەن؟ تۇتۇلۇپ قالسامچۇ تېخى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
سىز راستلا ئىچكىرىگە كەتكەن بولسىڭىز ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاخىرى مەن
ئۇنىڭ گېپىگە كۆندۈم. بىز ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ھېلىقى ماگىزىنچى كىتاب خالتىسىنى
قولغا كەلتۈرۈشكە تەييارلاندۇق.
ئاسماندا قارا بۇلۇتلار قوتراپ، گۈلدۈرماما خۇددى بىز قىلماقچى بولۇۋاتقان شۇم-
لۇققا غەزەپلىنىۋاتقاندەك قەھرى بىلەن گۈلدۈرلەپ، توختىماي چاقماق چېقىۋاتقان
بىر ئاخشىمى ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ ھېلىقى ئاۋاق ھەمراھى مېنى بىر قاراڭغۇ كوچى-
نىڭ يېنىدىكى ئورمانلىققا ئېلىپ باردى. بىز ئۇ يەردە ھېلىقى كىتاب خالتىسىنى كۈ-
تۈپ تۇردۇق. ئوسماننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر شەنبە كۈنى كۈتۈپخانىغا بېرىپ، كەچ-
تە مۇشۇ يول بىلەن ئۆيىگە قايتىدىكەن.
سائەت 11 دىن ئاشقاندا، يىراقتىن ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ يامغۇر يېغىپ
كېتىشتىن ئەنسىرەپ ئىتتىك كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە چېچىمىنى چۇ-
ۋۇپ، كۆڭلىكىمنىڭ ئالدىنى يىرتتىم - دە، يەرگە بىر دومىلاپ قوپۇپ ئۇنىڭ با-
رىچە تووۋلاپ - ۋارقىراپ ئۇ تەرەپكە يۈگۈردۈم. ئوسمان بىلەن ھەمراھى مېنى قوغلىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى پىلان ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. ھېلىقى كىتاب خالتىسى مېنى لۈك-
چەكلەردىن قۇتقۇزدۇم، دەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاغرىپ قالغان بو-
لۇۋېلىپ تۆت كۈن تۇردۇم، بەشىنچى كۈنى ئۇ مېنىڭ تەلىپىمگە مەست ھالدا ئۆيىگە
كەلدى. بۇ ماڭا ئاجايىپ ئەپچىل پۇرسەت بولدى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ-
غا «ئەپپىتىمنى بۇزدۇڭ» دېگەن باھانە بىلەن چېتىلدىم. يامان بولغىنى شۇ ئىشتىن
كېيىن مەن ئىككىنچى پىلانىمنى ئورۇنداپ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە ئۇ توي قى-
لىشقا ئالدىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسمىيەت بېجىرىپ توي قىلدۇق. تويدىن كېيىن
ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئىككىنچى پىلانىنى — ئادىلنىڭ يانچۇقىدىن ماگىزىن ۋە بىخە-
تەر ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىنى ئوسمانغا ئېلىپ بېرىپ، ئىچكىرىگە ئالتۇن ئاپىرىپ سېتىش-
قا نەق پۇل ھازىرلاش پىلانىنى باشلىدىم. بۇمۇ ئوسماننىڭ ماڭا ئۆگەتكەن ھىيلىسى
ئىدى. ئادىل ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنى ھەپتىلىك پۇلنى بانكىغا ئۆتكۈزەتتى. مەن بىر
جۈمە كۈنى ئۇنىڭغا تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلەپ زىياپەت بېرىشنى دېسەم، ئۇ قوشۇلدى.
كەچتە دوستلىرى بىلەن خېلى كۆپ ئىچىشتى. ئۇ مەست بولۇپ ئۇخلىغاندىن كېيىن مەن ئاچ-
قۇچنى سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان ئوسمانغا ئېلىپ بەردىم. ئوسمان ئىككى سائەتكە قالماي پۇل
ساندۇقىنى قۇرۇقداپ بولۇپ، ئاچقۇچنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بەردى. مەن ئادىلغا تۇي-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۇرماستىن ئاچقۇچنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئىش شەپىسىز تاماملاندى. بىراق ئوسمان پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئىككى ئايغىچە يوقاپ كەتتى. مەن ئۇنى ئىزدەپ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، بىراق تاپالمىدىم.

بۇ ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ناھايىتى تەستە ئۆتتى. مەن ئۆزۈمنى خەپلەت ئۇيقۇسىدا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېسابلايدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى مەن بۇ كۈنلەردە ئادىلنىڭ قانۇنلۇق ئايالى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بويۇمدا قاپتۇ. بۇ گەپلەرنى مەن سىزگە راست ئېيتمىسام بولمايدۇ. شۇڭا يوشۇرۇپ قالمىدىم، ئەمدى ئەھۋال تېخىمۇ تەبىئىي ھالدا مۇرەككەپلەشكىلى تۇردى. بۇ قورساقنى كۆتۈرۈپ ئوسمانىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا بولامدۇ؟ ئادىلمۇ پەرزەنتى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئەمدى ئوسمانىنىڭ ئارقىسىدىن كەتسەم، ئادىلغىمۇ، قورساقتىكى بالىغىمۇ ئۇۋال بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان مېنى ئازدۇرۇپ قاچىدۇ. مەن بۇ تۇرقۇم بىلەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بارالمايمەن. ئوسمان شۇ يوقىغانچە يەتمىش نەچچە كۈن بولغاندا پەيدا بولدى. ئۇ، كېلىپ ئەمدى ماڭمىسىز دېگەندە مەن مېڭىشقا ئۇنىمىدىم. ئالتۇننى قەيەرگە يوشۇرغانلىقىمنى سورىغاندا ئېيتىپ بەرمىدىم. ئۇ پىچاق كۆتۈردى، مۇشت تەڭلىدى، ھېچقاداق كېپىگە ئۇنىمىدىم. ئۇ مېنى گەپكە كىرگۈزەلمەي قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئالتۇننى يوشۇرالغىنىم بىلەن يۈزۈمدىكى كۆك ۋە ئىششىقلارنى يوشۇرالايتتىممۇ؟ مەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە شۇ كىتابخالتىسى ئادىلغا دۆڭگىدىم. بىراق ھالاكەت پاتقىقىغا پاتقىنىم پاتقان بولۇۋەردى.

مەن سىزدىن ئايرىلغان بۇ ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان نۇرغۇن رەزىل ئىشلارنى قىلدىم. بىراق، بۇ سىرلىق ئىشلارنى ئوسمان بىلەن ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئوسماننى مەن بۇرۇن سېخىي، ئاقكۆڭۈل ئادەم دەپ ھېسابلايتتىم. بۇ نۆۋەت مەن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆردۈم. ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق يىرتقۇچ قاۋان ئىكەن. ئۇ مېنى ھېلىقى كۈنى قاتتىق ئۇرغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بەلكىم ئۇ يەنە كېلىدۇ، كەلسە يەنە ئۇرۇشى، قىستىشى، ھەتتا ھاياتىمغا تەھدىت سېلىشى مۇمكىن. مەن پەقەت سىزگىلا ئىچكى سىرلىرىمنى ئېيتالايمەن. پەقەت سىزلا ماڭا مۇۋاپىق يول كۆرسىتەلەيسىز ۋە ياردەم بېرەلەيسىز. سىز مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالسىڭىز چوقۇم مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويماڭ. ماڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر نۆۋەت ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويۇڭ. ئەگەر بۇ نۆۋەت سىز مەن بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن يىرگەنسىڭىز، ئوسماننى تېپىپ ئالتۇننىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىڭ. ئەگەر سىز راستىنلا ئىچكىرىگە كەتكەن بولۇپ بۇ خەت قولىڭىزغا ۋاقتى ئۆتكەندە تېگىپ قالسا، مەن ئۈچۈن ئوسماندىن ئىنتىقام ئېلىڭ.

خەير ئاكا، سالامەت كۆرۈشۈشنى كۈتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ۋە ئوسمانىنىڭ ئادرېسىنى مۇشۇ خەتنىڭ ئارقىسىغا يېزىپ قويدۇم، شۇ بويىچە ئىزدەرسىز.

* *

ئېزىزۇپ خەتنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ تۈگەتتى. بۇ خەت ئۇنىڭ تۇماللىق كۆڭۈل ئاسمىنىدا چاقماقلار چاقتۇرۇپ، يامغۇر ياغدۇردى. كۈچلۈك بوران چىقىرىپ تۇمانلارنى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق غۇۋا، ھەتتا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرمۇ ئاپئاشكارا كۆرۈندى. بىر رازۋېتكا خادىمى ئۈچۈن بۇنداق خەت ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ خۇشال بولۇشى، ئۆزىنى بىرمۇنچە ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئېزىزۇپ خۇشال بولمىدى. ئۆزىنى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەكمۇ ھېس قىلمىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ «نەۋبەر» دېگەن ئىسىمنى كۆڭلىدە تەكرارلاپ بىرنەچچە مىنۇتقىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بېشىدىن سۆكنو كەپكىسىنى ئېلىۋىدى، خۇددى جىددىي ئەمگەك قىلغان ياكى يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئادەمدەك بېشىدىن ئىسسىق تەرنىڭ ھورى كۆتۈرۈلدى. ئۇ قايرىلىپ يېنىدا باشقا ماتېرىيالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ھۈسەنگە قارىدى. ئۇ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئۆزى ئەخمەت ھەققىدە توپلاپ رەتلىگەن ماتېرىياللارنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى ئۇ ماتېرىياللىرىڭىزنىڭ كېرىكى قالمىدى. مانا بۇنى كۆرۈڭ، سىز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئادىلنىمۇ خەۋەردار قىلىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئېزىزۇپ خەتنى ھۈسەنگە ئۇزىتىپ.

ھۈسەن ئېزىزۇپنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەنمىدى، شۇنداق بولسىمۇ خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ چىرايىدا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. خەتنى ئوقۇپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، يۈزى قىزاردى، بارا - بارا بەدەنلىرى شاپتۇل تۈكى چاقىقاندەك چىمىلداپ كەتتى.

ئەپسۇس، ھۈسەن نېمىدېگەن تەلەيسىز - ھە؟ بۇ خەت ئەمدى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كۆرە جەمجىتقىنا بېسىقىپ قالغان بولسا، ئادىلمۇ گۇمانلىق پېتى تۇرۇۋېرەتتى. ھۈسەنمۇ بۇنچىلىك ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالماس ئىدىغۇ؟ مانا ئەمدى ھۈسەنگە ئادىل، ئېزىزۇپ ۋە ئىدارىدىكى باشقىلار ئالدىدا چوڭ گەپ قىلىش ئەمەس، مۇشۇ خەتنى ئوقۇشمۇ ئازاب بولۇۋاتىدۇ، ئەمەسمۇ؟

ئېزىزۇپ ھۈسەننىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتمەيلا سوراقنى داۋاملاشتۇردى.

— سەن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇرۇمچىگە كەلگۈچە نەۋبەر ئۆلتۈرۈلۈپ بولغانمىكەن؟

— ھەئە، — دېدى ئەخمەت ھەسرىتىنى بېسىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — نامىزىغىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتىمەن. ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش يولىدا ئۆلۈشۈم ياكى تىرىك قېلىشىمغا كۆزۈم يەتمەي، ئەكبەرنى ئېلىپ بېرىپ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. ئاندىن كېلىپ ئوسماننى ئىزدەشكە كىرىشتىم.

— ھە توغرا، خەتتىمۇ بۇ ئىسىم بار. ئەكبەر دېگەن كىم؟

— ئۇ نەۋبەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ بالىسى. بىز يىگىرمە يىللىق ئاكا - سىڭىل، ئاللىتە يىللىق ئەر - خوتۇن.

— نېمە دېدىڭ؟ — ئېزىزۇپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قايتا سورىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەخمەتكە يېقىنراق كەلدى.

— راست، بىز ھەم ئاكا - سىڭىل، ھەم ئەر - خوتۇن، — دېدى ئەخمەت تاراملاپ چۈشۈۋاتقان كۆز يېشىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — بىز بىر ئۆيدە چوڭ بولغان بىلەن ئەسلى بىز ئادەمنىڭ بالىسى ئەمەس. ھەر ئىككىمىزنىڭ ئانىسى بىرنىڭ مەڭگۈ بىرگە ئۆتۈپ كېتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىشقان، شۇڭا بىز قانۇنلۇق نىكاھ رەسمىيىتى ئۆتەپ ئەر - خوتۇن بولۇشقان. تەپسىلىي بىلگۈڭىز كەلسە، ئەينى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشتىن باش تارتمايمەن.

ئەسلىدە ئەخمەتنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى قايتا تاتىلايدىغان بۇ قورقۇنچلۇق ھاياتنى ئەسلەشكە، باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشكە رايى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ نەۋبەر بىلەن ئاشۇ بالىلىق، ئۈسمۈرلۈك ھاياتىنى تىلەمچىلىكتە ئۆتكۈزگەن. ياشلىقىنى بولسا، دەسلىپىدە كىشىلەرگە يېلىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئاران دېگەندە مۇستەقىل ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. بۇ ھاياتنى ئەسلەش كېيىنكى ئاقىۋەتنى — نەۋبەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئېسىگە ئېلىش ئەخمەت ئۈچۈن مىسلىسىز ئەلەم ئىدى. بىراق، ئۇ بۈگۈن قانۇن ئالدىدا پاكىتلارنى ئېنىق ئىسپاتلىشى، سەۋەبلەرنى تولۇق سۆزلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭ ئالغۇنىڭ لىنتىسى ئالماشتۇرۇلۇپ سېلىنىدى. ئەخمەت سۆزىنى بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى بالىلىق چاغلىرىدا ئېسىدە قالغان ئىشلاردىن باشلىدى.

### ئاكا - سىڭىللىقتىن ئەر - خوتۇنلۇققىچە

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دادام سوقۇر ئۈچەي كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئىككى ئاكام سوۋېتتە بولغاچقا، دادامغا «شيۇجېڭجۇيىچى» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەنىدى. دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ قالپاق ئانامغا قالدى. بىچارە كېسەلچان ئانام ھەدېسىلا سازايى قىلىپ ئېغىر ئەمگەكلەرگە سالغانىنىڭ ئۈستىگە ئاخشاملىرى ئۇخلاتماي كۈرەش، پىپەن قىلىنىۋەرگەنلىكتىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ ۋە دۆينىڭ ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ شىللەمگە يۈكلەندى. گەرچە مەن تېخى ئەمگەك يېشىغا تولمىغان بولساممۇ، دۆينىڭ ئاشلىقىنى يېيىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەمگىكىگە چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدىم. ئۇ چاغدا نەۋبەر ئاران يەتتە ياشقا كىرگەن، ئەسلىدە ئۇ مەكتەپكە بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئۈچىسىدا مەكتەپكە كىيىپ بارغۇدەك كىيىمى بولمىغاچقا، ئۆيدە تۇراتتى. ئۇ كىچىك بولسىمۇ قولىدىن كېلىشىچە تاماق ئېتىپ بېرەتتى. بىر كۈنى مەن دۆيدىن ئۈچ كۈنلۈك نورما ئۈچۈن بەرگەن بەش جىڭ قوناق (ئىشلەپ

چىقىرىش دۇيىنىڭ ئاشلىقى يېتىشمىگەچكە دۆلەت سېتىپ بەرگەن ئاشلىق ئەزالارغا كۈنلۈك ۋە ھەپتىلىك قىلىپ پارچە تەقسىم قىلىناتتى) نى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرسەم، نەۋبەر ئانامنىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئانامنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىزلىرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆشنەمدىكى ياماق خالتىنى ئىشىك تۈۋىگە تاشلاپلا ئانامنىڭ يېنىغا باردىم. بىراق، مېنىڭمۇ يىغلاشتىن، ئانامنىڭ تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى سىلاشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. مەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئانامنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. نەۋبەر قايناق سۇ ئىچكۈزدى. ئانام ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ ئىككىمىزگە بىردەمگىچە قاراپ تۇردى. ئاندىن قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن قاخشىلىدەك بارماقلىرى بىلەن نەۋبەرنىڭ سىكىلەك چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، بوغۇق ئاۋازدا سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— بالام، تىلىم تۇتۇلماستا ئېيتىۋالاي. خۇدا مەلدىن ئامانىتىمنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر ئىككىڭلار «ئاكام، سىڭلىم» دېيىشىپ ئوبدان ئۆتۈۋاتىسىلەر، بۇنىسى ياخشى. بىراق مەن ئېيتمىسام، ئامانەتكە خىيانەت بولىدۇ. قىزىم يىغلىماي سۆزۈمگە قۇلاق سال. سەن ئەسلى بىر كادىرنىڭ قىزى. داداڭ خاتالىشىپ لوگەيگە كىرىپ كەتكەندە ئاناڭ سېنى مۇشۇ ئۆيدە تۇغقان. چوڭ داداڭ ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى سوۋېتكە چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاناڭغا قارايدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، مەن ئاناڭنىڭ ھالىدىن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە خەۋەر ئالدىم، بىراق بىزنىڭمۇ قولىمىز قىسقا بولغاچقا، ئاناڭ سېنى تۇغۇپ بىر ئايدىن كېيىن بېقىش تاپماي جان ئۈزدى. ئۇ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن مېنىڭ سېنى بېقىۋېلىشىمنى تەلەپ قىلدى ۋە باققانلىق ھەققىگە دادىسىدىن قالغان مۇشۇ ئۆي-زېمىننى مەڭگۈلۈك بېرىدىغانغا ۋەدە قىلدى. ھەتتا ئۆز قولى بىلەن تىلخەتمە يېزىپ بەردى. تىلخەت بويىنىڭدىكى تۇمارنىڭ ئىچىدە بار. ئاناڭنىڭ ئىسمى دىلبەرخان ئىدى، قىزىم. ئۇ سېنى دادىسى تۆت يىلدىن كېيىن كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئەگەر دادىسى ئېلىپ كەتكىلى كەلمىسە، مەڭگۈ سىلىنىڭ بالىلىرى بولسۇن. چوڭ بولغاندا ئەخمەتجان بىلەن بىرگە ئۆتسە تېخى ياخشى دېگەنىدى. داداڭ كەلمىدى، مېنىڭ ئۆمرىمۇ سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىشقا يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر داداڭنى تېپىپ قالساڭ، ئاكاڭ ئەخمەتجاننى تاشلىۋەتمىگىن، تاپالمىساڭ ئۆمرىڭلارنى بىرگە ئۆتكۈزۈڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىترىگەن لەۋلىرى ھەرىكەتتىن توختىدى. نەۋبەر ئۇ چاغدا ئانامنىڭ سۆزىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، بىرمۇ-بىر ئەستە قالدۇرۇۋالغان ئىكەن، كېيىنكى كۈنلەردە...

ئەخمەتنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ئېزىزۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇ نەۋبەرنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى تامامەن بىلىپ يەتكەنىدى، ئۇ شۇ تاپتا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسىدا ئەمەس، ئازاب ئوتى كۆركىرەپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئىچىدە پۇچۇلانماقتا. ئىسىت، ئۇ، ئۆمرىگە ئۆز پۇشتىدىن بولغان ھەمدە ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا، مېھرىگە مۇيەسسەر

www.uyghurkitap.com

بولالمىغان قىزى نەۋبەرنى بىر قېتىم كۆرگەن بولسا، ئۆز ئاغزى بىلەن قىزىم دەپ چاقىرىپ باغرىغا باسقان بولسا، ئۇنىڭ يۈرىكى توپىغا كۆمۈلگەن مىنادەك پارتلاپ كېتەرمىدى؟ ئۇ خۇشاللىق، ئۇ بەخت ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ خۇشاللىق ۋە بەختتىن مەھرۇم قالغان يۈرىكى پۇشايمان بازغانلىرى ئاستىدا مىجىلماقتا. توغرا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشۇنداق مىجىلىشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئېغىر بىپەرۋالىق قىلغان. ئۇ، تۇرمىدىن چىقىپ ئۆز بېشىغا كېلىدىغان ئاز ـ پاز خەتەردىن قورقۇپ تەلتۆكۈس سۈرۈشتە قىلىشتىن باش تارتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنە شۇ تەۋەررۇك قىزىنى دەپ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئېزىزۇپقا بولغان ۋاپادارلىقىنى ئۆز ۋاپاتى بىلەن ئىسپاتلىغان قەدىردان ئايالىنى قاغاپ يۈرگىنى نېمىسى؟ ئۇ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. بىراق ھېچ نەرسىنى ئويلىيالمىدى.

سوراقخانىدىكى ھۆسەن قاتارلىق خادىملار ئېزىزۇپنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. ئەخمەت داۋاملىق سۆزلەۋەردى.

ئۇ، ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەھەللىسىدىكى ياخشى كۆڭۈللۈك كىشىلەرنىڭ نەسىھەتى ۋە ياردىمى بىلەن ئۆي ـ زېمىننى تاشلاپ يات يۇرتلارغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىش، كىشىلەرگە كۈنلۈك ئىشلەشلەر بىلەن جان بېقىپ چوڭ بولغانلىقىنى، 78 ـ يىلى قەشقەرگە بېرىپ تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىلىق نەۋبەر بىلەن قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەپ توي قىلغانلىقىنى، زامان ئوڭشالغان يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھالال ئەمگىكى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرپاندا جاھاندارچىلىق قىلغانلىقىنى، تېخى ئەمدىلا يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلغاندا، نەۋبەر ئوسماننىڭ ئالدىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەيران بولغانلىقىنى تولۇق ئېيتتى. بىراق، بۇ سۆزلەرنىڭ بىرىمۇ ئېزىزۇپنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ تاتارغان ھالدا سىرتقا قاراپ قىمىرلىماي تۇراتتى.

ئۇ بارغانسېرى كۈچلۈك ئازاب ئوتى ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتاتتى، كۆيۈۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ۋاپادار ئايالى بىلەن تەلەيسىز قىزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلىدى. ئاڭلىدى ئەمەس، ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ئايالى ۋە دادىغا مۇھتاج بولغان قىزىنى ئۆلۈم يولىدىن قۇتۇلدۇرالمىغان ئەر ۋە دادىنىڭ تېنى كۆيۈشكە، ئۆرتىنىشكە تېگىشلىك بولماي نېمە؟ ئۇ، مۇشۇ نەۋبەر دېلوسى توغرىلىق ماتېرىيال قولىغا تەگكەندىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق بىر بەختتىن مەھرۇم قالغان قىزىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ باققانمۇ؟ تېخى ئايالى دىلبەردىن ئاغرىنىپ يۈرگىنىچۇ؟ بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ بىپەرۋا، ۋاپاسىز، ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان دۆت مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىدىغاندۇ، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. بىراق ئۆزىگە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىشخانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمىدى.

— قېنى سۆزلە، ئوسماننى قايسى ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈردۈڭ، جەرياننى تولۇق سۆزلە، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كۆكۈچ تۈتۈننى ئاسمانغا پۈركۈپ.

— مەن نەۋبەرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوسماننىڭ ئۆيىنى ۋە نەۋبەر تۇرۇۋاتقان ئادىلنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ دەرھال تاپالمىدىم. ئەتىسى نەۋبەرنىڭ خېتىدە ئېيتقانلىرىنى قانۇنغا ئىنكاس قىلىشنى ياكى ئۇنى داۋاملىق ئىزدەشنى قارار قىلالماي يۈرگىنىمدە، نەۋبەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە بۇ ئوسماننىڭ ئىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلدىم. يىگىرمە نەچچە يىللىق سىڭلىم، بەش - ئالتە يىللىق ئايالىم بولغان نەۋبەرنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ غەزىپىم تاشتى. مەن ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىشتىن باشقىنى ئويلىيالمىدىم. مەن ئوسماننىڭ ئۆيىنى كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ تاپتىم. بىراق ئۇ كۈنى ئوسمان ئۆيىدە يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى نەدىنلا بولسا، تېپىش نىيىتىدە ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن كەتمىدىم. ئاخىرى ئۇنى يەنە ئۆز ئۆيىدىن تاپتىم.

— كەل ئاداش، — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھودۇققان ھالدا. بىراق ئۇ ئانچە چاندۇرمىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلاردا ئاسانلىقچە چاندۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمايلا گۇلدۇرلەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردىم.

— ئاڭلىسام نەۋبەرنى سەن بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتتى دەيدۇ، شۇڭا كېلىشىمدى، — دېدىم مەن ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇ ماڭا شۇنداق بىر قاراپ خۇددى قول چىرىغى ئۇدۇللاپ يېقىلغاندەك كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

— ۋاي، يوق گەپنى قىلماڭلا ئاداش. مەن نەدە ئۇنى كۆرۈپتىمەن؟ — دېدى ئۇ كۈرۈشكىنىغا چاي قويۇپ، ئالدىن بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئالدى - دە، — خەقنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دەپ ئۈستەلگە قويدى.

مەن ئۇنىڭغا نەۋبەرنىڭ خېتىدىكى پاكىتلارنى ئېيتىپ سۆزۈمنى ئىسپاتلىساممۇ بولاتتى. بىراق ئۇنداق قىلىشنىڭ ئەمدى پايدىسى يوق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنى ئۈركىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي، قۇيغان ھاراقنى ئىچىپ تاقا - تۇقا گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم.

بوتۇلكا يېرىم بولغاندا، قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ دىمىم سىقىلغىلى تۇردى. بارا - بارا بەدىنىم قىچىشىپ بېشىم ئايلىنىشقا باشلىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىمنى بىلدىم. بىراق يەنىلا ئوسمانغا چاندۇرمىدىم. مەن ھېچنېمىگە قارىماي سىرتقا قېچىپ چىقىپ ئوسماننىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى پاش قىلىشنى ئويلىدىم، لېكىن كېچىككەنىدىم. چۈنكى ئۇ مېنى بۇ ئۆيدىن ئەمدى تىرىك چىقىرۋەتمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك، ئۇ نەۋبەرنى ئۆلتۈرگىنىنى ئاز دەپ مېنىمۇ ئۆلتۈرسۇنمۇ؟ ياق، مەن ئۆلمەسلىكىم كېرەك. ئۇنى پاش قىلىشىم كېرەك، ئۇنداق قىلمىسام، بۇ ۋەھشىي بۆرە قويلار ئارىسىدا داۋاملىق قىلىۋېرىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك.

— ھەي ئاداش، مەن مەست بولۇپ قالدىم، ئاشقازىنىم بەك ئاغرىپ كەتتى،

ئۆرە بولالماي قالدىم، خۇدا ھەققى مېنى يۆلەپ كارىۋاتقا ئاپىرىپ قويسالا. ئاشقازان كېسىلىم تۇتۇپ كەتتى، — دېدىم مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مۆكچەيگەن ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

— ھى - ھى - ھى، ئەھۋالىڭ شۇمىدى ئاداش، — ئۇ دەلدەڭشىپ كېلىپ مېنى يۆلىدى. مېنى بەرىبىر ئۆلىدىغۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، بۆلەكچىلا خۇشال ۋە مەغرۇر ئىدى. مەن ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىكى قوش بىسلىق پىچىقىمنى ئۇنىڭغا سەزدۈرمەي سۇغۇردۇم - دە، پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە «كاچ» قىلىپ سانجىدىم. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئۆرۈۋېتىپ ئۆزىمۇ دۈم چۈشتى، مەن ئۇنىڭ تۆپىسىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە كانىيىغا بىرنەچچە قېتىم پىچاق سانجىدىم. ئاندىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ سىرتقا ماڭدىم. قانداق قىلىپ سىرتقا چىققانلىقىمنى بىلمەيمەن، ھوشۇمغا كەلسەم دوختۇرخانىدا ئىكەنمەن. مەن نەۋبەرنىڭ سىرلىق ئۆلۈمىنى پاش قىلالىغانلىقىمدىن رازىمەن. ئەمدى قانۇن قانداق جازا بەرسە، يۇۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

ئەخمەتنىڭ ئىقرارى ئاخىرلاشتى. ھازىرچە بۇ دېلوغا ھۆكۈم چىقىرىلمىدى. بەلكىم يەنە نۇرغۇن تەھلىل ۋە تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈشى مۇمكىن. بىراق ئېزىزۇپ ئۆزىگە بېرىلىدىغان ۋىجدان جازاسى ھەققىدىكى ھۆكۈمنى قارار قىلىپ بولدى.

## خاتىمە

ئېگىز چوققىلاردىن تارتىپ تاغ باغرىدىكى بىنالار، ئۆيلەر، كوچىلار ھەتتا دەرەخلەرنىڭ باشلىرىمۇ قېلىن قارغا ئورالغان، كوچىدا كېتىۋاتقان چوڭ - كىچىك ماشىنا، ۋېلىسىپىت ۋە پىيادە كىشىلەرمۇ تېيىلىپ، كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ئاستا ماڭماقتا. ئېزىزۇپ ئىدارىنىڭ جىپ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ نەۋبەرنىڭ قەبرىسىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى، ھاۋا سوغۇق بولغىنى بىلەن بۆلەكچىلا ئوچۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ قارا كۆزەينىكىنى تاقىۋالغان. ئۇ نەۋرىسى ئەكبەرنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ شاۋقۇنلۇق تىنىمسىز كوچىغا نەزەر سالدى. بۇ كوچىلار خۇددى مۇشۇ كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدەك تىنىمسىز. ھەممە ئادەم ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىدۇ. بۇ تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى، ھاياتنىڭ ئېھتىياجى، بۇ كوچىدا كىشىلەر ماشىنا بىلەن ماڭامدۇ، ۋېلىسىپىت بىلەن ماڭامدۇ ياكى پىيادە ماڭامدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ شارائىتىغا باغلىق. بىراق، قانداقلا بولمىسۇن ھەممە ئادەم كۆزلىگەن نىشانىغا بارىدۇ، كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرىنى قىلىدۇ. تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك كىشىلەرنىڭ خىيالىنىمۇ چەك قويغىلى بولمايدۇ. بىز بۇ يەردە مۇنۇ كوچىدىكى مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ بولالمايمىز ھەمدە ئۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. كىتابخانلىرىمىزغا پەقەت ئېزىزۇپنىڭ يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىش-

لارنى قىلماقچى بولغانلىقىنى قىسقا قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئېزىزۇپ ھېلىقى كۈنى ئەخمەتنىڭ بىر قاتار بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەۋبەرىنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلدى. بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا ئۇنىڭغا يەنە نېمە ئامال بار دەيسىز. ئۇ كۆپ ئازابلاندى، ئۆزىنى كۆپ ئەيىبلىدى. ئاندىن ئالدى بىلەن ئادىلنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسماننىڭ ئۆيىدىكى ئالتۇننى تېپىپ كەلدى. ئون زىخچە ئالتۇن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە كەلتۈرۈلدى. ئېزىزۇپ بۇ بىرنەچچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئالتۇننى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە ئامانەتكە قويۇش ئۈچۈن بانكىغا ئاپىرىۋىدى، ئۇنىڭ ئالتۇن ئەمەس، بەلكى ئالتۇن يالىتىلغان مىس ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش-ھە؟ مانا، بۇ بىرنەچچە سوم قىممىتىگە ئىگە نەرسىنى دەپ نەۋبەر، ئوسمانلارغا ئوخشاش يەنە قانچە ئادەمنىڭ ئۆلگىنى ھازىرچە نامەلۇم. بۇ ئىشلارنى ئېنىقلاشقا يەنىلا ھۆسەن مەسئۇل بولماقچى، ئوسماننىڭ ھېلىقى ھەمراھى ۋە باشقا شېرىكلىرىنى تۇتۇشقىمۇ مەخسۇس خادىملار بەلگىلەندى. ئېزىزۇپ ئەخمەتكە ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە ئەخمەتنىڭ رازىلىقى بىلەن نەۋرىسى ئەكبەرنى ئەپكەلدۇرۇپ ئۆزى تەربىيىلىمەكچى بولدى.

مانا، ئۇ شەھەر سىرتىدىكى زاراتگاھلىققا كەلدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئەكبەر، يېنىدا شوپۇر، ئۇلار نەۋبەرنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئاۋۇ يەردە بىرسى قەبرە ئۈستىدىكى قارنى سۈپۈرۈۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئۇ يېڭىلىقى قەبرە بولسا كېرەك. مەن بېرىپ نەۋبەرنىڭ قەبرىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سوراپ باقايمۇ؟ — دېدى شوپۇر ئېزىزۇپقا.

— مەن ئانامنىڭ قەۋىسىنى بىلىمەن، — دېدى ئەكبەر، — ئۇ يەردە قاي يوق.

— كەپتۇق، ئۇ ئادىلغۇ، — دېدى ئېزىزۇپ قار سۈپۈرۈۋاتقان ئادىلنى كۆرسىتىپ، — توغرا ئېيتىپسەن ئەكبەر. ئەمدى ئاناڭنىڭ قەبرىسىنى مەن ۋە سەنلا ھايات بولساق، قار ئاستىدا قويمايمىز.

ئۇ ئورنىدا توختاپ نەۋبەرنىڭ روھى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا قول كۆتۈردى. ئۇ ئايەت بىلمەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەر-ھەر ئايەتلەرگە تېگىشكۈسىز يۈرەك سۆزلىرى بار. ئۇنى نەۋبەرنىڭ روھىغا ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ. ئەمدى ئېزىزۇپقا ئۇنىڭدىن باشقا ئامال قالمىغانىدى.

ئادىل بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزى تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەرنى تونۇدى. ئۇ دەرھال سۈپۈرگىنى قويۇپ، ئېزىزۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۈن-تىنسىز قول سىقىشىپ كۆرۈشتى، ئۇلار ئۇزاقتىن-ئۇزاق قول سىقىشتى. سۆز قىلىشمىغىنى بىلەن كۆڭۈل كۆزلىرى گەپلەشمەكتە. بىر-بىرىنى چۈشىنىشمەكتە. ئەپۇ سورىشىپ، رەھمەت ئېيتىشماقتا ئىدى.

مەجىت ئەلىپ

# يانتاق چېچىكى

(ھېكايە)

مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ كۆزۈمگە تۇنجى چېلىققان نەرسە «يارئۆستەڭ باشلانغۇچ مەكتىپى» دېگەن چوڭ خەت يېزىلغان تاختاي بولدى. بۇرۇن مەن بۇ نامنى كۆپ ئاڭلىغان. ئەمما بۇ جاي ناھىيىدىن بەك يىراقتا بولغاچقا، بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغانىدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلىرىمىزدا، ئوقۇتقۇچىمىزنى ئازراق خاپا قىلىپ قويساق، ئۇ بىزگە: «بىزنىڭ ناھىيىمىزدە يار ئۆستەڭ دېگەن بىر جاي بار. ئۇ يەردىكى بالىلارنىڭ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش يېڭى ئۈستەل، ئورۇندۇق، يېڭى بىنا ۋە ئوينايدىغان توپلىرىمۇ يوق. ئەگەر سىلەر ئاشۇ يەردە بولغان بولساڭلار قانداق قىلاتتىڭلار؟» دەپ كايىپ كېتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دەل مۇشۇ مەكتەپكە كېلىپ قېلىشىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. مەكتەپ كەنتنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، ئۇ يەردىن بىر چاقىرىم ماڭسىلا ئەگرى-بۈگرى ئاقىدىغان بىر يارلىق ئۆستەڭگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆستەڭ كۈن پېتىش تەرەپتىكى قۇمۇشلۇق بىلەن كەنتنىڭ پاسىلى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئادەتتە بۇ ئۆستەڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ قارىغاندا، كىشى ئىككى تەرەپتىكى ئېگىزلىكنى تاغ-جىراغا ئوخشىتىدۇ. مەن بۇ جاينىڭ «يار ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى كېيىنچە چۈشەندىم.

مەن بوش ۋاقتىم بولسىلا مۇشۇ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ خىيال سۈرۈشنى ئادەت قىلىۋالدىم. شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، تۇساتتىن مۇشۇنداق خىلۋەت جايغا كېلىپ قالغان كىشى خىيالچان بولۇپ قالسا كېرەك. ئادەتتە بۇ ئۆستەڭ بويىغا ئاندا-ساندا ئەپكەش كۆتۈرۈپ سۇغا كېلىدىغانلاردىن باشقا ئانچە ئادەم كەلمەيدۇ. سۇغا كېلىدىغانلار ئىچىدە ناخشا

ئېيتىپ، شوخلۇق قىلىدىغانلارمۇ يوق. ماڭا
ئوخشاش خىيالپەرەسلەرگە تازا ئەپلىك.
مەن ئۆستەڭ بويىغا تۇنجى كەلگە-
نىمدە، بىر ئاز قورقۇنچلۇق ھېس قىلغان-
دىم. ئاندا - ساندا قومۇش تۈۋىدىن پىل-
دىرلاپ چىقىپ ئاياغ ئاستىمدا يۈگۈرۈپ
ئۆتۈپ كېتىدىغان پاتمىچۇق، سالمىلار پې-
شالەمدىن تەر چىقىرىۋېتەتتى. ئەمما كې-
يىنچە بۇ ئىشلار ماڭا ئويۇندەك تۇيۇلىدى-
غان بولدى. «شەيتانىلار» دەپ كۆلۈپىلا
قويىدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ يەر-
دە دىققىتىمنى ئالاھىدە جەلىپ قىلغۇدەك
ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، خاتىرجەم ھالدا
شېئىر يادلايتتىم. ھەر كۈنلۈكى ئون
نەچچە بالىغا دەرس سۆزلەش، ئاندىن كې-
يىن دەرس تەييارلاش، كۈن پېشىن
بولغاندا يەنە شۇ ئۆستەڭ بويىغا چىقىشتەك
كۈندىلىك مەشغۇلاتىم بىر خىل رىتىمدا
ئۆتۈۋاتاتتى. بىراق، ئۆتكەن بىر كۈن،
ھەراست، ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ ئازراق
يامغۇر ياغقان ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن
مېنىڭ يارلىق ئۆستەڭ بويىدا ئۆتكەن
تىنچقىنا ھالىتىمدە خۇددى تىمىتاس
كۆلچەككە چوڭ بىر تاش تاشلانغاندەك
داۋالغۇش پەيدا بولدى.
مەن ئۇنى ئىلگىرى پەقەت كۆرۈپ
باقمىغانىدىم. شۇكۈنى پەرىشتىدەك بۇ
گۈزەل دىلرەبانى يارلىق ئىچىدىكى ئې-
رىق لېۋىدە قانداقتۇر بىر نەرسىگە قادى-
لىپ قاراپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆردۈم. ئۇ،
ئاق تاۋاردىن ھوشۇقىغا كەلگۈدەك ئۇزۇن
كۆڭلەك كىيىۋالغان، بېشىغىمۇ ئاق ياغ-
لىق ئارتىۋالغانىدى. مەن ئۇنى بۇ
سىياقتا كۆرۈپ، ھازىدار قىزچاق ئوخ-
شايدۇ، دەپ ئويلىدىم - دە، ئۇنى چۆچۈ-
تۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى دالدىغا
ئېلىپ، ئاستا ئارقامغا ياندىم.
شۇ كۈنى كېچىسى پەقەت ئۇخلىيال-
مىدىم. ئېسى - يادىمدىن ئاشۇ قىزنىڭ
سىيماسى كەتمەيتتى. بۇ مەندىكى مۇ-
ھەببەت تۇيغۇسىمۇ ياكى ئۇ قىزدىكى
باشقىچە كەيپىياتقا بولغان قىزىقىشىمۇ،
بۇنى زادىلا ئايرىيالمايتتىم. بەزىدە ئادەم
بىر كۆرگەن كىشىنى كېيىن قايتا ئەسلەپ
قالسا، ياكى چۈشىدە كۆرۈپ قالسا ئۇنىڭغا
كۆڭلى چۈشۈپ قالىدىغان، ھەتتا چىن
كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان ئىشلار
بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانمەن. ئەمما مەن
ئۆزۈمنى بۇنداق ساددا ھېسسىياتنىڭ
ئەسىرى بولىدىغانلاردىن دەپ ھېسابلىماي-
مەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ قىزنى ياخشى
كۆرۈپ قالدىممىكىن دېيىشكە ھېچقانداق
ئاساسىم يوق. ئېھتىمال ئۇقىزدىكى سىرلىق
قىياپەت ۋە سۈكۈناتلىق كەيپىيات مېنى
ئاشۇنداق خىياللارغا سالغان بولسا كېرەك
چۈنكى ئەمدىلا 16 - 17 ياشقا كىرگەن
چىرايلىق بىر قىزنىڭ ياشانغان قېرى
ئاياللاردەك كىيىنىشى مېنى ئەجەبلەندۈرۈپ
قويدى. ئارىلىقتا ئىككى كۈنگىچە ئۆستەڭ
بويىغا بارالمىدىم. بۈگۈن ئاشۇ كۈنى قىز
ئولتۇرغان جايغا بېرىشنى، ئۇ شۇنچە
سىنچىلاپ قارىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەن-
لىكىنى كۆرۈشنى ئالاھىدە كۆڭلۈمگە پۈك-
تۈم. بىراق مېنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت
ئىزدەپ ئېرىشكىنىم ئۇ قىزنىڭ يالاڭ
پۇتلىرى بىلەن قالدۇرغان ئۆچۈپ كېتەي
دەپ قالغان ئىزى بولدى. ئۇنىڭ ئېرىق
بويىدىكى چىمەنلەرنى يانجىپ قالدۇرغان
بۇ ئىزى شۇ كۈنى لېپمۇ - لېپ سۇ ئۇ-
سۇلغان چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ماڭغان چې-

غىدىكى لاتاپەتلىك ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. ئۇ سىنچىلاپ قارىغان ئېرىق بويىدا قويۇق ئۆسكەن شىۋاق، پۆپۈك چىقىرىش ئالدىدا تۇرغان قومۇش ۋە ئاندا-ساندا ئۆسكەن يانتاقلار مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. مەن قىزنىڭ ئۆتكەنكى ھالىتىگە ئوخشاش زوكزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشكە باشلىدىم.

تۇيۇقسىز ئارقا تەرىپىمدىن ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشىدىن بىر ئاز ھودۇقۇپ ئارقامغا قارىدىم. دەل شۇ قىز يېنىمدىلا چۆكۈن كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى ھېلىمۇ سولغۇن ھالەتتە ئىدى. پەقەت قېشىغا يېقىنلا ئۇسما قويغاندەك تۇراتتى. «ھازىرمۇ ئەمەسكەن» دەپ ئويلىدىمەن. بىراق، ئاغزىمغا ھېچقانداق گەپ كەلمەي ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا قالدىم. بۇنىڭدىن ئۇ ئۇيالغان بولسا كېرەك، دەررۇ ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى ياپتى. مەن شۇندىلا ئېسىمگە كېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە:

— سۇغا كەلگەن ئوخشىماملا؟ — دېدىم.

— ھەئە، — قىز ئەتراپىغا ئەندىكىپ بىر قارىۋالدى، — نېمىگە قاراپ ئولتۇرغانتىڭلا؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

— مۇشۇ... يانتاق، قومۇشلارغا... ھە راست، سىلىمۇ ئۆتكەن كۈنى قاراپ تۇراتتىڭلىغۇ؟

قىز بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى، كېيىن يەنە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇۋالدى.

— راست قارىغان، ئاۋۇ يانتاق چېچىكىگە قارىغانىدىم.

مەن شۇ ھامان قىز قولى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسەتكەن يەرگە قارىدىم. دېگەندەك ئېگىز ئۆسكەن تۆت-بەش تۈپ قومۇش ئارىسىدا ئىككى تۈپ يانتاق ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدە بىر نەچچە تال ھالرەڭ چېچەك ئېچىلغانتى. ئۇ شۇنچىلىك نازۇك ئىدىكى، ئازراق شامال تەگسىلا دەرھال باشقا غوللاردىكى تىكەنلەرگە ئۇرۇلۇپ توزۇپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

— ھى... — مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدىم، — توغرا... چىرايلىق گۈلكەن.

— مەن... — قىز بىر ئۇلۇق-كىچىك نەپەس ئالدى. ئاندىن يانتاق چېچىكىگە قاراپ خىيال سۈرگەن ھالدا سۆزلىدى، — مەنمۇ خۇددى شۇ يانتاق چېچىكىگە ئوخشاش ئاجىز...

مەن قىزنىڭ بۇنداق دېيىشىنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم. قارىغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدە بىرەر جاراھەت باردەك قىلاتتى. مەن قانداقلا بولسۇن ئۇنىڭغا ئازراق تەسەللى بېرەي دەپ ئويلىدىم.

— سىلىنى قانداقمۇ ئاجىز دېگىلى بولسۇن، سىلى شۇنداق...

— بولدى، گەپ قىلمىسىلا، سەۋەبىنى دېسەم گۇناھ بولىدۇ. — ئۇ بىردىنلا بارلىق دەرد-ئەلىمىنى يۇتۇۋەتكەندەك زورىغا كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن قايتا سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سىلى ئۈرۈمچىنى كۆرگەنمۇ؟

— ھەئە، ئاشۇ يەردە ئوقۇغانمەن.

— ئۇ يەردە مەندەك 17 ياشقا كىرگەن قىزلارمۇ ئوقۇيمىش، راستمۇ؟

— راست بولماي، ناھايىتى كۆپ دېسىلە!

— ھە... راستكەندە... مەن ئوقۇيالمىغان، — قىز مەيۈسلىنىپ يەرگە

قارىدى.

— نېمىشقا ئوقۇمىغان؟

— ئاتا - ئانام ئوقۇتمىغان. 15 ياشقا كىرگىنىمدە ساۋابلىق ئۈچۈن بېرىۋەتكەن.

— بېرىۋەتكەن، كىمگە؟

— ئاخۇنۇمغا...

— ...

شۇ كۈنى كېچىسمۇ زادى ئۇخلىيالمىدىم، قىزنىڭ ھارغىن، بىچارە قىياپىتى ھەردائىم خىيالچان قارايدىغان، ئۆزىگە ئوخشاتقان كىچىككىنە يانتاق چېچىكى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. بىچارە قىز، يۈرىكى سەگەك ئىكەنغۇ، ئۆزىنى ئاشۇ چېچەككە ئوخشىتىپتۇ...

بۈگۈن تاڭ ئاتارغا يېقىن چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ھېلىقى يانتاقلار بوران ئىچىدە قالغانمىش. ئۇ توختىماستىن ئىككى يانغا قايرىلىپ ئەتراپىدىكى تىكەنلەرگە ئۇرۇلارمىش ۋە بىر - بىرلەپ توزۇپ كېتەرمىش... چۆچۈپ ئويغانسام، تەرلەپ كېتىپتىمەن، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقاتتى. شۇ كۈنى كۈن غەربكە قايرىلغاندا، يەنە ئۆستەڭ بويىغا باردىم. خىيالىمدىن ئاشۇ يانتاق چېچىكى كەتمەيتتى، ئۇنىڭ چۈشۈمدە كۆرگىنىمدەك بولۇپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتىم. بىراق مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تۇنجى كۆرگىنىم يانتاق چېچىكى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قىز بولدى. ئۇ ئاشۇ يانتاق يېنىدا چۆگۈنىگە سۇ ئۇسۇپ بولۇپ، گويا مېنى ساقلاۋاتقاندەك تۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئىللىقىنا كۈلۈمسىرىدى.

— ساقلاپ تۇرغانىدىم. بىر تەرەتكە سۇ ئىسسىدىغان ۋاق بولدى، — دېدى ئۇ نېمىدۇر ئويلىغاندەك قىلىپ يەرگە قاراپ، — بىر گېپىم بار ئىدى سىلىگە. مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، بۇ يىل بىر ياشقا كىردى. چوڭ بولغاندا ئوقۇتۇپ بېرەملا؟

بۇ سۆزدىن يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. «ئۆزىڭىز تېخى بالا تۇرۇپ، بالام دېگىنىڭىز نېمىسى» دەپ ئويلايتتىم.

— ھەي! ئاسىي خاتۇن!!! يۈزىڭنى ياپ شەرمەندە! ئۆيگىمۇ بارارمىز - ھە تېخى! ۋۇ ئىمانى بۇزۇق!!

بۇ تۇيۇقسىز ئاۋازدىن ئىككىمىز تەڭلا ئۆستەڭ لېۋىدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە قاراشتۇق. يوغان سەللە ئورىغان، ئاق يەكتەك كىيىۋالغان 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ھاسىسىنى بىزگە چەللەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىدىن ئەيمەنگەن قىز چۆگۈنىنى ئالمان - تالمان كۆتۈرۈپ، ئېگىزگە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. شامال بىر ئاز ئۇلغايغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاق ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى توختىماي يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ ئېگىز قىيىشىغا چىققاندا قالدۇرغان يالىڭاياغ ئىزلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. ھېلىقى يانتاق گۈللىرى توختىماي ئىككى تەرەپكە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى...

مەن ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆستەڭ بويىغا يەنە كەلدىم. قىز كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال، كېچە بوران خېلى ئەدىگەن بولسا كېرەك. ئۇلۇشكۈنكى ئىز ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان. ھېلىقى يانتاق چېچىكىمۇ توزۇپ كېتىپ بولغانىدى. ئاھ، ئاجىز يانتاق چېچىكى...

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى)

گۇلباھار مەتتىمىن

# ئۈچ شېئىر

## قۇياش

ئۈيقۇ بېسىپ ھارغىن قۇياشنى،
مەسخۇش كۆزى يۇمۇلدى ئاستا.
ئەللەيلىدى سۆيۈپ قۇچاقلاپ،
ئېلىپ ئۇنى تاغلار قوينىغا.

تېچ ياتسۇن دەپ گۈگۈم پەردىسى
پەردە يېپىپ قويدى ئاۋايلاپ.
دېمىقمىسۇن دېدىمۇ شامال
يەلپۈمەكتە ئاستا غۇرۇلداپ.

ھەمراھ بولۇپ چىقتى ساماغا
يۇلتۇزلارنى باشلاپ تولۇن ئاي.
كەتمىسۇن دەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ،
كۆز تىكىشەر ئۈن - تىنن چىقارماي.

قەدىرلەيدۇ نىچۈن ھەممىسى؟
جاۋاب ئىزلەپ تۇردۇم بىر ھازا.
خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك
كەلدى بىردىن غايىپتىن سادا:

«كائىناتنى يورۇتسا قۇياش
ئەل ئىشقىدا كۆيۈپ - ئۆرتىنىپ،
نىچۈن ئۇنى ئەزىزلىمىسۇن
بارلىقىنى ئاتاپ كۆيۈنۈپ.»

## يەر ۋە ئاسمان

گىرەلەشتى يەر بىلەن ئاسمان
بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئۇزاق.
دىلى چاڭقاق، يۈزلىرى سولغۇن،
يۈرىكىنى ئۆرتىگەچ پىراق.

قويدى ئۇلار بولۇت جامىغا
زۇمرەت كەبى ۋىسال شارابى.
تاغ - دالانى سالدى لەرزىگە
جامدىن چىققان شادلىق ساداسى.

ھىجران جېڭى كەتتى يۇيۇلۇپ
ۋىسال شارابى ئىچكەندە ئۇلار.
بولدى غايىپ ھەسرەت تۇمانى،
قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلگەندە ئۇلار.

يەرمۇ سۈزۈك، ئاسمانمۇ سۈزۈك،
بىر - بىرىگە كۈلۈپ باقىدۇ.
يايدەك بولۇپ سۆيگۈ رىشتىسى
كەڭ سامادا نۇرلار چاچىدۇ.

## قارچۇغا

بۇۋىسىنى نوقۇپ نەۋرىسى
دېدى: «قارا ئاۋۇ ئۇۋچىغا.
قارچۇغىنىڭ نىچۈن كۆزىنى
تېڭىپ ئېلىپ بارار قولىدا؟»

«نادان بالا، — دېدى بوۋىسى، —
شۇنىڭغىمۇ يەتمەمدۇ ئەقلىڭ.
ئەگەر كۆزىنى تېڭىپ قويمىسا،
قوش تۇرامدۇ قولىدا خەقنىڭ.»

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

# سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

## ئۆمەر مۇھەممەدى

(1931 — 1906)

سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ئۆمەر مۇھەممەدى 1906 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى قازاق رايونىغا قاراشلىق يېڭىشەھەر يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۆمەر مۇھەممەدى سوۋېت دەۋرىدە يېتىلىپ چىققان دەسلەپكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئىدى. كەلگۈسى ئەدىب 1927 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ ئىجادىي ھاياتى تولىمۇ قىسقا بولدى. لېكىن ئۇ، شۇ تالانتلىق ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى سوۋېت ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئاساسىنى سالسا، شېئىرلىرى سوۋېت ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنى يېڭى خۇسۇسىيەتلەر بىلەن، يېڭى ئوبراز، مەنەلەر بىلەن بېيىتتى. سوۋېت دەۋرىدىكى بەختلىك ھايات، سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرى ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ باش ماۋزۇسى، ئاساسىي يۆنىلىشى بولدى.

ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «باتۇر يىللار»، «شېئىرلار»، «تاللانما ئەسەرلەر» ۋە باشقا كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

### ئېسىمدە

ئېسىمدە، دۇنياغا پاتماي،
خۇشال بولۇپ ئوينىغانلىرىم، كۈلگەنلىرىم...
ئېسىمدە، ئوغاق تۇتۇپ،
بۇغدايلىقتا يەڭ تۈرۈپ سويلىغانلىرىم...

ئېسىمدە، ئايدىڭلاردا
ۋارقىراپ - ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ،
زوقلىنىپ سازىم چالغانلىرىم...
ئېسىمدە، تاڭ نۇرلىرى يېيىلغاندا،

www.uyghurkitap.com



پۈتۈمدا چورۇق، بېشىمدا مالخاي،
ئالدىراپ - سالدىراپ باغلىق ئالغانلىرىم.
ئەمدى يوق ئۇ كۈنلەر،
قانچە دەردلىنىپ، قولۇمغا سازىم ئېلىپ،
تارى كۈمۈش سازىمنىڭ ئىنچىكە تىللىرىغا
زوقلىنىپ تېيماق چەكسەممۇ،
يالغۇز چالغاچقىمىكىن،
سازىم چىرايلىق چېلىنمايدۇ...
قانچە زوقلىنىپ، مۇڭلىنىپ،
بۈگۈن ناخشىغا ئولتۇرساممۇ،
يالغۇز ئېيتقاچقىمىكىن،
ناخشاممۇ چىرايلىق ئېيتىلمايدۇ.
ئۆملىشىپ - ئارتىللىشىپ، ئوغاق ئېلىپ،
كۆڭۈللىشىپ ناخشىلار ئېيتقۇم كېلىدۇ بۈگۈن.

يالغۇز چالغان سازىم چىرايلىق ئەمەس،
ئۆملىشىپ - ئارتىللىشىپ، خامان تېپىپ،
كۆڭۈللىشىپ سازلار چالغۇم كېلىدۇ بۈگۈن.

1928 - يىل

## گاڭ ناخشىلىرى

ئاۋازىممۇ هازىر مېنىڭ گاڭدىن،
بىزنىڭ ئىش قازىنىمىزدا
گاڭلار قاينىغاچقا.
كېيگەن كۆڭلەكىمىزمۇ چۆيۈندىن،
ئېرگەن چۆيۈن تولغان
كۆللەردە تىنماي ئوينىغاچقا.
قاراڭلار، ئەنە!
چۆيۈن كۆلنىڭ شارقىراتمىلىرىغا!
تراكتور ئۆمىلەپ چۈشمەكتە...
ئۇسسىغاندا بېنزىن ئىچىپ،
مىڭلاپ ئېتىزلارغا كۆچمەكتە.

هازىر بىزنىڭ كۆڭۈل بەگباش،
شوقلۇق بىلەن تۈزەيمىز
يېڭى دۇنيانى.
خۇشاللىقنىڭ قايمىقى بولۇپ،
ئىش ئۈنچىلىرىم ئۆسمەكتە،
چىرايلىق يېرىدە ئۆسكەچكە دۇنيانىڭ.

قاراڭلار!
زاۋۇتتا تۇرماق،
ئېتىزدىمۇ بېنزىن پۇرايدۇ.
كىممۇ «سەت» دەر بىزنىڭ يەرلى،
ئېلىمىز گاڭ ناخشىلىرى بىلەن چاڭىلدايدۇ.
شۇڭلاشقا مىللىيوننى كۈتىمىز،
هەر بىر تامچە ئاققان تەردىن.
تولغمۇەتسەڭ، توختەك، ماشىناڭنى
گۈركىرەتسۇن، ناخشىسىنى چاڭىلداتسۇن،
دولقۇنلىنىپ كەڭ ئېتىزدا،
چېچەكلەردىكى
ياز تامچىلىرىنى تىترەتسۇن.

1930 - يىل

## ئۆمەر ئۆلدى

ئاچچىقىمۇ قىلمايمەن ساڭا، نايىتى،
ئاچچىق قىلدىم ئۆزەمگىلا...
چۈنكى ساقىلىم غېرىچ كەلدى،
ساراڭلىقىم بار مېنىڭ تېخىلا.
شائىرلىق قىلدىم دەپ ناخشامدا
مۇھەببەتمۇ ساتقانىكەنمەن...
ساراڭ كۆڭلۈمنى دەپ،
كوچىدا يۈرگەن بىرىگە
چالىمىمۇ ئاتقانىكەنمەن...
ئەمدى بىلىدىم
(تووۋا، تووۋا!)
ئارتۇق ساراڭلىق قىلماسمەن ئەمدى


چۈنكى،
ساراڭلىق بىلەن ئۆتتى
زىلۋا ياشلىقىمنىڭ
تەڭدىن تولىسى — تەڭدىن.

سەنمۇ بەلكى ھەر يازدا
«ئۆمەر كېلەر» دەپ،
سېغىنىپ،
تاڭ بىلەن كۈتىدىغانسەندۇ؟...
كىم بىلىدۇ، بەلكى
بىز ئويىنىغان بۇلاق تۈۋىدىن
ھەر تاڭدا بىر ئۆتىدىغانسەندۇ؟...
كۈتمە، جېنىم!
زىلۋا ياشلىق بىلەن ساراڭلانغان
ساراڭ ئۆمەر ئۆلدى ئەمدى...
ئۇزاقتىن ئەمدى
مېنىڭ بەگباش ئويلىرىمنى
تاڭدا چېلىنغان گۈدۈك يەڭدى...
ساراڭ ئۆمەرنىڭ ئورنىغا
گاڭ مەيدىلىك
يېڭى ئۆمەر بولۇپ تۇغۇلدۇم.
قىزىل كۆكۈللۈك يىگىت چىنقتى
توشقان قوغلاپ ئۆسكەن ئوغۇلدىن!

نېمىشقا باراي مەن ئالدىڭغا،
ئەسىرىم بىلەن بىللە
ئىشتىن بۇلۇت ياساۋاتسام،
ئۇلۇغ ئېلىمىنىڭ
ئۇلۇغ چېلىشىدا،
چېلىش بىلەن خۇشال ياشاۋاتسام.
ئەگەر يىللار كۆمەلىسە،
مەيلى، مېنى كۆمسۇن،
لېكىن مەن كۆمۈلمەسمەن.
گاڭدىن ياسىغان ئىشىمنى تاشلاپ
ئەمدى چىڭىپ،
كۆڭلۈڭدىمۇ ئارتۇق چۆمۈلمەسمەن.
مەيلى،
ئەگەر چېلىشقا، يولداشلىققا كەلسەڭ،
ياستۇقىڭنى ئالغاچ كېلەرسەن،
ئۆزۈڭ ئىشلەپ،
كۆڭلەك كىيەرسەن.
تويىڭ چىقىمىنىمۇ تارتمايمەن،
يېرىمى سەندىن، يېرىمى مەندىن بولار.
توي ياساپ،
تالاي يىگىتلەرنىڭمۇ چېچى ئاقاردى،
ئېقىپ تۈگىدى لاي سۇلار.
مېنى كەچۈرگىن، جېنىم،
بىزنىڭ ئەسىر — ئىش ئەسىرى.
شۇڭلاشقا ئېيتتىم بۇ سۆزنى...
ساراڭلارمۇ يوق ئەمەس،
ئۆلۈكىنى ئارتىپ،
سۆرىمە قويۇپ،
پاسكىنا قىلىدۇ يۈزىنى...

شۇڭلاشقا
ئىشلىسەڭ كەلگىن،
بولمىسا،
ساراڭ ئۆمەر ئۆلدى ئەمدى.
گاڭ ناخشىسىنى بۇزۇپ،
سېنى دېمەس:
يەنە بىر توۋا،
ساراڭلىقىمۇ تۈگىدى ئەمدى...

1930 - يىلى،



# ھېزىم ئىسكەندەروۋ

(1969—1906)

شائىر ھېزىم ئىسكەندەروۋ (تېپتىك) 1906 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى، ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئاۋات يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئازىيا كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، 1927 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغان. ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن.

ھېزىم ئىسكەندەروۋ سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئارىلىقتا بىر ئاز ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 40 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ئىلھام بىلەن ئۆتكەن بىر مەزگىللىك ھاياتىدا سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىگە بىرمۇنچە نادىر ئەسەرلىرى بىلەن تۆھپە قوشقان.

سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى ھېزىم ئىسكەندەروۋنىڭ ئەسەرلىرى رۇس، قازاق ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ «چېلىش دولقۇنلىرىدا»، «خانتەڭرى»، «ئۇيغۇر قىزى»، «سازىم»، «شېئىرلار»، «ھايات ئىلھاملىرى»، «تىنچلىق ناخشىسى»، «نوزۇگۇم»، «تاللانما ئەسەرلەر» ناملىق كىتابلىرى نەشىر قىلىنغان.

## ئاق قېيىن

يوللىرىمدا قاتار تۇرغان ئاق قېيىن
كىمنى كۈتتۈڭ ئۇزۇن يىللار سېغىنىپ؟
كىملەر ئىدى كېلەر دوستۇڭ يىراقتىن؟
شۇنچە تۇردۇڭ قار - بوراندا ئېگىلىپ.

ياكى مېنى كۈتكەنمىدىڭ ياد ئېتىپ،
تالاي قېتىم بۇ يوللاردىن «ئۆتكەن» دەپ؟

قىرو باغلاپ مۇيلاۋلىرىڭ مۇز قېتىپ،
ئويلارمىدىڭ «شائىر قايان كەتكەن» دەپ؟

يېنىپ كەلدىم ھايات بويلاپ سايەڭگە،
دوستلىرىمغا ھەمكار بولۇپ قېتىلىپ.
ئانىسىنى سېغىنغان ياش بالىدەك،
قۇچىقىڭغا كەلدىم يەنە ئېتىلىپ.

1958 - يىل

## ئىلى

ئەگىپ ئويناپ، غەمسىز، تىنىق ئاققان ئىلى،
ھايات بويلاپ تاڭدا قانات قاققان ئىلى.
كۆپ ئەسىرلەر قايناپ-تېشىپ بەخت ئىزدەپ،
ئەمدى ئارزۇ-ئارمىنىنى تاپقان ئىلى.

مۆلدۈرلىگەن سۈزۈك سۈيۈڭ زەمزەم ماڭا،
تەلمۈرگەندەك تۇردۇم قاراپ بىردەم ساڭا.
زوقلىنىمەن، سازىڭ بىلەن ناخشاڭ ئوماق،
جېنىم خۇشال سېنى كۆرۈپ، قەلبىم قايناق.

شىلدىرلىشىپ ئېقىشلىرىڭ جانغا ئىللىق،
يەلكەنلىرىڭ تەۋرىتىدۇ مېنى سىلىق.
سالقىن سۈيىڭ مېنىڭ ئۈچۈن يېقىن، ئىسسىق،
بويلىرىڭدا ئۆتەر ئۆمرۈم شۇنچە قىزىق.

قايتا بارسام سېنىڭ بىلەن ماختىنىمەن،
قۇچاق ئېچىپ باھارىڭغا شادلىنىمەن.
ئاتا-بوۋام پاك سۆيگىنى «جان» دەپ ئىچكەن،
يالاڭغىداق ياۋغا قارشى تالاي كەچكەن.

مەنمۇ ئىچتىم شوخ سۈيىڭنى كۆڭلۈم تېشىپ،
نازىم بىلەن كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ.
سەن قاشىنىڭ كۆز يېشىغا يار-مەدەتكار،
ئەرك سۆيگەن ئەر نوزۇككا بولدۇڭ ھەمكار.

ئاقتى تۈنلەر، ئىلى، سەندە نوزۇك يالغۇز،
مەجنۇن تاللار پاناھ بولدى جانغا كۈندۈز.
ئاقتى ئايلار سالنى باغلاپ تەنھا ئۆزى،
بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان، سولۇپ يۈزى.

ئاتتى سۇغا، كەتتى نوزۇك غەمگە تولۇپ،
جەبرى زۇلۇم دۇنياسىغا نەپرەت ئوقۇپ.
تۇغۇلغان ئەل قالدى كۆزدىن، قالدى يىراق،
كۆرۈنمىدى يېنىپ تۇرغان سانسىز چىراق.

ئاقارمىدى نوزۇك سۇدا دەرد بولمىسا،
يۈرەك-باغرى ھەسرەت چېكىپ قان تولمىسا.
كەتتى نوزۇك ئىلى بىلەن مۇڭداشقاندەك،
بىردە چۆكۈپ، بىردە چىقىپ، سىرداشقاندەك

ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىغان سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 70 نەچچە يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بىلەن سوۋېت ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. جۈملىدىن، بىر مۇنچە ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە رېسپۇبلىكىلار ئارا تونۇلدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى رۇس، ئۆزبېك، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى.

بىر قىسىم سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا 30 - يىللاردىن باشلاپلا تونۇش ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

بىز بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سەھىپىسى ئارقىلىق سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشتۇرماقچىمىز.

— تەھرىردىن

www.uyghurkitap.com

## نۇر ئىسرائىلوۋ

(1937 — 1910)

نۇر ئىسرائىلوۋ 1910 - يىلى ئالموتا ئوبلاستى ئەمگەكچى قازاق رايونىنىڭ ماناپبۇلاق يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇ 1920 - يىلدىن 1926 - يىلغىچە ئالموتىدا، كېيىن تاشكەنتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ، 1929 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ «شەرق ھەقىقىتى» گېزىتىدە ۋە نەشرىياتتا ئىشلىگەن. كېيىنرەك يەنە ئۆزبېكىستان ئىلمي تەكشۈرۈش ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتلار سىنىپىدا ئوقۇغان.

نۇر ئىسرائىلوۋنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 20 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلانغان. شائىر 1937 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپلىگەن شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى يارىتىش بىلەن چوڭ ھەسسە قوشتى.

ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى ئىچىدە «كۈنلەر»، «قىزىل تۇغ نىشانى» پوۋېستلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

نۇر ئىسرائىلوۋنىڭ «قاينام»، «تۆۋەندىن يۇقىرىغا»، «ياش لېنىنچىلار»، «يېڭى ناخشىلار»، «رىزۋانگۈل»، «تاشقىرىدا»، قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشىر قىلىنغان.

### يالتا كېچىسى

ئايدىڭ كېچە.
تولۇن ئاينىڭ ئاق شولىسىدىن،
قارا دېڭىز خۇددى سىمابتەك پارقىرار.
گويا يەر - جاھاننى تەۋرىتىدىغاندەك،
دولقۇنلىنار، مۇقەددەس شارقىرار.

ئەتراپتىن ئاڭلىنار ئازاد ۋە ئەركىن
خۇش چاقچاق بىلەن سۆزلەشكەن ئاۋاز.
ھەر دىلنى زوقلاندۇرار كۆڭۈللۈك
مۇقاملارغا چېلىنغان ھەر ياڭزا ساز.

يېقىملىق ساپ ھاۋا، يۇمشاق شوخ شامال،
چاچلارنى تارار، ئەركىلەپ ئۇينار.
ھەر شائىر دىلىدا تۇغدۇرۇپ ئىلھام،
يالتا كېچىسى ئەنە شۇنداق باشلىنار.

ھەر ياندا شوخ ئويۇن - كۈلكە،
ھەر ياندا لەززەت ياغدۇ دىلگە.

1936 - يىل

## ساياھەتكە

مېھرىبان ۋەتىنىمىزنىڭ باغلىرىنى
كۆرۈپ، دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتتۇق بىز.
خوش ئانا، خوش، ئاز كۈندە يەنە
يېڭى كۈچ بىلەن قايتىپ كېلەرمىز.

س س س ر ھەر يېرىدە خوش خۇي،
خوشاللىق بىلەن قارشى ئالدۇ بىزنى.
دىلغا ئوزۇق بېرىدۇ، ئەقىلگە ساۋاق،
قىلچىلىك ئاغرىتماي ھېچ كۆڭلىمىزنى.

يېڭى كۈچ، يېڭى بىلىم تومۇرۇمدا
شوخ قانلىرىمنى تېخىمۇ ئويناتتار.
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشلارنى كۆرۈشكە
دىلىم
ئالدىرىتار مېنى، جىق ئالدىرىتار.

شۇ ئۇتۇقلارنى كۆز بىلەن كۆرۈپ،
قىزىل ۋەتەن شېئىرلىرىغا شېئىر توقارمەن.
سەن، ئانا، ئۆز يولداشلىرىڭغا
«ئوغلۇمنىڭ شېئىرى» دەپ ئوقۇپ بېرەرسەن.

1936 - يىل

## يولدا

كۆڭۈللۈك كۈلكە، خوش خۇيلۇق بىلەن
بېكەت-بېكەتلەردىن ئېشىپ كەتتۇق بىز.
ۋاگوننىڭ دېرىزىسىدىن ئېككىمىز تەڭ
گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپ ئۆتتۇق بىز.

دېڭىزدەك دولقۇن ئۇرغان دەل-دەرەخ
چىمەن
بارغانسېرى غايىب بولۇپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ ئورنىغا تورغاي، ئېتىز، چېچەكلەر
ھەم،
بىرى كەينىدىن بىرى كېلىدۇ.

كولخوزچى، كولخوزدىكى كەتمەن بىسى
كۈن نۇرىدىن پارقىراپ كۆز چاقىدۇ.
قايسى يانغا قارىماي كېۋەز بىلەن ئۈزۈم
كۈن نۇرىنى ئازادە ئېمىپ ياتىدۇ.

قارايمەن، قارايمەن، قاراپ تويمايمەن،
ھېسلىرىم، دىققىتىم شۇنىڭغا كەتكەن.
يېنىمدا ئېشقىنى بىلدۈرۈپ ياش قىز
دەيدۇ ماڭا «شېئىر ئوقۇپ بەرسەڭ!»

تېلېگراف تۈۋرۈكلىرى رەت-رەت تىزىلىپ
كۆزدىن ئۆتكەندەك، ئۆتەر مىنۇتلار.
يېنىڭدىكى قىز يېنىپ سېنىڭدىن
شېئىر، ھېكايە ئېيتىشنى سورار.

«توختا، سىڭىل، ئالدىرىما، توختا،»
بۇ گۈزەللىكنى ئاۋۋال كۆرەي مەن.
ۋەتىنىڭ ئېسىل باغلىرى ئارا
يۈرۈپ ھەممىنى ئاۋۋال بىلەي مەن.

1937 - يىل

نەشرگە تەييارلىغۇچى:
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىسلاھاتى ۋە ئىسلاھات ئەدەبىيات - سەنئىتى

سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1985 - يىلى 4 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمىي يىغىنى ئىجتىمائىي ئىسلاھات فاڭجېنىنى قارارلاشتۇرغاندىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى. 1986 - يىلى 2 - ئايدا چاقىرىلغان سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 27 - قۇرۇلتىيى يەنە بىر قېتىم «توققۇز بال بوران» چىقارغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىسلاھاتىمۇ يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1987 - يىلى 1 - ۋە 6 - ئايلاردا چاقىرىلغان ئومۇمىي يىغىنلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كادىرلار سىياسىتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى توغرىسىدا ئىككى مۇھىم قارار ماقۇللاپ، سىياسىي ئىقتىساد، ئاڭ فورمىسى، ئەخلاق ۋە قانۇن قاتارلىق ساھەلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى، سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1987 - يىلى 1 - ئايدا چاقىرىلغان ئومۇمىي يىغىنىنى چېگرا قىلغان ھالدا، ئىككى باسقۇچقا، يەنى جامائەت پىكرى تەييارلاش، ئىسلاھات لايىھىسى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت غۇلغۇلا قىلىش باسقۇچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش باسقۇچىغا بۆلۈنىدۇ. 1985 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان غۇلغۇلا قىلىش باسقۇچىدا، مەسئۇل دائىرىلەر يېڭىچە تەپەككۇرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن بولسا، 1987 - يىلدىن باشلاپ، «خىزمەت، خىزمەت، يەنە خىزمەت» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى تەشەببۇس قىلدى. گورباچېۋ: «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ قانداق؟ دېگەن مۇھاكىمىنى توختىتىش لازىم، «ئىسلاھات ھازىر تەشەببۇس ئەمەس، بەلكى رېئاللىق بولۇپ قالدى» دېگەننى تەكىتلىدى.

### ئەدەبىيات_ئەدەبىيات - سەنئەت ئىسلاھاتىدىكى ئاساسىي كۈچ

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتى 1986 - يىلى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 27 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى، كىنوچىلار جەمئىيىتى، دراما-

چىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئىلگىرى-ئاخىر ئۆز قۇ-
رۇلتايلىرىنى ئېچىپ، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 27-قۇرۇلتىيى تەشەببۇس قىلغان تەن-
قىدىي روھ ئارقىلىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلاپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى
مەسىلىلەرنى پاش قىلدى؛ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي
قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بيۇروكراتلىق ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرىگە قاتتىق ھۇجۇم
قوزغىدى. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر پارتىيە قۇرۇلتىيى قارارلاشتۇرغان سىياسىي ۋە
ئىدىيە ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭىلاش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆر-
سەتتى، ئەدەبىيات-سەنئەت دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىج-
تىمائىي ئىسلاھاتنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.
ئەمەلىيەتتىمۇ، 50-يىللاردىن باشلاپلا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ئۇ-
قۇمۇشلۇق زاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىسلاھاتنىڭ ئىدىيىۋى تەي-
يارلىقلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشكەنىدى. ئوۋېچكىننىڭ ئوچېركلىرى، لېئونوۋ ۋە شولو-
خوۋلارنىڭ ھېكايە-رومانلىرىدىن تارتىپ تۋاردوۋسكىي قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى،
ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەخلاق تېمىسىدىكى دراممىلارغىچە بولغان ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن
«ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى» كونسېرۋاتىپ ئىدىيىلەرنىڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە
ئارقا-ئارقىدىن ھۇجۇم قىلغانىدى، بولۇپمۇ 70-يىللاردىن بۇيان ئايتماتوۋ، باندار-
رېيېۋ، ئاستافيېۋ، بىلوۋ، راسپوتىن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ دەۋر ئىللەتلىرىگە تېگىدى-
غان ھېكايە-رومانلىرى، دۋورتىسكىي ۋە گارمان قاتارلىقلارنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش
تېمىسى»دىكى دراممىلىرى ئىچكى ئاك ۋە كرىزىس ئېگىنىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق
ئىسلاھات رېئاللىقى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى.
1986-يىلى سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ 8-قۇرۇلتىيىدا ئۇزاق يىل بېسىلىپ قالغان
نارازىلىقلار پارتلاپ چىقتى. شائىر ۋوزنېسېنسكىي: «بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئاساسىي
دۈشمەن—بيۇروكراتلىقتىن ئىبارەت دېۋە» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. يازغۇچىلار غە-
زەپلىنىپ مۇنداق دېيىشتى: ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە مۇھىم ۋەزىپىنى ئىگىلەپ
تۇرغان ئايرىم كىشىلەر كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھوقۇقنى خۇسۇسىي مەنپەئەت ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇردى، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرەپ تارتىشتى، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى
چەتكە قاقتى. نەشرىيات مەسئۇللىرى پرىنسىپتىن چەتنەپ، چالا ساۋاتلارچە يېزىلغان
چاكىنا ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا يول ئېچىپ بېرىپ، ناچار مەنىۋى مەھسۇلات-
لارنى ھەممە يەرگە يامرىتىۋەتتى، نەتىجىدە كىنو-تىياتىرخانىلاردا ئورۇن بوش قال-
دى، كىتابخانىلارغا كىشىلەر قاراپمۇ باقمايدىغان كىتابلار تولۇپ كەتتى. ئەدەبىيات-
سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى بيۇروكراتلار بىر تەرەپتىن، تۆۋەنگە ئۆزلىرىنى ماختايدى-
غان ماقالىلارنى يېزىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نەشرىيات ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمەت-
نىڭ ھەرخىل مۇكاپات سوممىلىرىنى مونوپول قىلىۋالسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، رېئال
تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، يازغۇچىنىڭ تالانتى مانا مەن دەپ كۆ-
رۈنۈپ تۇرىدىغان ئەسەرلەرنى سوغۇق سارايغا تاشلىۋەتتى. ئۇلار ئوتتۇرا ياشلىق، ياش

يازغۇچىلارنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىزدىنىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىشىنى بوغدى، ناتوغرا مۇئامىلىگە ئۇچرىغان پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى رەت قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى بىر ئەۋلاد ياش يازغۇچىلارنى چىرىتتى، كىشىلەر ئەمەلدار بولغانلارنىڭ ئەسىرى ئاسان نەشىر قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر تۈركۈم چاكىنا «مەنسەپ مەستانىلىرى» يېتىشىپ چىقتى.

يازغۇچىلار بيۇروكراتلىقنى پاش قىلىش بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەت دېموكراتىيىسىنى يولغا قويۇشنىمۇ كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئەسەر تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، مەمۇرىي تارماق مەسئۇللىرى ۋە نەشرىيات تەھرىرلىرىنىڭ ئىجادىيەتكە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار ئاغرىنغان ھالدا ئەسەر يېزىشقا ئون پىرسەنت ۋاقىت كەتسە، ئەسەرنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن سوكۇلداشقا 90 پىرسەنت ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەر ئۇزاققىچە بېسىپ قويۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بىر مۇنچە كىشىلەر سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا ئاپتونومىيە (ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش)نى يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، جەمئىيەت مەسئۇلىرىنى مەركەز تەيىنلەش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قاتارلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى بۇرۇن تەنقىدلەنگەن يازغۇچىلارنىڭ نامىنى ئەسلىگەن كەلتۈرۈش، بۇرۇن چەكلەنگەن ياكى تەنقىد قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش ياكى قايتا نەشر قىلىش، چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ تۇرغان بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى سوۋېت ئەدەبىياتى تەركىبىگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

ھالبۇكى، يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «بىر تەرەپلىمە ئېغىپ» كەتمىدى. ئىككى خىل ئىدىيە - كۆز قاراشنىڭ ئېلىشىشى بەزىدە خېلى ئۆتكۈر بولدى، ئوخشاشمىغان گۇرۇھلارغا مەنسۇپ بولغان يازغۇچىلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىشى ۋە ئىسمىنى ئاتىماي مەسخىرە قىلىشىمۇ بولۇپ تۇردى. گروزىيە يازغۇچىلىرى راسپوتىننىڭ گروزىن مىللىتىنى خۇنۇكلەشتۈرگەن ھېكايە (ئاستافيېۋنىڭ «گروزىيىدە ئۆكۈن بېلىقى تۇتۇش» دېگەن ھېكايىسى)نى ئاقلىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قۇرۇلتاي زالىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇكرائىنا يازغۇچىلىرى 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا گونچارنىڭ «چېركوۋ» دېگەن ھېكايىسىگە «قورشاپ ھۇجۇم قىلىنغانلىقى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللەتلەر سىياسىتىدىكى خاتا قىلمىشلارنى تەنقىد قىلدى. لاتۋىيە يازغۇچىلىرى مەزكۇر جۇمھۇرىيەتكە رۇس قاتارلىق يات مىللەتلەر كۆپلەپ كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، بۇ يەردىكى لاتىش ئاھالىسىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ، ئانا تىل كرىزىسى پەيدا بولغانلىقىنى،

جۇمھۇرىيەت نەشرىياتلىرى لاتىش كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىدىغان چاغدا، موسكۋادىكى لاتۋىيە ئەدەبىياتىدىن قىلچە خەۋەرسىز رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ھېسسىياتتىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا كۈندىن-كۈنگە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشىگە دائىر بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر، بولۇپمۇ «چىنلىقنى يېزىش» ۋە ئىجابىي شەخسلەر مەسىلىسىدىمۇ كەسكىن تالاش-تارتىش بولدى. گەرچە بۇ مەسىلىلەرنى قۇرۇلتاي چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن سۆزلىگۈچىلەرنىڭ بۇ مەسىلىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى چۈشىنىشىدە جىددىي ئىختىلاپلار بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، ئەڭ مۇھىمى كىشىلەر ئۆزگىچە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلغان. مەسىلەن، بەزىلەر «يورۇقلۇق تەرەپ» بىلەن «قاراڭغۇ تەرەپ»، «ئىجابىي شەخس بىلەن سەلبىي شەخس» قاتارلىق ئىككى قۇتۇپلۇق ئۇقۇملارنى فورمۇلىلاشتۇرۇۋېتىش، ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇش لازىملىقىنى، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. «تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرەپ»لىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پاسسىپ ھادىسىلەرنى پاش قىلىشتىكى مەقسەت سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى بازىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر. خاتا سىياسەت يولغا قويۇلغان تارىخىي دەۋرلەرنى پۈتۈنلە ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى تارىخنى خەلق ياراتقان، بۇرۇن خاتالىق بولغان لېكىن نەتىجىلەرمۇ قولغا كەلتۈرۈلگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 8-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر 70-يىللاردىن بۇيانقى «توختاپ قېلىش مەزگىلى»دىكى خاتا سىياسەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگە كۆرسەتكەن پاسسىپ تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. سەنئەت ئىجادىيىتىگە قارىتىلغان پارتىيىۋىلىك پوزىتسىيىسىنىڭ ئورنىنى كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋالىدىغان شەكىلۋازلىق ۋە پرىنسىپسىز شەخسىيەتچىلىك ئىگىلىۋالغانلىقى، ئىدىيىۋى رەھبەرلىكنىڭ ئورنىغا مەمۇرىي بۇيرۇق دەسسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ناتوغرا ئىستىللار كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن.

سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1987-يىلى 4-ئايدا چاقىرىلغان مۇدىرىيەت ئومۇمىي يىغىنى بىر يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتتى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1-شۇجىسى كارپوۋنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپمۇ قويمايدۇ، خۇشال قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمى مەملىكەت بويىچە تەكشى ئەمەس، بەزى يەرلىك يازغۇچىلار

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتلىرى ۋە ژۇرناللار «هازىرغىچە ئۇخلاپ ياتماقتا»، كۆزىتىپ باقماقتا. يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىدا پەيدا بولغان «تەنقىد قىزغىنلىقى» ئىسلاھات خىز-
مىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر شەخسىي ئىلتىپات، ئاداۋەت
ياكى مەزھەپنى كۆزدە تۇتۇپ، «تەنقىدىي روھ»نى ئۆچ ئېلىپ زەربە بېرىش ۋە كۆ-
ڭۈلگە قەستەن ئازار بېرىشكە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ
ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىسلاھات خىزمىتىگە زىيان يەتكۈزدى، ئۇ، كىشىلەرنى بىر نەچچە
ئون يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك
ئىنكار قىلىۋەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى ھەمدە يازغۇچىلارنى سۆزلەشتىن ئىشلەشكە ئۈ-
تۈپ، يېڭى دەۋرنى ئومۇمىيۈزلۈك، چىن ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا
چاقىردى.

كارپوۋ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا 45 نەپەر ياز-
غۇچى ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقتى.

پېشقەدەم ئوبزورچى بولشا گوۋسكىي مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 1956 - يىلىدىكى
ئەدەبىيات - سەنئەت «باھارى» كەلمەسكە كەتتى. ئۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇبىيە-
تى كىشىلەرنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلىككە چۆشۈرۈپ قويدى. بۇ قېتىمقى ئىسلاھات باشلان-
غىلى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇل-
لىرى هازىرغىچە سايلام ئارقىلىق تۇرغۇزۇلمايۋاتىدۇ، خىزمەتتە ئۈنۈم كۆرۈلمىدى،
تەنقىد ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن پرىنسىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يەنىلا بەك
تەس بولۇۋاتىدۇ، چۈنكى سىبىرگىي مىخالكوۋدەك مۇشۇنداق مۇھىم ئادەملەر ئوبزورچى-
لارنى يەنىلا «سىلەر ئالتۇن يۇلتۇز ئوردىنى تاقىغان ۋە قەھرىمانلىق نامىغا ئېرىشكەن
كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلمىدىڭلار» دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ. مەشھۇر يازغۇچىلار داۋاملىق بىر-
بىرىنى پۈۋدەپ كۆككە كۆتۈرۈۋاتىدۇ، ئوبزورچىلارنى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇششاق ئاغى-
نىلىرى قاتارىدا كۆرۈۋاتىدۇ. پروسكۇرىن ناملىق ئادەم بىلوۋنى «رۇسلارنىڭ ۋىجدانى»
دەپ ئاتىغانىكەن، كىمكى بىلوۋنى تەنقىد قىلسا، شۇ ئادەم يولسىزلىق قىلغان بولىدۇ،
ھەتتا ئۇنىڭ ھەرىكىتى «لۈكچەكلىك» دەپ ئەيىبلىنىدۇ - دە.

سىبىرگىي مىخالكوۋ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئاشكارىلاش» ۋە «ياشىسۇن ئىسلاھات» دېگەندەك شوئارلار
بىلەن ئۆزىنى كىرىملىۋالغان بەزى كىشىلەر ئەمەلىيەتتە، پۇرسەتپەرەسلەر، قولىدىن
ئىش كەلمەيدىغان ساپ - ساپچىلاردۇر. غەرب «ئاممىباب مەدەنىيىتى» نىڭ سىڭىپ كى-
رىشى — ھەممە يامان ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسى. ياشلار بۈگۈن هازىرقى زاماندا ئېقىپ
يۈرگەن ناخشىلارغا مەستانە بولۇپ قالسا، ئەتە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىدۇ،
ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكۈنلىشىپ، ۋەتەن خائىنىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. كوزنىتسوۋ
قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بورژۇئازىيە ئىدىيىسىگە قارشى كۆ-
رەش كۈچلۈك بولمايۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆز سۆزلىرىدە ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرىنى مۇ-

ئەيىبلەشتۇردى. ئۇلار يەنە مۇنداق قارىدى: ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ناچار ئىستىللار ئاساسەن ھوقۇق تۇتقۇچىلاردىن چىقىۋاتىدۇ. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى «سىنزور» (تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار) بولۇۋالدى، ئاناتولىي رىباكوۋنىڭ «ئاربات كوچىسىدىكى باللار» دېگەن رومانىنىمۇ دەل ئاشۇلار چەكلەپ قويغان. روسوۋنىڭ ئۇزاق يىل چەكلەپ قويۇلغان ئەسىرى — «ياۋا چۆرپە» مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن سەھنىگە چىقىرىشقا تەستىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىلار جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بىكار بولۇپ كەتكەن. دەل شۇنداق ناچار ئىستىللارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بىر قىسىم ياشلار ئېتىقاد كرىزىسىغا ئۇچرىدى، بەزىلەر بۇددا دىنىدىن يول تاپماقچى بولدى، يەنە بەزىلەر بولسا، «ئېپاتاژ» — تېتىقسىز ھەرىكەت (قارا ياكى قوڭۇر كىيىم كىيگەن ياشلار چەت - خىلۋەت جايدا ئولتۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلار ناتسىستلارنىڭ شوئارلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق سالاملىشىدۇ) بىلەن مەست بولۇپ كەتتى. يازغۇچى ستادنىيوك ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بەزى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: مورمانسىك شەھەر ئەتراپى رايونىدا، تۆت ئادەم ئۇۋ مىلتىقى ئارقىلىق جەڭچىلەرنىڭ خاتىرە ھەيكىلىنى ئوققا تۇتقان (50 پايدەك ئوق ئاتقان)، بەزى «كېپەن ئوغرىلىرى» ئالتۇن مېدال ۋە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ھەربىيلەرنىڭ قەبرىسىنى كولاپ، جەسەت - تاۋۇتلارنى ئوچۇق دالىغا چىقىرىپ قويغان. پېشقەدەم يازغۇچى روزوۋ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئىسلاھات ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە «ئىسلاھات ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ، مۈشكۈل بولىدۇ، ئىسلاھاتنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان ئاشكارا، يوشۇرۇن دۈشمەنلىرى بار» دېدى. ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچى پىلنىخانوۋ ئىسلاھات ھازىر تېخى سەبىيلىك، باللىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مەغلۇپ بولۇشى، ھەتتا قۇربان بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ قارىدى. نۇرغۇن يازغۇچىلار ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلغان ئاساستا، جىددىي ئىسلاھات دەۋرىنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئوبزورچى راتىنىنانىڭ بىر ئابزاس سۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يېقىندىن بۇيان بارلىققا كەلگەن يېڭى كەيپىياتنى ئېنىق سۈرەتلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن بىز نەشىر قىلىنىۋاتقان ژۇرناللار شۇنچە كۆپ بولۇۋاتىدۇ - يۇ، ئوقۇغۇدەك ئەسەر يوق، دەيتتۇق. ھازىر بولسا، ھەسرەت چېكىپ، قىزىقارلىق ئەسەرلەر شۇنچە كۆپ ئېلان قىلىنىدى، قاچان ئوقۇپ بولارمىز؟ دېيىشىۋاتىمىز»، «ھەر ئايدا مۇھىم ئىشلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ، ھەر ئايدا يېڭى ئىسىملار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ، بەزى تېمىلار تىرىلدى.»

باندارېۋنىڭ «ھايات سەھنىسى» دېگەن ئەسىرىدىن كېيىن چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «جازا مەيدانى»، بىلوۋنىڭ «ئەتە»، ئاستافيېۋنىڭ «ئەنسىز رازۋېتكا ھېكايىسى»، راسپوتىنىنىڭ «ئوت ئاپىتى»، گرانىنىنىڭ «ياۋا كالا» دېگەن ئەسەرلىرى جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تالاش - تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھالبۇكى، كىتابخانلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىنى ئۇزاق يىل چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئەسەرلەر، يەنى

ئا. بېكنىڭ «باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش»، رىباكوۋنىڭ «ئاربات كوچىسىدىكى بالىلار»، دوكىنسېرۋنىڭ «ئاق كوپتا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دەۋر ئىللەتلىرىگە تېگىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېڭى ئەسەرلەرگە قارىغاندا، 20 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئەسەرلەر تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتلىك ئىكەن. بۇ ئەسەرلەر «چەكلەنگەن رايون» نىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بەزى تېمىلارنى تىرىلدۈردى. دۆلەت بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى تەھلىل قىلىش، 70 يىلدىن بۇيان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قولغا كەلگەن نەتىجە ۋە يۈز بەرگەن سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش بۇ ئەسەرلەرنى كۈچلۈك پۇبلىستىكىلىقتا ۋە مۇنازىرىچانلىقتا ئىگە قىلغان. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشتا، پۇرسەت قوغلىشىش بىلەن شۇغۇللانماي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باھا بېرىش كېرەك، تارىخنى ئەسلەش ھازىرقى چوڭ مەسىلىگە بولغان دىققەت-ئېتىبارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويمىسۇن، ئومۇمەن، «مېھمان ساھىبخانىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ» ئالمىسۇن، دېگەندەك ئاگاھلاندۇرۇش چىقارغان.

ھازىر كىشىلەرنى ھەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلىۋاتقان «ئاربات كوچىسىدىكى بالىلار» دېگەن رومان بۇ خىل ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ روماندا 1933 - 1934 - يىللاردا سادىر بولغان ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يۈكسەك ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن جىددىي سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشمۇ، خانىۋەيران بولۇشتەك پاجىئەلەرمۇ بايان قىلىنغان. ساشاپانكراتوۋنىڭ تۆھمەتكە ئۇچراپ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان بەختسىز تەقدىرى ۋە ساشانىڭ تاغىسى بولمىش ليوند زەنوۋ كارخانىغا رەھبەرلىك قىلىشتا نەتىجە قازانغانلىقتىن، ستالىننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنلىكىدەك سيۇژېتلار ئارقىلىق ئاپتور ھەم ئۈمىدكە، ھەم دەھشەتكە تولغان بىر دەۋرنىڭ قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بەرگەن، شەخسكە چوقۇنۇش دەۋرىدە دۆلەت ۋە خەلق بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق مۇساپىنى تەسۋىرلىگەن. روماندا نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى، كىشىلەر تېخى بىلمەي بولمىغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، ستالىننىڭ كىروۋ، ئوردژونىكىدزى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ستالىندىن ئىبارەت بۇ زىددىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە شەخس سۈرەتلەنگەن، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئوپېراتسىيە قىلىنغان. رومان يالغۇز تراگېدىيىلىك تۇسكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ يەنە ئىنقىلابىي ئوپتىمىزملىق تەرىپىمۇ بار. ئاربات كوچىسىدىكى بالىلار تۇرمۇشنىڭ تاۋلىشى ئارقىلىق تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ. ئەسلىدىكى سادda، قىزىققان ساشاپانكراتوۋ سوغۇققان، سالماق ئادەمگە ئايلىنىدۇ، ئۇ تەتۈرلۈكلەر ئىچىدە كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈرىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ شامالغا قاراپ ئىش قىلىدىغان، قورقۇنچاق ئانىسىمۇ مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان، ئىرادىسى مۇستەھكەم ئايالغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە گەرچە كىروۋ قاتارلىقلار ستالىننىڭ خاتا پىكىرىگە قارشى تۇرۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي ئېڭى كۈندىن - كۈنگە ئۆستى، ئىدىيىسى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى، دېمەكچىدەك قىلىدۇ.

ئاپتور رىباكوۋ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 1956 - يىلىدىكى 20 - قۇرۇلتىيىدىن
بۇرۇنلا بۇ رومانىنىڭ لايىھەسى ئۈستىدە باش قاتۇرغان، 20 - قۇرۇلتايىدىن كېيىن ئۇ-
نىڭ تەسەۋۋۇرى تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن. «يېڭى دۇنيا» ۋە «ئۆكتەبىر» ژۇرناللى-
رى 1966 - يىلى ۋە 1978 - يىلى ئېلىگىرى - ئاخىر بولۇپ، بۇ رومانىنى ئېلان قىلىدى-
غانلىقى توغرىسىدا بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ، ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن، لېكىن رومانىنىڭ
ئەسلى ئورىگىنالىنى كۆرگەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋەرگەن، 20 يىلدىن بۇيان نۇرغۇن
كىشىلەر مۇشۇنداق بىر رومانىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ كەتكەن. بۇ رومان 1987 - يىلى تو-
لۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتور كىتابخانىلاردىن نۇرغۇن خەت
تاپشۇرۇۋالغان. ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق كىتابخان رومانىنى مۇ-
ئەييەنلەشتۈرگەن، ئىنكار قىلغانلار 5 پىرسەنتتىن 7 پىرسەنتكىچە بولغان. سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ «ئەدەبىيات گېزىتى» بۇ خەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلغان. مەسىلەن،
لېنىنگرادلىق بىر ئايال خىزمەتچى مۇنداق يازغان: «گرازدان رىباكوۋ!... مېنىڭچە،
بۇ كىتاب زىيانلىق، چىن ئەمەس، دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىغا سۇبيېكتىۋىزملىق كۆز قا-
راشتا مۇئامىلە قىلىنغان... كىتابىتا سىزنىڭ مەلۇم مەزگىلدە ئۇچۇقلانغانلىقىڭىزنىڭ ئىز-
لىرى روشەن كۆرۈنۈپ قاپتۇ، سىزگە ھېچكىم ھېسداشلىق قىلمايدۇ... كېيىنچە مەن
تېخى نەشرىيات ئورگانلىرىغىمۇ ئۆزۈمنىڭ ‹ئاربات كوچىسىدىكى باللار› توغرىسىدى-
كى كۆز قارىشىمنى ئېيتىمەن، سوۋېت ك. گ. ب سىغا خەت يېزىشىممۇ مۇمكىن». ئۇفىتسېر
نىكوچىنكوۋنىڭ خېتىدە يۇقىرىدىكىگە تامامەن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش بايان قى-
لىنغان: «بۇ كىتابنى مەن 40 يىل كۈتتۇم...»، — دەپ يازغان ئۇ خېتىدە، — «سىزنىڭ
ئەمگىكىڭىز ئېغىر ۋە جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتلىرىمىز
ئۈمىدلىرىمىز، جىددىي تەقەززالىقىمىز سىزگە مەدەت بولغاي. ماھىيەتتە، روما،
پەقەت مۇقەددىمىلا ئورۇندالغان! ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر پائالىيەتچىلەرنى
قانداق كونترول قىلغانلىقى ھەمدە ئۇلارنى ئۆز يولداشلىرىنىڭ قېنىنى كېچىپ مېڭىش-
قا زورلىغانلىقىنى، ۋوروشىلوۋنىڭ ئارمىيىنى نېمىشقا شۇنچە ئازابلىغانلىقى، ساغلام
كۈچلەر نېمىشقا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقى، ئۇرۇش ھارپىسىدا ئۇنىڭ نېمىشقا
ھەربىيلەرنى قىرغىن قىلغانلىقىغا ئوخشاش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان
‹نېمىشقا› لارنىمۇ بىلىشنى ئۈمىد قىلاتتۇق.»

تۇركوۋ بۇ رومانغا باھا بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كونىلىقنى ساقلى-
غۇچىلارنى سەگىتىپ ۋە قورقىتىپ قويىدىغان بۇنداق باتۇرانە روھ ۋە مۇستەقىل پى-
كىر دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ دۆلەت ۋە خەلق بې-
شىدىن كەچۈرگەن بارلىق ھەقىقىي ئەھۋاللارنى بىلىش تەشنالىقىنى قاندۇردى. خۇددى
بەزى كىشىلەر ئادىللىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ھەر-
قايسى تەرەپلىرىگە سەل قارىماسلىق كېرەك، تارىختا ئاق، بوش ئورۇن قالدۇرماسلىق
كېرەك، بۇ كىشىلەرنى تېخىمۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئالغا باستۇرىدىغان ھەقىقەت».
ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاپتورنىڭ بۇنداق ئەسەرنى ئېلان قىلىش زادى مۇمكىن بولمايدىغان

دەۋردە بۇ رومان ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى ۋە ئۇنى يېزىپ چىقىشى — ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان يىراقنى كۆرەرلىك ۋە قەيسەرلىك روھ.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىسلاھاتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە

### ئىسلاھات ئۆزىگە توغرا نەزەرىيە ۋە سىياسەتنى يېتەكچى قىلىشى لازىم

گورباچېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىلىرى مۇدىرلىرىنىڭ يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «يالغۇز ئىجتىمائىي سىياسىينىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈچۈن نەزەرىيە زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ھەربىر قەدەم ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ نەزەرىيە لازىم بولىدۇ».

ئىسلاھات جەريانىدا ئەڭ مۇھىم، شۇنداقلا ئەڭ قىيىن بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى — چىن ماركسىزم بىلەن جا ماركسىزمنى پەرق ئېتىش ۋە ئايرىشتىن ئىبارەت. دوگماتىزم دېگەن نېمە؟ بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسى دېگەن نېمە؟ كىشىلەرنىڭ ماركسىزمنى چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مۇقەررەر ھالدا ئىسلاھات ۋەزىيىتىگىمۇ ئوخشاش بولمىغان باھالار كېلىپ چىقىدۇ، نەتىجىدە ئىسلاھاتقا قارىتا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە قوللىنىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات مەزگىلىدە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدىغان بولغانلىقتىن، نەزەرىيە خىزمىتىمۇ كۈنسايىن مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىسلاھاتقا «سول» ۋە ئوڭدىن پۇت قويىدىغان (كاشىلا سالىدىغان) ھادىسىلەر پەيدا بولدى، نەزەرىيە ساھەسى بۇ ئەھۋالغا دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، تەھلىل ۋە تەنقىد ئېلىپ باردى.

مەسىلەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىسلاھاتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەممىنى ئىنكار قىلىش، ھەممىدىن گۇمانلىنىش كەيپىياتى نەزەرىيە ساھەسىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1987 - يىلى 6 - ئايدا چاقىرغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك رېئالىزمنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا مىكىن مۇنداق ھېسابلىدى: ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى نەزەرىيىسى ھەقىقەت ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىدىغان قۇرۇق خىيالدىنلا ئىبارەت. بۇ خىل ئىجادىيەت مېتودى ئاللىقاچان ھازىرقى زاماندىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ شەكىلدىن تارتىپ ماھىيەتكىچە بولغان ئۆزگىرىشلىرىنى ئىزاھلاپ بېرەلەيدىغان دەرىجىدە ئامالسىز قېلىپ، پۇتى يوق «پروكلوس كارۋىتى»غا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كۆپ يىللاردىن بۇيان بەزى مەشھۇر يازغۇچىلارمۇ ئايرىم سۆھبەتلىرىدە ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىپ كەلگەندى. بەزى ئالىملار بولسا، بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن كەمچىلىك، يەنى دوگماتىزم كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇقەررەر ئاقىۋەت، دەپ قارىدى. ئەدەبىيات - سەن-

ئەت ساھەسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مې-
تودى لەزەرىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ۋاقتى ئۆتكەن ئۇقۇملارنى چۆرۈپ تاشلاپ،
«ھازىرقى زامان ئادەملىرى» ۋە «ھازىرقى زامان تۇرمۇشى» دېگەن ئۇقۇملار ئۈستىدە
چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق
ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئۆزىنى ھەرگىز تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىجتى-
مائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن «ئادەم» ئۇقۇ-
مىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئىشچى بىلەن ئاكادېمىك، دېھقان بىلەن ئالىم ئۇچقۇچى-
سى ئوخشاشلا «خەلق»، خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسى كۆنسايىن كۆپ خىللىشىپ كېتىۋا-
تىدۇ. ھازىرقى زامان ئېڭىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرى كۆ-
چەيمەكتە، ھازىرقى زامان شەھەر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەنئەت شەكىللىرى
ۋە ئۇسلۇبلاردا ئۇنىۋېرسال خاھىشچانلىق پەيدا بولدى، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپا-
دىلەش ۋاسىتىلىرى كۆنسايىن كۆپ خىللاشماقتا، ئۆز مىللىتى بىلەن يات مىللەت،
شەرق بىلەن غەرب ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنىڭ سىڭىپ كېتىشى، چىنلىقنى يېزىش
بىلەن يالغاننى يېزىش، رېئاللىق بىلەن خىيال ئامىللىرىنىڭ چىرمىشىپ كېتىشى تۈپەي-
لىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كلاسسىك قېلىپى ۋە سيۇژېت فورمىسى
بۇزۇلۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت مېتودىنى بىرلىككە كەلگەن، ئۆلچەمگە چۈ-
شۈرىدىغان، دوگماتىزملىق كۆز قاراش خىرىسقا دۇچ كەلدى.

## «دېموكراتىيىلىشىۋاتقان شارائىتتا خىزمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم»

گورباچېۋ 1987 - يىلى سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يانۋار
ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «ئىسلاھات دېگىنىمىز، ئامىنىڭ جانلىق ئىجادىيىتى-
گە تايىنىش، دېموكراتىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئاپتونو-
مىيىنى يولغا قويۇش، تەشەببۇسكارلىق روھ ۋە ئىجادچانلىق روھنى ئىلھاملاندۇرۇش،
ئىنتىزام ۋە تەرتىپنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە
ئاشكارىلاشنى كېڭەيتىش، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىدلەشنى قانات يايدۇرۇش...
دېمەكتۇر.»

پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئاشكارىلاش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش ۋە دېموكراتىيى-
لەشتۈرۈش قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەريانىدىن ئىبارەت. لاۋرروۋنىڭ
ئېيتىراپ قىلىشىچە، تىياتىر ساھەسىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا ئاساسىي قى-
يىنچىلىق دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت بولغان.
توسالغۇ كۈچ يالغۇز ئىمتىيازلىق ئەربابلاردىنلا ئەمەس، بەزىدە ئاممىمۇ ئىچىدىنمۇ كەل-
گەن. دېموكراتىك سايلام جەريانىدا ئاز سانلىق ۋە كۆپ سانلىق ئاۋاز ھەقىقەتنى ئۆل-
چەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەس. موسكۋا بەدىئىي تىياتىرىدا بەش ئاي بەس-مۇ-
نازىرە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئىككىگە بۆلۈنۈش كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۆزۈل-

كېسىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان يېۋرىموۋ يەنىلا كۆپ سانلىق بېلەتكە ئېرىشەلمىگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنكى، كۆپ يىللىق جەريانىدا شەكىللەنگەن قاتمال ئادەتنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ئېڭى ۋە مەدەنىيەت سۈپىتىنىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى كارپوۋ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ئوبزورچىلىق ساھەسىدە باتۇرانە روھ ئۇرغۇپ تۇرغان ئۆتكۈر تەنقىدىي ماقالىلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەر دېموكراتىيىنى «خالىغانچە قىلىش» دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىپ، تەنقىدنى قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. بىر نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى «ئەدەبىيات گېزىتى»گە يازغان خېتىدە: يازغۇچىلارنىڭ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشلىرى ۋە بىر - بىرىنى تىل ھاقارەت ئاستىغا ئېلىشلىرى كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى يوق قىلىۋەتتى، يازغۇچىلارغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمەتنى يوق قىلىۋەتتى، دېگەن. دېموكراتىيىلەشكەن شارائىتتا قانداق خىزمەت قىلىش ۋە قانداق ياشاش مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1987 - يىلى 7 - ئايدا گورباچېۋ ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ۋە ھەرقايسى ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى قوبۇل قىلغان چاغدا، بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز روسىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى يىغىنىدا قىلىنغاندەك ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىدىغان قىلىقلارنى تەشەببۇس قىلمايمىز، ئەڭ ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان چاغدىمۇ كۆپچىلىك ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، مەدەنىيەتلىك ھالدا تالاش - تارتىش ئېلىپ بېرىشى لازىم. شۇڭا بىز دېموكراتىيىنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىشنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. ئۇ مۇنداق قارىدى: «خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا ۋە دۆلەت، جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كەڭ ۋە مەسئۇلىيەتچان مۇزاكىرە بولمايدىكەن، ھېچقانداق ئىجادىي خاراكتېرلىك خىزمەت بولمايدۇ، ھېچقانداق ئىجادىي خاراكتېرلىك باسقۇچمۇ بولمايدۇ.»

سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى چاقىرغان مەركەزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرى مەسئۇل مۇھەررىرلىرى يىغىنىدا بەزىلەر: «مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم» دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ژۇرناللاردا ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا، كىچىك گۇرۇھنىڭ كۆز قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىشقا... جەمئىيەت مۇنبەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن كەتمەن چېپىشقا يول قويماسلىق»نى تەكىتلىدى.

ئاشكارىلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، جىددىي ۋە كەسكىن مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان ئەسەرلەر، مەسىلەن، «ئاربات كوچىسىدىكى باللار» ۋە «بىرېست تىنچلىق شەرتنامىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇنداقلا ئۇرغۇن-

لىغان يېڭى ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. بۇۋاقىتتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر يېڭى
ئەھۋال شۇكى، تارىخشۇناسلار، پەيلاسوپلار ۋە ئىقتىسادشۇناسلار ئارقا-ئارقىدىن ئەدەبى-
يات-سەنئەت ئوبزورچىلىقى قوشۇنىغا كىرىپ كەلدى. مەسىلەن، تارىخشۇناس ئافاناسيېۋ-
نىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مەسىلە — سادىرووۋنىڭ دراممىسى
ھەققىدىكى مۇھاكىمىسى، تولىستويىخنىڭ «ۋىستوتىسكى ھادىسىسى—مىللىي ۋە خەلق-
ئارا ھادىسە» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ماقالىسى، موسكۋا داشۆنىڭ ئىقتىساد ئىلمى-
پروفېسسورى پوپوۋنىڭ ئالېكساندىربېكنىڭ «باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش» دېگەن ئەسى-
رىنى تەھلىل قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىقتىسادىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈ-
زۈلمىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى قاتارلىقلار. شۇ-
نى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئالىملار يازغان ئوبزورلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەر-
قايسى ساھەلىرىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان تەسىرى بەزىدە ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭكىدىن
ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن: پوپوۋ ئىقتىسادشۇناسلىق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئانىسىموۋ (مىنىس-
تىرلار سوۋېتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى) نىڭ لەيلەپ يۈرىدىغان ئىستىلىنى تەھلىل
قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق يەكۈن چىقارغان: تارىختىكى تەجرىبىلەر ۋە ساۋاقلار شۇنى
ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئاخىرقى
ھېسابتا تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە باغلىق، شەخسكە چوقۇنۇش ياكى «بىرىنچى
ئۇنىۋېرسال كېسەللىك» تەنقىد قىلىنىسىلا، ھەممە قىيىن مەسىلىلەر ھەل بولۇپ كې-
تىدۇ، دەيدىغان ئويلار خام خىيالدىن ئىبارەت، خالاس.

### ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە سىياسى

ئىسلاھات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان سوۋېت ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ سىياسىيلىشىش،
ئىجتىمائىيلىشىش خاھىشى كۈنسايىن روشەنلەشمەكتە. دېموكراتىيىلەشتۈرۈش جەر-
يانىدا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى مىسلىسىز جانلىنىپ كەتتى، لېكىن كونا بىلەن يېڭى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىمۇ ئۆتكۈرلەشمەكتە، ئىدېئولوگىيە ساھەسى-
دىكى كۈرەشتە مۇرەككەپ ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە. جىددىي، رېئال ئەھمىيەتكە
ئىگە بولغان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن رومان، ھېكايە، دراما،
شېئىرلار ئاممىنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە قوزغىماقتا. «ئاربات كوچى-
سىدىكى باللار» دېگەن ئەسەرنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇپ كېتىشىدىكى
سەۋەب ئۇنىڭ يېرىمىدا دېگۈدەك دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى تەس-
ۋىرلەنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقىدا پەيدا بولغان «ۋىسوتسكىي قىز-
غىنلىقى» مۇ ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مەلۇم تەرەپ-
لەرنى ئىزاھلاپ بەرسە كېرەك.

1980 - يىلى يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان ۋىسوتسكىي موسكۋادىكى تاگان-
كا» تىياتىرخانىسىنىڭ مۇھىم ئارتىسى ئىدى. ئۇ 600 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر يې-
زىپ، ئۆزى ئاھاڭغا سالغان، ئۆزى گىتار بىلەن ئورۇندىغان. ئۇ يەنە 30 نەچچە كىنو-

## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

# «بىر ئەسىر تەنھالىق» رومانىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى توغرىسىدا

## — گارسىيا ماركىسنىڭ دوستى مېندوزا①نىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى

### گابرىل گارسىيا ماركىسنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

گابرىل گارسىيا ماركىس 1928 - يىلى كولۇمبىيىنىڭ ماگادالانا ئۆلكىسىدە دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، لاتىن ئامېرىكىسى سېھرى رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچىسى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا قانۇن ئۆگەنگەن. كېيىن ئاخبارات خىزمىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان، يەتتە يېشىدىن باشلاپ «مىڭ بىر كېچە»نى ئوقۇشقا باشلىغان ھەمدە ئانىسىدىن ھىندىئانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەپسانە، رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1955 - يىلدىن تارتىپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ، كولۇمبىيىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەتتە پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ تارىخى، كۈرىشى ۋە تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ۋە دەۋر قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ ئىجادىيەتتە، بىر تەرەپتىن، جامېس جويىس، فرانس كافكا، ۋىلىيام فولكنېر ئېرنېست ھېمىڭۋاي قاتارلىق مودېرنىزم ئەدەبىياتى پېشۋالىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن، ھىندىئان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ ۋەقە بايان قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات قارىشىغا ئىگە يازغۇچى. ئۇنىڭ «سولغان ياپراق» (1955)، «قاباھەتلىك دەقىقە» (1961)، «بىر ئەسىر تەنھالىق» (1967)، «ئائىلە باشلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى» (1975) «ۋابا يامرىغان مەزگىلدىكى سۆيگۈ (1985) قاتارلىق رومانلىرى، «ھېچكىمدىن خەت تاپشۇرۇپ ئالمىغان پولكوۋنىك» (1961)، «سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى پۇر كەتكەن دېلو» (1981) قاتارلىق پوۋېستلىرى، «گېراند مومايىنىڭ سوۋغىسى» (1962) ناملىق ھېكايىلار توپلىمى ۋە «ئېلىپ قېچىش» (1984) ناملىق كىنو سىنارىيىسى بار. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «بىر ئەسىر تەنھالىق» ناملىق رومان يازغۇچىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، لاتىن ئامېرىكىسى سېھرى رېئالىزم ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ روماندا يۈز يىلدىن ئوشۇق گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ماكوندو رايونىنىڭ ھەمدە بۇ رايوندا ياشىغان بۇئېندىيا ئائىلىسىدىكى يەتتە ئەۋلاد ئادەمنىڭ تۇرمۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، قايغۇ ۋە خۇشاللىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن ۋەقەلىكى بىمەنە بولغان ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى زىچ بىرلەشتۈرۈش

① پىلىنيو ئاپولىيو مېندوزا — كولۇمبىيىلىك ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە مۇخبىر.

ئارقىلىق بىر ئەسىردىن كۆپرەك تەنھالىق، قاششاقلىق ھالىتىدە تۇرغان بوئېندىيا ئائىلىسىنى تەسۋىرلەپ، لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنىڭ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشلىرىنى ۋۇەپپەقىيەتلىك ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن. گارسىئا ماركىس 1982 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

— سىز «بىر ئەسىر تەنھالىق» رومانىنى يېزىشقا كىرىشكىنىڭىزدە نېمىلەرنى ئويلىغانىدىڭىز؟

— بالىلىق دەۋرىمدە مۇئەييەن شەكىللەر ئارقىلىق مېنى ھاياجانغا سالغان نەرسىلەرنى مۇكەممەل بەدىئىي فورمىغا كىرگۈزۈشنى ئويلىغانىدىم.

— نۇرغۇن تەنقىدچىلەر رومانىڭىزدا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دارىتمىلانغانلىقى ۋە ئوخشىتىلغانلىقىنى بايقاپتۇ.

— ياق. مەن بالىلىق دەۋرىمنى شېئىرىي تۇستە قايتا ئەكس ئەتتۈرۈشنىلا ئويلىغانىدىم. سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم چوڭ بىر ۋەيرانە ئۆيدە ئۆتكەن. يېنىمدا داڭگال يەيدىغان سىڭلىم، دائىم رەم ئېچىپ ئولتۇرىدىغان موماڭ ۋە يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بار ئىدى. ئۇلار بەخت بىلەن قورۇق خىيالنى ئەزەلدىن ئانچە پەرقلەندۈرۈپ كەتمەيتتى.

— تەنقىدچىلەر دائىم سىزنىڭ مۇددىئايىڭىزنى ئىنتايىن مۇرەككەپ دەپ قارايدىكەن.

— ئەسىرىمدە دارىتمىلاش ۋە ئوخشىتىش بار دېيىلسە، ئۇ قەستەنلىكتىن ئەمەس، بىراق تەنقىدچىلەر بەزىدە يازغۇچىنىڭ ئەكسىچە، ئەسەردە كۆرۈنۈپ تۇرغىنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزى خالىغان نەرسىنى كۆرىدۇ.

— تەنقىدچىلەر توغرىلىق گەپ بولسىلا، سىز ھەمىشە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىسىز. نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن شۇنچە خوشىڭىز يوق؟

— ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار «بىر ئەسىر تەنھالىق» تەك بۇنداق بىر روماندا ھېچبىر جىددىي پوزىتسىيىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرگە بولغان دارىتمىلاش بىلەن تولغانلىقىنى قىلچە نەزەرگە ئالمىدى. بۇنداق دارىتمىلاشنى دارىتمىلانغۇچى كىشىلا بايقىيالايدۇ، بىراق ھېلىقى تەنقىدچىلەر جاھاندىكى كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشتىنمۇ قورقماي، بىر خىل نوپۇزلۇق سالاپەت ۋە پىدىلىكارلىق روھ بىلەن روماندىكى ھەممىۋا تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى كەلسە - كەلمەس تاپماقچى بولۇشتى. مەسىلەن، مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، مەلۇم بىر تەنقىدچى روماندىكى بىر پېرسوناۋ (گابرىل) نىڭ رابلېنىڭ ئەسەرلىرىنى پارىژغا ئېلىپ بارغانلىقىغا قاراپلا، رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسىنى بايقىدىم دەپ ھېسابلىغان. ئۇ مۇشۇ بايقاش ئارقىلىق روماندىكى پېرسونالارنىڭ ھەر خىل ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ تولىمۇ غەلىتە، ھېچ مۇقامغا چۈشمەيدىغان قىلىپ يېزىلىشىغا قاراپلا مېنى رابلې ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېدى. ئەمەلىيەتتە مەن رابلېنىڭ ئىسمىنى خۇددى بىر تال

بانان شاپىقىنى تاشلاپ قويغاندەكلا ئەسىرىمگە قوشۇپ قويغانىدىم. ئۇرغۇن تەنقىدچىلەر ئاشۇ شاپاقتا تېيىلىپ يۈرۈشىدۇ.

— تەنقىدچىلەرنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، رومان سىزنىڭ باللىق دەۋرىڭىزدىكى خاتىرىلىرىڭىزنىڭ شېئىرىي تۈستە قايتا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىكەن. بىر قېتىم سىز بوئېندىيا ئائىلىسىنىڭ تارىخى لاتىن ئامېرىكىسى تارىخىنىڭ يىغىنچاقلانغان كۆرۈنۈشى دېمىگەنمىدىڭىز؟

— توغرا، مەن شۇنداق قارايمەن. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تارىخىمۇ چېكىدىگە يەتكەن، ئەھمىيەتسىز جاپالىق كۈرەش بىلەن بالدۇرلا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدىغان كومېدىيىنىڭ يىغىندىسى، ئۇنتۇلغاق كېسەللىك بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بانان شىركىتىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ۋەھشىيلەرچە قىرغانلىقىنىڭ ھەقىقىي ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئورېلىيانو پولكوۋنىكنىمۇ كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ.

— ئۇنداقتا پولكوۋنىكنىڭ 32 قېتىم مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇش قىلىشى بىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈمىدسىزلىكىمىزنى ئىپادىلەيدىكەن. ئەگەر پولكوۋنىك ئورېلىيانو بوئېندىيا غەلىبە قىلغان بولسا، قانداق بولغان بولاتتى؟

— چوڭ جەھەتتىن قارىغاندا، «ئائىلە باشلىقى»غا ئوخشاش بولاتتى. روماننى يېزىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى مەزگىللەردە مەندە پولكوۋنىكقا ھاكىمىيەت ئىگىلىتىش ئويى بار ئىدى. بۇنداق بولغاندا، مېنىڭ يازغىنىم «بىر ئەسىر تەنھالىق» بولماستىن، بەلكى «ئائىلە باشلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى» بولغان بولاتتى.

— بىزنىڭ بەختسىز تارىخىي تەقدىرىمىز تۈپەيلىدىن ئەگەر كىمدە-كىم مۇستەبىتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىدىكەن، ئۇ ئىنتايىن زور خېيىم-خەتەرگە قارىملىق قىلغان بولىدۇ. ئۇ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا بىر مۇستەبىتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز مۇشۇنداق قارىشىمىز كېرەكمۇ؟

— «بىر ئەسىر تەنھالىق» تا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر ئادەم ئورېلىيانو بوئېندىياغا: «سەن ھەربىيلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ئۇلار بىلەن شۇنچە قارشىلاشتىڭ، ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ كەتتىڭ. كۈنلەرنىڭ بىردە سەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالارسەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن» دەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا يەنە: «ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، سەن بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەڭ قانخور مۇستەبىت بولۇپ قالىسەن» دەيدۇ.

— سىز 18 ياش ۋاقتىڭىزدىلا بۇ روماننى يېزىشنى ئويلىغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ئۇ چاغدا «ئائىلە» دەپ ئىسىم قويغانىدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا مەن پۈتۈن ۋەقەلىك بوئېندىيا ئائىلىسىدە قانات يېيىشى كېرەك دەپ ئويلايتتىم.

— تېزىسىنى قايسى دەرىجىدە يازغانىدىڭىز؟ يۈز يىللىق ۋەقەنى ئۆز ئىچىگە ئالامتى؟

— مەن بىر-بىرىگە باغلىنىدىغان مۇكەممەل پىكىرنى ئويلاپ باقمىغان. بۇنىڭ

ئىچىدىكى بەزى باپلارنى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈم ئىشلەۋاتقان گېزىتتە ئېلان قىلدۇرغانىدىم. مەن يىل سانىغا دىققەت قىلىپ باقمىغانىدىم. ھەتتا «بىر ئەسىر تەنھالىق»نىڭ ۋەقەلىكى ھەقىقەتەن يۈز يىلنى باشتىن كەچۈرەمدۇ - يوق، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتىم.

— سىز ئېمىشقا ئۇنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويدىڭىز؟

— ئەينى ۋاقىتتا مەندە بۇ ئەسەرنى يازغۇدەك ھايات تەجرىبىسى، جۈرئەت ۋە ماھارەتمۇ يوق ئىدى.

— لېكىن ۋەقەلىك ئۈستىدە داۋاملىق باش قاتۇرۇپسىز.

— تەخمىنەن 15 يىل ئويلاندىم. مەن دەككە - دۈككە ئىچىدە يۈردۈم. بىر كۈنى مېرسېدېس① بىلەن بالىلارنى ئېلىپ ئاكا بورىكقا ② كېتىۋېتىپ، ئىلھامىم قوزغىلىپ قالدى. رومانىمدا تەسۋىرلەنگەن بالىلارنى دادىسى مۇز كۆرسىتىشكە باشلاپ بارىدىغان كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ مومام چۆچەك ئېيتىپ بەرگەن پەيتتە مەنمۇ چۆچەك ئېيتقۇزۇشۇم كېرەكلىكىنى ئويلاپ قالدىم.

— تۈزلا بايان قىلىنىدىغان چۆچەكمۇ؟

— شۇنداق، بۇ چۆچەكلەردە، تولىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان نەرسە ۋە ھادىسىلەر قىلچە غەرەزسىز ھالدا ئادەتتىكى نەرسىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

— سىز ھەقىقەتەن يېرىم يولدىنلا قايتىپ كېلىپ، بۇ رومانىنى يېزىشقا باشلىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، مەن ئاكابورىكقا بارمىدىم.

— مېرسېدېسچۇ؟

— مېنىڭ بۇنداق تەتۈرلۈكىمنى ئۇنىڭ كۆپ قېتىم ئېغىر ئالمىغانلىقىدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بار. مېرسېدېس بولمىغان بولسا، بۇ رومانىنى يېزىپ چىقالمىغان بولاتتىم. ئۇ ھەننىۋا قىيىنچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى مەن بىر پىكاپ سېتىۋالغانىدىم. مەن پىكاپنى گۆرۈگە قويدۇم - دە، ئالتە ئايغا يەتكۈدەك پۇلنى مېرسېدېسنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. بىراق مەن بۇ رومانىنى بىر يېرىم يىل يازدىم. پۇل تۈگىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋايسىمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ قانداق ئامال قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، قاسساپ گۆشنى، بولكا ساتقۇچى بولكىنى نېسىگە سېتىپ بېرىپ تۇردى. ئۆي ئىگىسىمۇ ئۆي ئىجارىسىنى بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئالدى، مېرسېدېس ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئارىلاپ ماڭا 500 بەت ئىش قەغىزى ئەكىلىپ بېرەتتى. بۇ قەغەز 500 بەتتىن زادىلا كېمەيمەيتتى. ئۇ روماننى تاماملىنىشى بىلەنلا قول يازمىنى پوچتىخانىغا ئاپىرىپ، جەنۇبىي ئامېرىكا نەشرىياتىغا سالدى.

— ئۇ، قول يازمىنى پوچتىخانىغا ئېلىپ ماڭغىنىدا، «بۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ئەجىر

① مېرسېدېس-گارسىيا ماركىسنىڭ ئايالى.

② ئاكا بورىك - مېكسىكىنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى.

uyghurkitap.com



سىگدۈرۈلدى. ئاخىرى بۇ يارىماس ئەسەر بولۇپ چىقسا قانداق قىلغۇلۇق» دەپ دەككە-دۈككىدە بولغانلىقىمنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مەن مىرسېيدېس بۇ ئەسەرنى ئوقۇماپتۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇ راستىنلا ئوقۇمىغانمىدى؟

— مىرسېيدېس قول يازمىمنى ئوقۇشنى ياقتۇرمايدۇ.

— ئۇ بالا - چاقىلىرىڭىزغا ئوخشاش ئەسەرلىرىڭىزنى ئەڭ كېيىن ئوقۇغانلارنىڭ بىرى ئىكەن - دە. ئەينى ۋاقىتتا «بىر ئەسىر تەنھالىق» نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئىشەنچىڭىز بارمىدى؟

— ئۇ تەنقىدچىلەرنىڭ ئوبدان باھاسىغا ئېرىشىدىغۇ دەپ ئىشەنچ قىلغانىدىم، ئەمما نۇرغۇنلىغان كىتابخانلار ئارىسىدا مۇنچىۋالا شۆھرەت قازىنىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، مەن بەش مىڭ پارچە سېتىلىشى مۇمكىن دەپ مۆلچەر قىلغانىدىم (مېنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلىرىممۇ بىرنەچچە مىڭ پارچىلا سېتىلاتتى)، جەنۇبىي ئامېرىكا نەشرىياتى ئىشەنچ بىلەن قاراپ، سەككىز مىڭنى ساتقىلى بولىدۇ دەپ مۆلچەرلەپتۇ. ئەمەلىيەتتە بىرىنچى نەشرى بۇئېنوس ئايرېستىن ئىبارەت بىر شەھەردىلا 15 كۈن ئىچىدە پاك - پاكىزە سېتىلىپ بولدى.

— بىز ئەسەر ئۈستىدە سۆزلىشەيلى، بۇئېندىيا ئائىلىسىنىڭ تەنھالىقىغا نېمە سەۋەب بولغان؟

— مېنىڭچە، مېھرى - مۇھەببەتنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەب بولغان. روماندا بىر ئەسىر ئىچىدە بۇئېندىيا ئائىلىسىدە چوشقا قۇيرۇقلۇق ئاخىرقى ئەۋلاد ئورېلىيانولا مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسىدە تۇغۇلىدۇ. بۇئېندىيا ئائىلىسى مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدۇ. تەنھالىق ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ سىرى ئەنە شۇ يەردە. تەنھالىق، مېنىڭچە خۇشاللىقتىنمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولماسلىق دېگەن مەنىدە.

— مەن سىزدىن باشقىلار كۆپ سوراپ بولغان سوئالنى، يەنى رومانىڭىزدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئورېلىيانو ۋە خوسىي ئاركادىئولار بار دېگەنلەرنى سوراپ ئولتۇرماي، چۈنكى بۇ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان. بىزنىڭ ئىسمىمىز دادىمىز ياكى بوۋىمىزنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئائىلىدە بۇ تېخىمۇ قالايمىقان. سىزنىڭ بىر ئىنىڭىزنىڭ ئىسمىمۇ گابرىيل. بىراق مەن ئورېلىيانو ئائىلىسى بىلەن خوسىي ئاركادىئو ئائىلىسىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگە بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. بۇ بەلگە قايسى؟

— ئەڭ ئاددىي بەلگە شۇكى، خوسىي ئاركادىئو ئائىلىسىنىڭ جان سانى كۆپ، ئورېلىيانو ئائىلىسىنىڭ جان سانى كۆپ ئەمەس، خوسىي ئاركادىئو سېكوندو ئائىلىسى بىلەن ئورېلىيانو سېكوندو ئائىلىسىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار قوشكېزەك ئاكا - ئۇكا بولغاچقا، چىراي - شەكلى ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن، كىچىكىدە ئۇلارنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى.

— روماندا ھاماقەتلىكنىڭ ھەممىسىنى ئەرلەر (خىيالپەرەسلىك، ئۇرۇش قىلىش، ئەيش - ئىشرەتكە قاتتىق بېرىلىش)، ئاقىلانىلىقنىڭ ھەممىسىنى ئاياللار قىلىدىكەن،

بۇ سىزنىڭ ئىككى جىنسقا بولغان قارىشىڭىزمۇ ـ قانداق؟

— مېنىڭچە، ئەرلەر تارىخنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغاندا، ئاياللار دۇنيانىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەككە ـ دۈككە ئىچىدە دۇنيانى تىرەپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا كىشىلەر زادى قايسى خىل ھەرىكەتنىڭ ئەڭ نادانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.

— ئاياللار جەمەتنىڭ كۆپىيىشىگىلا كاپالەتلىك قىلىپ قالماستىن، بەلكى رومانىنىڭ راۋاجىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئۇرسۇلا ئىگۇلاننىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سىرىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ئۇ ئىچكى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا ئۆلۈپ كەتسە بولاتتى، شۇ چاغدىلا يۈز ياشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، روماننىڭمۇ ئاياغلىشىپ قالىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ ئۆلسىلا، روماندىكى جىددىيلىك پەسىيىپ كېتەتتى ـ دە، كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ ھېچقانچە زورۇرىيىتى قالمايتتى.

— پېتراكىتنىڭ روماندا نېمە رولى بار؟

— تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، ئۇ كىشىگە فېرناندانىڭ ئەكسىنى ئەسلىتىدۇ، يەنى ئاندىس تاغلىق رايونىدىكى ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئەخلاقى ـ پەزىلەت جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتىن خالىي بولغان گالىبى ئايالى. ئەمما مېنىڭچە، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇرسۇلا بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

— سىز بۇ رومانىنى يېزىۋاتقىنىڭىزدا بەزى پېرسوناژلارنىڭ تەرەققىياتى سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ باقسىڭىز قانداق؟

— بولىدۇ، سانوفىئا دېل راپىدا شۇلارنىڭ بىرى، روماندا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇخۇ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىنىدە رېئاللىقتىكىدەك ئائىلىسىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. گەرچە بۇ پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدا پۈتۈنلەي شەخسىيەتسىزلىك ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل پەزىلەتلەر رومانىنىڭ بۇنداق نەتىجىلىنىشىنى تېخىمۇ ئىشىنەرلىك قىلغان تەقدىرىمۇ لېكىن مەن يەنىلا بۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇنداق بولمىغاندا، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

— سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەن (سىزگە بويسۇنمىغان) پېرسوناژمۇ بارمۇ؟

— خاراكتېرى ۋە تەقدىرى جەھەتتىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدىكىدىن ئۆزگىچە چىققان، يەنى سىزغان سىزىقىمدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەت ئۈچ پېرسوناژ بار. ئورېرىئانو خوسېنىڭ ھامما ئاچىسى ئامارانتاغا بولغان قىزغىن ھېسسىياتى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى، باشتا ئويلىغىنىمدا، خوسې ئاركادىئو سېكوندو ئىشچىلار ئويۇشمىسىغا زادىلا باش بولالمايتتى. يەنە بىرى، ئۆزىنى پاپا دەپ قارايدىغان خوسې ئاركادىئونىڭ چۈنكۈنلىشىپ كەتكەن ئادونىئاس تىپىدىكى پېرسوناژغا ئۆزگىرىپ كېتىشى رومانىنىڭ

باشقا قىسىملىرى بىلەن ئانچە باغلىنىپ كەتمەيدۇ.

— روماندىكى بەزى يىپ ئۇچىنى ئىگىلىگەن بىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزى ۋاقىتتا ماكوندو بىر يېزا يەنە كېلىپ سىزنىڭ يېزىڭىز بولۇپ تۇرۇۋەرمەستىن، بەلكى بىر شەھەرگە — باررانكىيىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئاخىر ئۇ يەردىكى ئۆزىڭىزگە تونۇش بولغان ئادەمنى، يۇرتنى يازدىڭىز، بۇ ئۆزگىرىش سىزدە قانداق مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى؟

— ماكوندو دۇنيادىكى بىر جاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بىر خىل روھىي ھالەت، ئەينى ۋاقىتتا ماڭا تەس تۇيۇلغىنى بىر يېزىنىڭ دائىرىسىنى بىر شەھەرگە ئايلاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى بۇرۇلۇش پەيتىدە يۇرتىغا بولغان تارتىنىش ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى كىشىلەرگە سەزدۇرمەسلىك بولدى.

— سىزگە نىسبەتەن بۇ روماننى يېزىشتىكى ئەڭ مۇشكۇل پەيت قايسى؟

— باشلاش. شۇ كۈنى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، مەن ناھايىتىمۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاران تەستە بىرىنچى جۈملىنى يازدىم. ئۇچاغدا مەن قاتتىق دەككە-دۈككە ئىچىدە قالغانىدىم. كېيىن قانچىلىك تەس بولۇپ كېتىشىنى كۆز ئالدىمغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتىم. ئەمەلىيەتتە ئورمانلىقتىن چوڭ بىر يەلكەنلىك كېمىنى تېپىۋالغانغا قەدەر مەن بۇ روماننىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەنچ قىلالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا روماندا جىددىي بۇرۇلۇش بولۇپ، كۆڭلۈم ئىزىغا چۈشتى.

— روماننى قولدىن چىقارغان كۈنىڭىز ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ سائەت قانچىدە تاماملىغانىدىڭىز؟ شۇ چاغدا سىزنىڭ روھىي قىياپىتىڭىزدە قانداق ئۆزگىرىش بولغان؟

— مەن 18 ئايدا يېزىپ تاماملىدىم. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە يازاتتىم. روماننى ئەتىگەن سائەت 11 لاردا قولدىن چىقارغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن ھېلىمۇ ئېسىمدە. بۇ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئىدى. مېرسېدېس ئۆيدە يوق ئىدى، تېلېفون بېرىپمۇ ھېچكىمنى تاپالمىدىم. مېنىڭ بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئېيتقۇم كەلمىدى. ئەينى ۋاقىتتا تىت-تىتلىق ئىچىدە قالغان ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي ئۇنى-بۇنى قىلىپمۇ باقتىم. ئاران دېگەندە سائەتنى ئۈچ قىلغانلىقىم تونۇگۈنكى ئىشتەكلا ئېنىق ئېسىمدە.

— تەنقىدچىلەر (سىزنىڭ بەكمۇ خوشىڭىز يوق تەنقىدچىلەر) روماننىڭ بەزى ئاساسىي تەرەپلىرىگە چوقۇم سەل قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇ قايسى تەرەپلەركىن؟

— روماننىڭ ئەڭ يۈكسەك قىممىتى ئاپتور ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بارلىق بىچارە پېرسوناژلارغا نىسبەتەن چەكسىز ھېسداشلىق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

— كىم سىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كىتابخان بولالايدۇ؟

— سوۋېت ئىتتىپاقىلىق بىر دوستۇم ياشانغان بىر ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئايال روماننى تولۇق كۆچۈرۈۋالغانىكەن. ھېلىقى دوستۇم ئۇنىڭدىن

ئېمىشقا كۆچۈرۈۋالغانلىقىنى سوراپتىكەن، ئۇ ئايال: زادى كىم ئېلىشىپ قالدى، ئاپتورمۇ ياكى مەنمۇ، بۇنى بىلگۈم كەلدى. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بۇ روماننى يېڭىباشتىن كۆچۈرۈپ چىقىش ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەن ئاشۇ ئايالدىنمۇ ياخشى كىتابخاننىڭ بارلىقىنى قىياس قىلالمايمەن.

— رومان قانچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندى؟

— 17 خىل تىلغا.

— ئاڭلىشىمچە، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ.

— شۇنداق. ناھايىتى ياخشى چىققان. ئەسەرنىڭ تىلى ئىنگلىزچىدە ئىخچاملىنىپ، تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىپتۇ.

— باشقا تەرجىمىلىرىچۇ؟

— ئىتالىيان ۋە فرانسۇز تەرجىمانلار مەن بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى كۆپ ئەجرى قىلدى. بۇ ئىككى خىل تەرجىمىمۇ ياخشى چىققان، لېكىن فرانسۇزچە تەرجىمىنىڭ ئەسلى نۇسخىغا تازا سادىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

— ئەنگلىيە بىلەن ئىتالىيىگە قارىغاندا، فرانسىيىدە سېتىلىش مىقدارى ئاز، ئىسپان تىل سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەرنى تىلغا ئالمايلا قويايلى. يۇقىرىقى دۆلەتلەردە بۇ كىتاب روشەنكى ئادەتتىن تاشقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. سىز بۇنىڭ سەۋەبىنى نەدىن ئىزدەيسىز؟

— بەلكىم دېكارت① پەلسەپىسى سەۋەبچى بولغاندۇر. مەن دېكارتنىڭ كەسكىنلىكىگە قارىغاندا، رابلېنىڭ ئەسەبىيلىكىگە تېخىمۇ قايىلمەن. فرانسىيىدە دېكارت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. ئېھتىمال، مۇشۇ سەۋەبچى بولغاندۇ. گەرچە رومان فرانسىيىدە ئىنتايىن ياخشى باھاغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا دۆلەتلەردىكىگە قارىغاندا، ئومۇملىشىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن. يېقىندا روسانا روساندا② ماڭا رومانىنىڭ فرانسىيىدە 1968-يىلى نەشر قىلىنغانلىقىنى، ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ئانچە پايدىلىق ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— «بىر ئەسىر تەنھالىق» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەيران قالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ناھايىتى ھەيران قالدىم.

— سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرلىرىنى تېپىپ چىقىشنى ئويلىمامسىز؟

— ياق، بىلىشنى خالىمايمەن. بۇ روماننى يازغان ۋاقىتىمدا بىرنەچچە دوستلارنىلا ئويلىغانىدىم. زادى نېمە ئۈچۈن مېزىلىك ھېسپتەك كۆپ خېرىدارلىق بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى سىرلارنى ئىزدەش خەتەرلىك.

«نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابتىن كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى

---

① دېكارت — (1596 — 1650) فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ۋە ماتېماتىك.

② روسانا روساندا — كارسىئا ماركىسنىڭ دوستى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

### پۇشكىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى

پۇشكىننىڭ تۆت بالىسى بار ئىدى. كېيىنچە نەۋرىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ئەۋلادى 17 گە يەتتى. شائىرنىڭ ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى 256 ئادەم بولۇپ، ئۇلاردىن ھازىرغىچە ياشاۋاتقانلىرى 183 كىشى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بەزىلىرى چەت ئەلدە.

شائىرنىڭ چوڭ ئوغلى — ئالېكساندىر بىر قېتىم قىزىقچىلىق قىلىپ: «مەن — دادامنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز ئەسىرى» دېگەنىدى. تەبىئىيكى، بۇ چاقچاق گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ناھايىتى يارامىلىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كەسپى ھەربىي بولۇپ، ئارۋا 13-ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بولغان، روسىيە-تۈركىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان، بۇلغارىيىنى تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىدىغان تۈركادىر ئۇرۇشىدا «باتۇرلۇق» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ئالتۇن قىلىچ بىلەن مۇكاپاتلانغان. XX ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ تەربىيىلىشى ۋە تەسىرى بىلەن ئەسكەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ۋە باشلىقلارغا خوشامەت قىلىدىغان ئۇرغۇنلىغان ئوفىتسېرلەردىن باشقىچە يول تۇتقان. بىز ئۇنىڭ پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇن ئورىگىنال ۋە قول يازمىلىرىنى، شۇنداقلا شائىرنىڭ خەت-چەكلىرى ۋە خۇسۇسىي بۇيۇملىرىنى ساقلاپ قويغانلىقىغا، ئاتىسىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشىر قىلغان نەشرىيات سودىگەرلىرىگە دائىم ياردەم بېرىپ تۇرغانلىقىغا، ئاتىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كۆرگەزمە ئاچقان كىشىلەرگە ياردەملەشكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. ئۇ، 1880-يىلى ئۆزى ساقلاۋاتقان پۇشكىن قول يازمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى رومانسېيۇسكىي مۇزېيىغا تەقدىم قىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ روسىيە مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن، موسكۋا رومانسېيۇسكىي مۇزېيىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. ئالېكساندىر 1914-يىلى يازدا ۋاپات بولدى.

شائىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى گرىگورى گۋاردىيىدە نەچچە يىل ۋەزىپە ئۆتەپ، كېيىنچە قىسمىدىن چېكىنىپ، مىخايلوۋسكىي كەنتىدە 33 يىل تۇردى، دادىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ يەردە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، 1950-يىلى ۋاپات بولدى.

ئۇرغۇن كىشىلەرگە مەلۇمكى، شائىرنىڭ چوڭ قىزى — مارىيەنى يازغۇچى تولىستوي ئاننا كارېنىنانىڭ تەققى-تۇرقىنى تەسۋىرلەشتە پورترېت قىلغانىدى. گەرچە مارىيە: «تامامەن ئوڭداق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمنىلا تەسۋىرلىگەن» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پورترېت قىلىنغانلىقى راست ئىدى. ت. كوزمېنسكايا ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «بىز نەپىس چاي ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق... شۇ چاغدا ئالدى ئىشىك ئېچىلىپ ناتونۇش بىر ئېسىلزادە خانىم كىرىپ كەلدى، چۆرىسى كەشتىلەنگەن قارا كۆڭلەك كىيىپ، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلگەن بۇ خانىمنىڭ تەققى-تۇرقى كېلىشكەن، بوي-بەستى ئېلىپتەك تۈز ۋە گۈزەل ئىدى». «بىرەيلەن مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. لېۋ تولىستوي چاي ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋەردى، مەن ئۇنىڭ بۇ خانىمغا زەڭ قويۇپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ:

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— گار تونىگ خانىم، شائىر پوشكىننىڭ قىزى.

— ھە، — دېدى تولىستوي ئاۋازىنى سوزۇپ، — مەن ئەمدى چۈشەندىم... قاراڭ، ئۇنىڭ ئەرەبلەرنىڭكىدەك بۇدۇرە چاچلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ۋە ئېسىلكەن.»

«لېۋ تولىستوينى مارىيەگە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار چاي ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكى ماڭا ئېنىق ئەمەس، مەن پەقەت ئۇنىڭ خاراكتېر ياكى تۇرمۇش جەھەتتە ئەمەس، بەلكى سىرتقى قىياپىتىدىنلا ئەسەردىكى ئاننا كارېنىنانىڭ پروتو تىپى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ پاكىتنى تولىستويمۇ ئېتىراپ قىلغان.»

مارىيە موسكۋا پوشكىن كۇتۇپخانىسىنى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتى. بۇ كۇتۇپخانا شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىدا ئېچىلدى. مارىيە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە كۇتۇپخانىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ 1919-يىلى موسكۋادا قازا تاپتى.

پوشكىننىڭ كىچىك قىزى ناتالىيە پوشكىن ئۆلگەندە ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغانىدى. ئۇ 17 ياشقا كىرگەندە، مىخايىل دوبېرىتقا ياتلىق بولدى. مىخايىلنىڭ ئاتىسى مەشھۇر ژاندارما گېنېرالى بولۇپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئەمدىلا قازا تاپقان پوشكىننىڭ تۇرالغۇ جايىغا قارىتا ئاتالمىش «ئۆلگەندىن كېيىن تەكشۇرۇپ سوراق قىلىش» ئېلىپ بېرىلدى. 1862-يىلى مارىيە بىلەن مىخايىل ئاداجۇدا بولدى. كېيىن، ئۇ گېرمانىيىلىك گېرتسوگ نىكولاي ۋىلىيام فاشاۋسكىغا ياتلىق بولۇپ، بارون خانىم دېگەن نامنى ئالدى ھەمدە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە گېرمانىيەنىڭ ۋېسباتىن شەھىرىدە ياشىدى.

ناتالىيە ئاتىسىنىڭ بىر تۈركۈم خەت-چەكلىرىنى ساقلىغان بولۇپ، 1878-يىلى تۇرگېنېۋ ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «ياۋروپا گېزىتى» گە بۇ خەت-چەكلەرنىڭ

ھەممىسىنى دېگۈدەك باستى. تۇرگىنېۋ ئاكىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «‹ياۋروپا گېزىتى› تەھرىر بۆلۈمى پوشكىننىڭ قىزىدىن ئاتىسى ئاپىسىغا يازغان خەتلەرنى سېتىۋالدى ھەممە ئېلان قىلدى. پوشكىننىڭ قىزى مېنى تەھرىرلىككە (مېنىڭچە، بۇ ماڭا نىسبەتەن چوڭ شان - شەرەپ ئىدى)، يەنى كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە، خەتتىكى ئېلان قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان جايلارنى چىقىرىۋېتىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلدىم. مۇبادا سىز ‹ياۋروپا گېزىتى› گە ئېرىشەلىگەن بولسىڭىز، تەلىيىڭىز ئۇڭدىن كەلگەن بولاتتى! ئۇنىڭ بىرىنچى ساندا پۈتۈن خەت - چەكلەرنىڭ يېرىمىنى كۆرەلەيتتىڭىز. كىشىنى ھەيران قالدۇرۇ- دىغىنى شۇكى، شائىرنىڭ كىچىك قىزى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەن.»

1880 - يىلى يازدا پوشكىننىڭ ئەۋلادلىرى شائىرنىڭ يۇرتى موسكۋاغا جەم بولۇپ، پوشكىن خاتىرە مۇنارىسىنىڭ داغدۇغىلىق ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. 1889 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇلار يەنە پوشكىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىل- لىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

پوشكىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كەسىپىي ھەربىيلەر بار. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى پارتلىغاندا، پوشكىننىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادلىرىدىن توققۇز كىشى ئالدىنقى سەپكە باردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە كۈنىگىچە ياشىدى ھەممە شەرەپ بىلەن قەھرىمانلىق ئوردېنىغا ئېرىشتى. شائىرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە يەنە دوختۇر، گېئولوگ، فىلدشىر، مۇخبىر، مائارىپچى، ئىنژېنېر قاتارلىقلارمۇ بار، پەقەت شائىرلا يوق. پوشكىن چاقچاق قىلغان ھالدا: «ئەڭ ياخشىسى ئۇ (ئۆزىنىڭ ئوغلىنى دېمەكچى — ت) مېنىڭ يولۇمدا ماڭمىسۇن، شېئىر يازمىسۇن...» دېگەنىدى. قىزىقارلى- قى شۇكى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى راستىنلا ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆر- گەندەك تۇرىدۇ.

پوشكىننىڭ نەۋرە قىزى — مارىيە گوگۇلنىڭ بىر تۇغقان جىيەن ئوغلى — نىكو- لاي بىلىكوۋغا تەگدى. دېمەك، پوشكىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى 68 كى- شى گوگۇلغىمۇ تۇغقان كېلەتتى.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى گېئورگى گارىن — پوشكىننىڭ ئەۋرىسى.)

(«چەت ئەل ماقالىلىرىدىن تەرمىلەر» نىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانىدىن)

غۇپۇر قادىر تەرجىمىسى

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ ئەدەبىيات مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يىلىروچىڭ مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەھرىر، ئىجادىيەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «بىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىدا يۇقىرى سۈپەتلىك، تەسىرى بار بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، خېيىم-خەتەر، جاپا-مۇشەققەت، ھاياتىي كۈچ ۋە ئۈمىدكە تولغان ئىسلاھات ئىشلىرىغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز كېرەك.»

يىلىروچىڭ ئارقىدىنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يېزىلىدىغان ئەسەرلەر كۆرگەزمىچىلىك ۋە دەبدەبىچىلىككە بېرىلمەسلىكى، «ھەشەمەت» قوغلاشماسلىقى، بەلكى پۇختا، جانلىق بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي يۇقىرى سۈپەتلىك، تەسىرى بار ئەسەرلەر پۇل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، پۇل بەرسىلا ياخشى ئەسەر چىقىدۇ، دەپ قارماسلىق كېرەك، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يىلىروچىڭ بەزى رەھبەرلەرنىڭ پىسخىكىسىنى تەنقىدلەپ، مۇنداق دېدى: بەزى ئەسەرلەرنى ئامما ناھايىتى ياقتۇرىدۇ، سەنئەت ساھەسىمۇ ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ، ئەمما ئاپتورنىڭ ئىدارىسىدىكى رەھبەر ئۇنى باستۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى بۇ رەھبەر ئۇ ئەسەردە جەزمەن ئوخشىمىغان پىكىر بارلىقىنى بىلىدۇ، ھالبۇكى ئۆز ئىدارىسىدە تالاش-تارتىش بولۇشىنى خالىمايدۇ. مېنىڭچە، قىلچە تالاش-تارتىش بولمىغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەھمىيەتسىز ئەسەرلەردۇر. تالاش-تارتىشقا سەۋەبچى بولغان بەزى ئەسەرلەردە ھەمىشە يېڭىلىق يارىتىلغان، ئەندىزىچىلىك بىكار قىلىنغان بولىدۇ. ھەق دېسە، مانا شۇنى دېسە بولىدۇ. بىزنىڭ رەھبىرىي يولداشلىرىمىز دادىل بولۇشى كېرەك، بىر قېلىپقا چۈشۈۋېلىشنى قوغلىشىدىغان پىسخىكىنى ئۆزگەرتمىسەك، يۇقىرى سۈپەتلىك، تەسىرى بار ئەسەر چىقىرىشمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

△ شاڭخەي شەھىرىدە ئەدەبىي خاتىرە ۋە ئەدەبىي ئاخباراتقا دائىر تالاش-تارتىش دېلولىرى كۆپەيمەكتە. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان شاڭخەي شەھىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار بىر تەرەپ قىلغان مۇنداق دېلو ۋە تالاش-تارتىشلار نەچچە ئون قېتىمغا يەتكەن: مەلۇم رايوندىكى خەلق سوت مەھكىمىسىلا ئۆتكەن يىلدىن بېرى بۇ جەھەتتىكى ئەرز-شىكايەتتىن 7 – 8 نى بىر تەرەپ قىلغان، بۇلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئون نەچچە گېزىت-ژۇرنالغا بېرىپ تاقالغان.

بۇ دېلو ۋە تالاش-تارتىشلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بەزى ئىجادىيەتچىلەر يۇقىرا-

لارنىڭ نام، ئابروي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمىغان، ئەسىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەمىشە تەسۋىرلەنگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسىگە كىرىپ كېتىدىغان ماتېرىيال ۋە ئىشلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئېلان قىلغان ياكى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن. ئايرىم كىشىلەر ئەدەبىي ئاخباراتتا راست ئادەم، راست ئىشلار تەسۋىرلىنىشى كېرەك، دېگەن پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاتالمىش قىزىقارلىق بولۇشىنى قوغلىشىپ، ۋەقەلىكلەرنى خالىغانچە توقىغان، تەسەۋۋۇر قىلغان. نەتىجىدە جېدەل-ماجىرا قوزغىغان، ھەتتا بەزىلىرى جىنايى جاۋابكارغا ئايلىنىپ قالغان. بەزى ئاپتورلار سولاقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ۋەقەلىرى ياكى دېلولىرىنى تەسۋىرلىگەندە، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىسىم-فامىلىسىنى ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى ۋەقەلىكلەرنى توقۇپ چىقىرىپ، ئوغرىنى قورال كۆتۈرۈۋالغان بۇلاڭچى، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتنى قەستەن قاتىللىق قىلىش جىنايىتى قىلىپ يازغان، نەتىجىدە قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۇ دېلولار بىزگە يەنە شۇنىمۇ ئۇقتۇرىدۇكى، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە باشقا ئەدەبىي خاتىرە تىپىدىكى ئەسەرلەردە ھەمىشە رېئال تۇرمۇشتىكى بەزى زىددىيەتلەر تەسۋىرلەنگەچكە، ئۇلارنى يېزىش بىرقەدەر تەس. شۇڭا ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگۈچىلەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىنى چۈشىنىشى، ھۆرمەت قىلىشى، بەزى پرىنسىپسىز مەسىلىلەرگە مەھكەم يېپىشىۋالماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، ئەدەبىي ئاخباراتتا راست ئادەم، راست ئىشنى يېزىش ئاساسىدا تەسۋىرلىنىدىغان پېرسوناژ، ۋەقە ھەم مەنزىرە قاتارلىقلارغا ئەدەبىي تۈس بېرىپ، قويۇق ئۇسلۇپ بىلەن ئاساسىي تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشقا يول قويۇلىدۇ. ئەمما بەزى كىتابخانلار بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدۇ.

△ 1987-يىلى 27-سېنتەبىر كۈنى تايلاند يازغۇچىلار جەمئىيىتى پايتەخت باڭكوكتا يازغۇچىلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى قوغداش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا مىڭغا يېقىن قەلەمكەش تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىندا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سوۋاۋارادىرو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز بۇنداق يىغىننى بۇلتۇرمۇ ئاچقانىدۇق. بۇ يىل يەنە ئاچماي بولمىدى، چۈنكى يازغۇچىلارنىڭ ھوقۇقى يەنىلا دەخلى-تەرۇزغە ئۇچراۋاتىدۇ». ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە يازغۇچىلارنىڭ مېھنىتىنى ھۆرمەتلەشنى، يازغۇچىلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

تايلاند يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، ئاتاقلىق ئادۋوكات توكبەي توكبۇ: «ھازىر جەمئىيەتتە قانۇندىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ۋە نەشىر ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ھەرگىزمۇ ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىققا ياتمايدۇ، دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. شۇڭا يازغۇچىلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە نەشىر ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغە ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوت ئورگانلىرى بۇنى بەكمۇ يەڭگىل جىنايەت دەپ قاراپ، بۇ خىل قىلمىشلارغا زەربە بەرمەيۋاتىدۇ» دېدى. ئۇ يازغۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداپ، قانۇن بىلىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ۋە نەشىر ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەرگە خاتىمە بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئايال يازغۇچى، تەقرىزچى سۇپا ساۋادىرا ئاپتورنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كىنوغا، دىرامىغا ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بىر-

خىل ئەھۋال يازغۇچىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە نەشىر ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

△ 1987-يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قولتۇق رايونىدىكى كۇۋەيت، بەھرەيىن، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئومان ۋە قاتار قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يازغۇچىلار ۋەكىللىرى كۇۋەيتكە جەم بولۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دېڭىز قولتۇقى رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنى قارار قىلدى. ۋەكىللەر كېڭىشىش ئارقىلىق دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ ئەدەبىيات بايرىمىنى، شېئىرىيەت بايرىمىنى بەلگىلىدى.

ۋەكىللەر يەنە ھەمكارلىق روھىنى تەكىتلەپ، پائال تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۆزئارا زىيارەت قىلىشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ مەتبۇئات ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى تونۇشتۇرغان ئەسەرلەرنى نەشىر قىلىشنى ھەم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يىلدا بىر قېتىم كۆرگەزمە قىلىشنى قارار قىلدى.

△ فېدېراتىپ گېرمانىيىدە چىقىدىغان «فرانكفورت خەۋەرلىرى» نىڭ 1987-يىلى 6-دېكابىردىكى سانىدا دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ 1987-يىللىق ھېنرىخ ھېينى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا يازغۇچى مانفىلد يەندرىشكىنىڭ ئېرىشكەنلىكى خەۋەر قىلىنغان. يەندرىشىك 1943-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «مەشئەل ۋە ساقال» (1971)، «ياز ۋاندا بىلەن بىرگە» (1976) ۋە يېقىندىن نەشىر قىلىنغان «نيۇ-يورك بىلەن ھونولولۇ ئوتتۇرىسىدىكى ساياھەت خەتلىرى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

△ 1987-يىلى ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا ياپونىيىنىڭ پايتەختى توكيودا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات بويىچە خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا جۇڭگو، ئامېرىكا، كانادا، فرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، گوللاندىيە، ۋېنگرىيە، دانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق 18 مەملىكەتتىن 20 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا «جاھان ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدىكى ياپونىيە ئەدەبىياتى» ۋە «سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

△ ماراكەش يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد بىرادېر كۇۋەيتنىڭ «جامائەت پىكرى» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە: «ماراكەش مەدەنىيىتى مۇستەملىكە دەۋرىدە فرانسىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان. فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ماراكەش مەدەنىيىتىدىكى ئەرەب خۇسۇسىيەتلىرىنى سىقىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ماراكەش يازغۇچىلىرى ئەرەب شەرق مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مۇستەملىكىچىلەر مەدەنىيىتىدىكى ناچار تەرەپلەرنىڭ تەسىرىنى توسۇپ قالغان. ماراكەش مۇستەقىل بولغان ئون يىل ئىچىدە ئەرەب مەدەنىي-مائارىپىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورايدى. بىراق ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، فرانسىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ماراكەش ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە مۇنداق بىر خىل ئاكتىپ كۈچ، يەنى ئەرەب تىلى بىلەن فرانسۇز تىلىنى تەڭ ئىشلىتىپ ئەسەر يازىدىغان بىر تۈركۈم قوش تىللىق يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار قاتمال ئەنئەنىلەردىنمۇ ھەمدە غەرب مەدەنىيىتى تەسىرىدىنمۇ قۇتۇلغان يېڭى بىر مەدەنىيەت يارىتىشقا ئىنتىلمەكتە، بۇ يازغۇچىلار بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى ئالدىدا كۆزىمىز ئىمىر-چىمىر بولۇپ كەتمەسلىكى ھەم ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن

uyghurkitap.com



مۇقەددەس قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك دەپ قارايدۇ» دېدى.

ئۇ، فرانسۇز تىلىدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ماراكەش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىلا، ئۇنى ماراكەش ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەك، دېدى. ئۇ يەنە ياشلار غەربنىڭ بەزى يېڭى ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەقرىزچىلىكنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكتە دېدى.

△ فرانسىيە تەنقىدچىسى ۋە شائىرى كىرۋىند رووا «يېڭى كۆزەتكۈچىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى ئىيۇندىكى سانىدا «شېئىر فرانسۇز كىتابخانىلىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالدى» ناملىق بىر پارچە ماقالا ئېلان قىلىپ، فرانسۇز كىتابخانىلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان شېئىرىيەتكە قىزىقماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختالغان.

رووا بۇ خىل ھادىسىنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىدى:

بىرىنچى، باللار مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا كۆپىنچە شېئىرىيەتتىن قىلچە خەۋىرى يوق ئوقۇتقۇچىلار شېئىر ئۆگىتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسىغا ئەگىشىپ، شېئىرنى ئۆلۈك ھالدا ئوقۇيدۇ ياكى يادلايدۇ. دەرسلىككە تاللانغان شېئىرلار بەكمۇ ئاددىي بولغاچقا، باللارنىڭ باي تەسەۋۋۇر كۈچىنى ۋە شېئىرغا بولغان ھەۋىسىنى بوغۇپ قويىدۇ.

ئىككىنچى، ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلاردا شائىرغا خاس خاراكتېر ھەم شېئىرىي تالانت بولمىغانلىقتىن، شېئىرلارنى كەلسە - كەلمەس باھالايدۇ، ھەتتا شېئىرلارنى قۇرۇلما بەلگە شۇناسلىقى بويىچە تەھلىل قىلىدۇ. شېئىرنى سوغۇق ئوپېراتسىيە سۇپىسىغا قويۇپ خۇددى نائۇستا دوختۇر ئۆزى بىلگەن يەردە ئوپېراتسىيە قىلغىنىغا ئوخشاش، خالىغانچە پارچىلاپ، ئۇنىڭدىكى گۈزەل تۇيغۇلارنى يوقىتىدۇ.

ئۈچىنچى، نۇرغۇنلىغان شائىرلار يازغان شېئىرلار خۇددى ساماۋى كىتابلاردەك سىرلىق، چۈشىنىش بەكمۇ تەس. ئۇلار، ئۆزلىرى يازغاننى ئۆزلىرىلا كۆرەلەيدۇ. شۇڭا كىتابخانىلىرى ئاز.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئامىل بەزى ھەۋەسكارلارنىڭ، كىتابخانلارنىڭ شېئىرغا بولغان زوقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ساۋاتلىق ئادەملەر بۇ مەسىلىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەكتە.

رووانىڭ قارىشىچە، بەزى ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىككىلا ئېسىلىۋالىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ھەقىقىي قابىلىيەتلىك ۋە ئەمەلىي بىلىمى بار، شېئىرىي ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىشى ھەمدە مەشھۇر شائىرلارنى مەخسۇس دەرس ئۆتۈشكە ئۈندەپ، ئوقۇغۇچىلارنى شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت مۇھىتى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشالايدىغان قىلىشى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي شېئىر يېزىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئۇلارغا ھەقىقىي شېئىرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. كىشىلەر ھېلىقىدەك قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئادا - جۇدا بولغاندىلا، باللارنىڭ شېئىرغا بولغان ھەۋىسى كۈچىيىدۇ، شېئىردىن بەھىر ئېلىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۇلار شېئىر ئۆگىنىشنى ئارتۇقچە يۈك دەپ ھېسابلىمايلا قالماستىن، بەلكى شېئىردىن ئاجايىپ لەززەت ئالىدۇ، فرانسۇز شېئىرىيىتى ئاندىن پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ ۋە كۆپ كىتابخانىلىق بولالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

مۇكەرەم ئەبەيدۇللا

## ئويغىنىپ

مەرھابا — دىبدى سەھەرگە، تاڭدا چولپان ئويغىنىپ،
رىشتىنى تارتقاچ زىمىن، قىلماققا سەيلان ئويغىنىپ.
يەلپۈسە ئويناپ سابا، مەجنۇن - سۆگەتلەر بەرگىنى،
جىلۋە قىلدى بەسلىشىپ، شادلىقتا بوستان ئويغىنىپ.
چاچسا ئالتۇن جامىدىن زۇمرەت ھاۋا شەبنەم يىغىپ،
كۆكسىگە گۈللەر تاقاپ كۈلدى گۈلىستان ئويغىنىپ.
تۈن بويى گۈل ۋەسلىدە چەكتى پىغان تا تاڭغىچە،
قىلدى ئىزھار قەلبىنى، بۇلبۇل غەزەلخان ئويغىنىپ.
خۇشلىقىدىن قانغا رەڭداش باغرىنى چاك - چاك ئېتىپ،
غۇنچىنىڭ مەستان جامالى قىلدى جەۋلان ئويغىنىپ.
باشلىنىپ شاۋقۇن - سۈرەن قاينىاق ھاياتنىڭ نەغمىسى،
چىقتى ئالقىشلاپ قۇياش، يالقۇن - ھاياجان ئويغىنىپ.
مىھنىتىدىن گۈل سۈپەت بولغاچقا ئالەم سۆيگۈدە،
زوقلىنىپ باستى قەدەم، مەيدانغا ئىشچان ئويغىنىپ.

## سەھىندە

مىللىتىمنىڭ سەنئىتىن قىلدىڭ نامايان سەھنىدە،
ئەي گۈزەل ئۇيغۇر قىزى، سەن ماھى تابان سەھنىدە.
بولدى مەپتۇن ساڭا كۆپلەر سەرۋى بوي، نازۇك بەدەن،
يورغىلاپ كەكلىك مىسال، قىلغاندا جەۋلان سەھنىدە.
قاشلىرىڭ قارلىغاچ قاناتى، كۆزلىرىڭ چولپان بۇلاق،
لەۋلىرىڭدىن گۈل چېچىپ ئۇرغاندا خەندان سەھنىدە.
ئوت ياقار نازۇ كەرەشمەڭ جانغا نازۇك تۈيغۇدىن،
ئەقلىنى لال ئەيلىگەچ سۆيگۈدە ھەيران، سەھنىدە.
بىر كۆرۈپ ۋەسلىڭنى بەزمىدە تاماشا ئەيلىگەن،
يەتتە كۆرمەككە نىيەت باغلايدۇ ئارمان سەھنىدە.
جەزىم ئېتەر سەنئەت بېغىنىڭ خۇش پۇراق رەيھانى دەپ،
قايسى ئەل ئەھلى ئەگەر، بىر بولسا مېھمان سەھنىدە.
سەن گۈزەل، ئالەم گۈزەل، بەرگەچ ھوزۇر خىسلەت گۈزەل،
چۈنكى ئەجدادىڭ ئەزەل بولغاچقا سۇلتان سەھنىدە.

**تۇختىمۇھەممەت تۇردى**

## ئىككىمىز

تەڭ تۇغۇلدۇق، تەڭ كۈلۈپ ئۆستۇق چىمەندە ئىككىمىز،
تەڭلا بولدۇق ئەڭ گۈزەل ئارزۇغا بەندە ئىككىمىز.
قەلبىمىزنى باغلىدى ئەل - يۇرتقا بولغان ئىشتىياق،
بىللە كۈلدۇق، يىغلىدۇق شادلىقتا - غەمدە ئىككىمىز.
بولدى غەيرەتتۇ چىدام ئارزۇ ئېتىغا قامچىمىز،
قالمىدۇق ھېچ تەمتىرەپ ئۆتكەل دېگەندە ئىككىمىز.
تەڭ چىقاردۇق پەر - قانات سەنئەت بېغىدا قۇش بولۇپ،
ئەل - ۋەتەننى كۈيلىدۇق ئوتلۇق غەزەلدە ئىككىمىز.
كەل، ئىجاد، مېھنەت بىلەن ئەيلەيلى بىللە باغ بىنا،
گۈل - چېچەكلەر ئۈندۈرۈپ ھەربىر قەدەمدە ئىككىمىز!

## بىر گۈزەلگە

باغدىكى گۈل دەيمۇ ياكى تاغدىكى ئاھۇ كەبى،
قىلىقىڭ، جىلۋەڭ ھوشۇمنى قويمىدى جادۇ كەبى.
بىر كۆرۈپ قالدى تەپەككۇر ئىختىيارىم باغلىنىپ،
رام بولۇپ باققان ئەمەسدىم ھېچ گۈزەلگە بۇ كەبى.
ھەر مىنۇت باغىڭغا نەچچە قوندۇ پىكرىم قۇشى،
سېنى ئويلاشمۇ ماڭا، بىلسەڭ، ئۇلۇغ ئارزۇ كەبى...
ئارمىنىم بالقىيدۇ كۈندەك، مەنىلىك باقساڭ كۈلۈپ،
ھۇپ قىلىپ يۇتسام سېنى، دەيمەن، شۇ تاپتا سۇ كەبى.
رەم ئەمەس سۆيگۈ لېكىن، بىر جۈپ يۈرەكنىڭ بىرلىكى،
بولمىقىڭ مۇمكىنمىكىن، بۇلبۇل ئۈچۈن گۈلرۇ كەبى؟

## كاككۇكۇم

مەرھابا! كەلدىڭ بۇ يەرگە نەلەردە ئويناپ كاككۇكۇم،
سايرىدىڭ قايسى چىمەندە گۈللەرنى تويلاپ كاككۇكۇم! ؟
سايرىساڭ ئۆسمۈر چېغىمدا ئۇرغۇيتتى چەكسىز شادلىقىم،
بەزى دوراپمۇ قوياتتىم باغلارنى بويلاپ كاككۇكۇم.
چوڭ بولۇپ مۇڭ چۈشتى باشقا، ئاڭلىسام ھەر چاغ ئۈنۈڭ،
بۇ ئىشىق ھىجرانىدا دىلبەرنى ئويلاپ كاككۇكۇم.
يانىمەن ئوتتەك يېلىنجاپ، قەلبىمدە مۇڭ - زارىم تولا،
سەن ئۆزۈڭ بەرگىن ئارام كۆڭلۈمگە، سايراپ كاككۇكۇم!

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


مەمتىمىن هوشۇر ........ بۇ چۈش ئەمەس ........(ھېكايە)...... 3
ئەخمەت مۇساق ........ ساتىراشنىڭ قىزى ........(ھېكايە)...... 31
تۇرسۇنئاي يۇنۇس ........ ئىككى دانە تىللا ........(ھېكايە)...... 53
ئابدۇللا ئېلى ........ ئۈششۈگەن خەمەكلەر (پوۋېست)........ 70


## شېئىرلار


ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل ........ خىلۋەتتىكى كۆز ياشلار ........ 22
تۇرسۇن هاشىمى ........ گۈزەللىك نۇر بەرگەچ گۈزەل تىلەكلەر... 24
ئەزىم ناسىر ........ يېشىللىق ........ 25
غوپۇر رەخىم ........ دالا سۈرەتلىرى ........ 26
داۋۇتجان سەيدىن........ شېئىرلار ........ 27
ئابلىز ئوسمان ........ شۇ كېچە ........ 28
ئەنۋەر هاشىم ........ شېئىرلار ........ 28
تۇراپ ساۋۇت ........ ئىككى شېئىر ........ 29
موللا ھەسەن موللا غازى ........ تۇرمۇشتىن تۇغۇلغان شېئىرلار ........ 30
سادىقەتجان هاجى ........ شېئىرلار ........ 62
ئەرشىدىن راشىدىن ........ ئىككى غەزەل ........ 63
ئىبراھىم ئىمزاقى ........ سەن بىلەن ........ 64
يالقۇن ئۆمەر ........ ئىككى غەزەل ........ 65
ئىلھام روزى ........ ھەر كۈنى ........ 65
مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا ........ مەن — تاغ ........ 66
مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى ........ ئىككى شېئىر........ 66
غوجابدۇللا ناسىرى........ ئايلار تۇرسا ئاسماندا........ 67
ئوبۇل ئەزىزى ........ ئىككى شېئىر ........ 67
رىزۋانگۈل ھۈسىنى ........ سىڭىپ كەتتىم باھار قوينىغا ........ 68
مۇھەممەت ئۆمەر ........ قىز ۋە تۇپراق ........ 68

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


مۇھەممەت سەيدى مەتقاسىم ........ ياشانغىم ئىنتىلەر يېڭىلىقلارغا ........ 68
مۇقارىپ يەھيا ........ ئىككى شېئىر ........ 69
گۈلجامال ئۆمەر ........ ئانا ئارزۇسى ........ 69
مۇكەررەم ئەبەيدۇللا ........ ئىككى غەزەل ........ 157
توختىمۇھەممەت تۇردى ........ غەزەللەر ........ 158

تەرەم گۈللەر

مىجىت ئىلىپ ........ يانتاق چېچىكى (ھېكايە) ........ 116
گۈلباھار مەتىمىن ........ ئۈچ شېئىر ........ 120

سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

ئۆمەر مۇھەممەدى ........ شېئىرلار ........ 121
ھېزىم ئىسكەندىروۋ ........ شېئىرلار ........ 124
نۇر ئىسرائىلوۋ ........ شېئىرلار ........ 126

مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىسلاھاتى ۋە ئىسلاھات
ئەدەبىيات - سەنئىتى ........ 128

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


«بىر ئەسىر تەنھالىق» رومانىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى توغرىسىدا ........ 142


مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن

پۇشكىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ........ 150


ئەدەبىي دايات ۋە ئۇچۇرلار







«قارامايلىقلار» فوتوسۈرەت
كۆرگەزمىسىدىن تاللانمىلار




《塔里木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIM AMONTHLY LITERATURE INUIGHURLANGUAGE JOURNAL

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各地邮局所

1988 ـ يىل 7 ـ سان (329 ـ سان) . 38 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورو . تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ ، مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى : جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 ـ خەت ساندۇقى) .
O. P. BOX782 BEIJING. CHINA

国内统一刊号：CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：1.00元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 باسما تاۋاق : 10 . باھاسى : 1 يۈەن .